ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

## قوش ئايلىق ژۇرنىلى

22-يىل نەشرى

ئومۇمىي 78-سان

2001

باش مۇھەررىر:    **ئابلەت ئىمىن**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:    **پەرىدە ئىمىن**
مۇھەررىر:    **ئەزىز تۇردى**

www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

## 2001 ـ يىللىق 3 ـ سان

## مۇندەرىجە

### ئۇيغۇر كلاسسك ئەدەبياتىدىن


«ئىسكەندەرنامە»دىن ........................... مەۋلانا مەنۇچېھرە ھەكىم (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئىمىن

ئەدەب ـ ئەخلاق توغرىسىدا ........................... ئەلىشىر نەۋائى (27)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نېمەتۇللا ئەبەيدۇللا


### ئۇيغۇر كلاسسك جانىرە ئەدەبياتىدىن


تارىخى رەشىدىي ........................... مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (31)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت


### تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى


بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ........................... ھېرمان ۋامبېرى (41)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇۋاھاپ قادىر


### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر


«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» ھەققىدە ........................... نەتەن مەللەيېۋ (52)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئابدۇللا مۇھەممەد

چاغاتاي ئەدەبىياتى ........................... ك . م . فۇئاد (70)

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

## شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

فوتوۋۋەتنامەئى سۇلتانى ......................... مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشفى (82)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: ئەنۋەر تۇردى

## مەشھۇر شەخسلەر

مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ۋە «تارىخى رەشىدىي» ...... پەخرىدىن ئىمىن (91)

«غەرىبى» تەخەللۇسلۇق شائىرلار ......................... غەيرەتجان ئوسمان (95)

## فولكلور تەتقىقاتى

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم......................
......... ............................................... دىلمىرە ئۆمەر (103)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

سودىگەرنىڭ ئوغلى (چۆچەك) ....................................... (106)

رەتلىگۈچى: ئابدۇغېنى سېيت

* *

خەتتات: نىياز كېرىم شەرقى

نەققاش: تۇردى قادىر نازىرى

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: مۇراددىل ئابىد

* *

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: ئەخمەتشا قارىقاشنىڭ پورترېتى (رەسسام: يۇسۇپجان).

مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، تۆتىنچى بەتلىرىدە: «ئىسكەندەرنامە» ناملىق قوليازمىدىن ئېلىنغان سۈرەتلەر.

مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتىدە: بەدىئىي سۈرەتلەر، جېلىل مۇھەممەد فوتوسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «ئىسكەندەرنامە»دىن[①]

مەۋلانا مەنۇچېھرە ھەكىم

مۇھەممەد ئابدۇللا ئىبنى مۇھەممەد تۆمۈر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەردە ئىمىن

## قەيسەرنىڭ زالىم شەددادنى گەردۇسىيەگە ئەۋەتكەنلىكى، ئىسكەندەرنىڭ گەردۇسىيەدە شەددادنىڭ قولىغا چۈشكەنلىكى، شەددادنىڭ ئىسكەندەرنى قەيسەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارغانلىقى، فەتنەنىڭ قەيسەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئىسكەندەرگە ئىجاتلىق بەرگەنلىكىنىڭ بايانى

رىۋايەت قىلغۇچىلار سۆز ئۈنچىلىرىنى مۇنداق تىزىپتۇ:

قەيسەر رۇم «فەيلەقۇسنىڭ خەزىنىسى گەردۇس شاھنىڭ يېنىدا ئىمىش ...» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ قالدى. ئۇنىڭ شەدداد ئىسىملىك بىر سەردارى بار بولۇپ، ئاجايىپ غەيرەت ـ شىجائەتلىك ئادەم ئىدى. قەيسەر ئۇنى ئالدىغا چاقىردى ۋە:

— گەردۇسىيەگە بېرىپ، فەيلەقۇسنىڭ خەزىنىسىنى گەردۇس شاھنىڭ قولىدىن ئېلىپ كەلگىن. ئەگەر گەردۇس شاھ پەرمانغا بويسۇنمىسا، شەھەرنى خارابىلىققا ئايلاندۇرۇپ، گەردۇس شاھنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگەيسەن! — دەپ پەرمان قىلدى. ئاندىن شەددادقا نۇرغۇن لەشكەرنى قوشۇپ بەردى. شەدداد قەيسەرنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن گەردۇسىيەگە قاراپ يولغا چىقتى.

بۇ خەۋەر گەردۇس شاھنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن ئاھ ئۇردى ۋە سىپىل ـ قەلئەلەرنى قايتىدىن پۇختىلاپ ياسىدى. بۇ چاغدا ئىسكەندەر ئەتراپقا نەزەر سېلىپ بېقىش ئۈچۈن شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقتى. ئۇ گەردۇس شاھ ھەرقانچە توسسىمۇ ئۇنىماي، شەددادنىڭ قارشىسىغا كېلىپ سەپ تۈزدى ۋە ئۆزى مەيدانغا چۈشۈپ نەرە تارتىپ ۋارقىرىدى. شەدداد سورىدى:

— سەن كىم بولىسەن؟ نېمانداق تاقەتسىزلىنىسەن؟

— ئاڭلىغىن، مېنى ئەمىر كەبىر كىشۋەرگەر (مەملىكەتلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئەمىرى) دەپ ئاتايدۇ، — دەپ جاۋاب بەردى ئىسكەندەر.

— سېنىڭ مەيدانغا چۈشۈشۈڭ مۇۋاپىق ئەمەس. سەن تېخى كىچىك ئىكەنسەن. مەن سېنى قەيسەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام، سەن ئۇنىڭ ئولتۇرۇشلىرىدا ساقىيلىق قىلساڭ بولغۇدەك، — دېدى شەدداد.

---

① بىشى 1997 ـ يىللىق 4 ـساندا.

بۇ سۆز ئىسكەندەرگە ئېغىر كەلدى.

— ئەي ناپاك، — دېدى ئىسكەندەر، — قەيسەردەك ئادەملەر مېنىڭ ئالدىمدا خىزمەت قىلىشنى خالىشىدۇ.

بۇ سۆزلەردىن كېيىن شەدداد نەيزىسىنى تەڭلىدى، ھەر ئىككىلىسى نەيزىۋازلىققا چۈشتى. ئىسكەندەر شەددادنىڭ ئوتتۇز قېتىم ئۇرغان نەيزىسىنىڭ ھەممىسىنى قايتۇردى. شەدداد غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولدى. بەدىنىدىن ئاققان تەر توختىماي يەرگە تاماتتى. ئىسكەندەر نەيزىسى بىلەن شەددادنىڭ بىلىكىگە ئۇرۇۋىدى، شەددادنىڭ قولىدىكى شەمشەر يەرگە چۈشۈپ كەتتى. شەدداد دەرھال ئىسكەندەرنىڭ ياقىسىغا ئېسىلدى. ئۇلار كۈن چۈش بولغۇچە قاتتىق ئېلىشتى. ئاخىر ئىسكەندەر شەددادنى يەردىن دەس كۆتۈردى ۋە ئۇنى يەرگە ئۇرماقچى بولدى. بۇ چاغدا شەدداد ئىسكەندەرنىڭ بىلىكىنى ئاستا چىمدىدى. ئىسكەندەر شەددادنى ئاۋايلاپ يەرگە قويدى. ھارامزادە مەككار شەدداد ئىسكەندەرنىڭ قولىدىن يېتىلەپ، ئۆز بارگاھىغا ئېلىپ كىردى.

— ئەي شەھرىيار، بۈگۈن ئاخشام بۇ يەردە بولسىڭىز، ئەتە بارلىق سىپاھنى باشلاپ قەيسەرگە قارشى ئاتلانساق قانداق؟ — دېدى شەدداد.

ئىسكەندەر ماقۇل بولدى. ئۇ يەنە مېھتەرى نەئىمگە:

— گەردۇس شاھقا ئېيتىپ قويغىن. بۈگۈن كېچە شەددادنىڭكىدە مېھمان بولىمەن، سىلەر تەييارلىنىپ تۇرۇڭلار، — دېدى.

شۇنداق قىلىپ زىياپەت باشلاندى. ئىسكەندەر كەلتۈرۈلگەن غىزا - تائاملاردىن بىر نەچچە لوقما يېگەن بولدى - دە، ھوشىدىن كەتتى. شەددادنىڭ ئادەملىرى دەرھال ئۇنىڭ پۇت - قولىنى باغلاپ ساندۇققا سالدى. ئەگەر بىرەر كىشى ئىسكەندەرنى قۇتقۇزماقچى بولسىمۇ ئۇنى تاپالمىسۇن، دەپ ئىسكەندەرنى سالغان ساندۇققا ئوخشاش قىرىق ساندۇق تەييارلاپ، ھەممىسىنى تۆگىلەرگە ئارتتى. شۇ كېچىدىلا بارلىق چېدىر - بارگاھلارنى بۇزۇپ، رۇمغا قاراپ يولغا چىقتى.

نازۇكئەندام بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن تولا يىغلاپ ناھايىتى بىئارام بولدى. فەتىنە نازۇكئەندامغا تەسەللى بېرىپ:

— ئەي نازىنىن، مەن بېرىپ ئىسكەندەرنى قۇتقۇزىمەن، — دېدى. نازۇكئەندام:

— ئەگەر سەن ئىسكەندەرنى قۇتقۇزىدىغانلا بولساڭ، مەن سېنى ئاسمان - پەلەككە كۆتۈرۈپ، ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلەرگە ئىگە قىلىمەن، — دېدى.

فەتىنە ئەييارلىق كىيىملىرىنى كىيىپ، دەرھال يولغا چىقتى. ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەيلا شەددادنىڭ ئارقىسىدىن يېتىشىۋالدى. ئۇلار بىر مەنزىلگە چۈشكۈن قىلغان ئىكەن. فەتىنە كەنتكە كىرىپ بىر تورسۇق (تولۇم) شاراب سېتىۋالدى ۋە ئۇنىڭغا بىھوش قىلىدىغان دورىنى سالدى. يېرىم كېچە بولغاندا ئاندىن شەددادنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ساندۇقلارنى قويغان چېدىرنىڭ ئىشىكىگە يېقىن كەلدى. ئىشىك باققۇچىلار ياشقىنا بىر ئوغۇل بالىنىڭ بىر تۇلۇم شارابنى كۆتۈرۈۋالغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى سورىدى.

— شاراب ساتىمەن، مېنىڭ ئاتام شاراب چىقىرىدۇ. ئاتام بۇ تولۇمدىكى شارابنى سېتىپ كەل، دەپ مېنى چىقاردى، — دېدى فەتىنە. ئۇلار:

— بىز سېتىۋالايلى، — دېيىشىپ، شارابنىڭ پۇلىنى بەردى ۋە:

— بىر دەم ساقلاپ تۇرغىن، تولۇمنى بوشىتىپ بېرەيلى، — دېدى.

فەتىنە تەڭرىتائالادىن ياخشىلىق تىلەپ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇردى. يۈزگە يېقىن كۆزەتچى تولۇمدىكى شارابنى ئىچىپ، ھەممىسى بىھوش بولدى. فەتىنە چېدىرنىڭ ئاستىنى كۆتۈرۈپ چېدىرغا كىردى. ئۇ قاتار تىزىلغان قىرىق ساندۇقنى كۆردى. بىر ساندۇقنىڭ ئاغزىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاچتى، ئىچىدە ھېچنېمە يوق ئىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوتتۇز يەتتە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى ...

شەدداد ھارامزادە بۇ چاغدا كۆزەتچىلەرنىڭ قانداق كۆزەت قىلىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرۈپ كۆرمەكچى بولۇپ، ئۆيدىن چىقتى. قارىسا كۆزەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مەست ـ ئەلەس بولۇپ، بىھوش ياتاتتى. ئۇ يەنە چېدىرنىڭ ئىچىدىكى چىراغنىڭ يورۇقىدا بىر ئەييارنىڭ ئۆيىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نېمىلەر قىلىپ تۇرغانلىقىنى ئېنىق كۆردى. دەل شۇ ۋاقىتتا فەتتىنەنىڭ كۆزى شەددادقا چۈشتى ۋە دەرھال قاچماقچى بولدى. شەدداد ئۇنىڭغا قارىتىپ سالما تاشلىدى. فەتتىنە سالمىغا ئىلىندى ـ دە، يىقىلدى. شەدداد ئۇنىڭ قول ـ پۇتلىرىنى چەمبەرچەس باغلاپ مۇلازىملىرىغا تاپشۇردى ـ دە:

— بۇ يىگىتنى بىللە ئېلىۋالايلى، ساقىيلىق قىلىشقا لايىق ئىكەن، — دېدى.

تۇيۇقسىز مېھتەرى نەئىم خوتۇننى مۇلازىملارنىڭ باغلاپ ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ دەرھال خەنجىرىنى قولىغا ئېلىپ شەددادنىڭ مۇلازىملىرىغا قاراپ يۈگۈردى. مۇلازىملارمۇ خەنجەرلىرىنى كۆتۈرۈپ نەئىمگە ئېتىلدى. مېھتەرى نەئىم ئۇلارغا پۇرسەت بەرمەي چاققانلىق بىلەن بىر قانچىسىنىڭ قارنىنى يېرىۋەتتى. ئاندىن فەتتىنەنىڭ بويىنىدىكى سىرتماقنى كەستى. پۇت ـ قوللىرىنى يەشتى. ئىككىيلەن دەرھال يولغا راۋان بولدى. مېھتەرى نەئىم فەتتىنەگە قاراپ:

— ئەگەر يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق قىلىدىغان بولساڭ، بېشىڭنى تېنىڭدىن جۇدا قىلىمەن. ئەگەر مەن كېلىپ قالمىغان بولسام، كاپىرلار بىلەن قانداق قىلار ئىدىڭ؟ — دەپ كايىدى.

— مەن ئىسكەندەرنى قۇتقۇزىمەن، دەپ نازۇكئەندام بىلەن شەرتلەشكەنىدىم، — دېدى فەتتىنە، — بىلىپ قويغىنكى، تاكى ئىسكەندەرنى قۇتقۇزۇپ چىقمىغۇچە بۇ ئىشتىن قول ئۈزمەيمەن.

— ئەي مەزلۇمە، مەردانە بولغىن، — دېدى مېھتەرى نەئىم، — ئۇنداق بولسا مەن ئەمىرخانىنىڭ سىپاھلىرىنى باشلاپ كېلەي. قەيسەر يەنە ئىسكەندەرگە زەرەر يەتكۈزۈپ قويمىسۇن.

نەئىم سۆزىنى تۈگىتىپلا مىسىر تەرەپكە قاراپ يولغا چۈشتى.

تاڭ ئاتتى. شەدداد ئىسكەندەرنى ئېلىپ رۇمغا قاراپ راۋان بولدى. رۇمغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئىسكەندەرنى قەيسەرنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ باردى. قەيسەر ئىسكەندەرنى زىندانغا سالدى. بۇ زىنداننى قەيسەر ئۆزى ۋە بىر كېنىزەكتىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى.

بىر كۈنى رەبىئەنىڭ خوتۇنى فەتتىنە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى ۋە ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى. فەتتىنە ئۆزى توغرۇلۇق ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. رەبىئەنىڭ خوتۇنى فەتتىنەنى ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ باردى. فەتتىنە ئىسكەندەرنىڭ ئانىسىنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى.

— نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دەپ سورىدى فەتتىنە ئۇنىڭدىن.

— قەيسەر ئىسكەندەرنى زىندانغا تاشلاپتۇ. ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتمىگىدى، دەپ قورقىمەن، — دېدى ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى.

— كۆڭلىڭىزنى خۇشال تۇتۇڭ، — دېدى فەتتىنە، — ئەگەر ئىسكەندەرنى قۇتۇلدۇرالمىسام ئەييار بولماي كېتەي.

بۇ چاغدا قەيسەرنىڭ دەللالى مەريەم جاۋاھىرپۇرۇش كىرىپ كەلدى. مەريەم دەللال ھەمىشە ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ قەيسەر ئۈچۈن جاۋاھىر ئىزدىگەن بولۇۋالاتتى. ئەسلىدە قەيەردە ساھىبجامال ئايال بولسا ئۇنى قەيسەرگە تاپاتتى. مەريەمنىڭ كۆزى فەتتىنىگە چۈشتى. ئىسكەندەرنىڭ ئانىسى بولسا رەبىئەنىڭ خوتۇنىدىن ئىسكەندەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراۋاتاتتى.

— ئۇنى زىنداندا دەپ ئاڭلىدىم. لېكىن، ئۇ زىنداننىڭ قايسى جايدا ئىكەنلىكىنى هېچكىم بىلمەيدىكەن، — دېدى رەبئىنىڭ خوتۇنى. ئاندىن ئۇ مەريەمنىڭ قولىغا سۆيۈپ تۇرۇپ:

— ئەي مەريەم، سەن فەيلەقۇسنىڭ تۇزىنى كۆپ يېگەن، ئىسكەندەرنى زىنداندىن قۇتقۇزۇشنىڭ ئامالىنى ئۆزۈڭ قىلغىن، — دېدى. مەريەم دېدىكى:

— خۇداغا قەسەم قىلايكى، ئىسكەندەرنى قەيەردە قاماپ قويغانلىقىنى زادى بىلمەيمەن. قانداقمۇ ئامال قىلالايمەن؟

— مېنى قەيسەرنىڭ ئوردىسىغا ئېلىپ بېرىشىڭنى ئۆتۈنىمەن، — دېدى فەتىنە يېلىنىپ تۇرۇپ.

— مەن سېنى قەيسەرنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ باراي، — دېدى مەريەم، — قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ ئامال تېپىپ بىر تەرەپ قىلارسەن.

فەتىنە ئۇنىڭ سۆزىگە ماقۇل بولدى. مەريەم قەيسەرنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىززەت - هۆرمەت بىلەن ئۇنىڭغا تەزىم قىلدى.

— بۈگۈن كەيپىم ناهايىتى ياخشى. چۈنكى دۈشمىنىم مېنىڭ قولۇمدا، زىندانغا چۈشتى، — دېدى قەيسەر. مەريەم:

— مەن بىر گۈزەل ئايالنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپتىم. لېكىن ئۇ ئايال سىزگە ياقامدۇ - يوق؟ بىلمەيمەن، ئۇلۇغ خاقانىمىز ئۆزى بىر نېمە دېگەي، — دېدى ۋە ئۇنى شۇنچىلىك ماختىدىكى، قەيسەر ئۇ ئايالنى كۆرمەي تۇرۇپلا ئىشقىدىن خۇدىنى يوقاتتى.

— ئەي مەريەم، دەرهال بېرىپ ئۇنى ئېلىپ كەلگىن، — دېدى قەيسەر.

مەريەم فەتىنەنى چىرايلىق ياساندۇرۇپ ئاپىرىپ قەيسەرگە كۆرسەتتى. قەيسەر ئۇنى كۆرۈپ ئىختىيارى قولىدىن كەتتى. فەتىنەمۇ ناز - كەرەشمىنى شۇنچىلىك ۋايىغا يەتكۈزدىكى، قەيسەر ئېسىنى يوقىتىپ قويدى. قەيسەر ئۆيىنى خىلۋەت قىلىپ، يېنىغا فەتىنەنى ئولتۇرغۇزدى. مەريەم چىقىپ كەتتى. قەيسەر كېنىزەكلەرگە جاكارلىدى:

— شۇنداق مەيلەرنى كەلتۈرۈڭلاركى، ئارىمىزدىن هايا كۆتۈرۈلۈپ كەتسۇن! — ئۇ يەنە فەتىنەگە قاراپ، — ئەي نازىنىن، ماڭا ئۆز قولۇڭ بىلەن جام تۇتقىن.

فەتىنە ئورنىدىن تۇرۇپ كەينى - كەينىدىن بىر نەچچە جام مەينى قەيسەرگە تۇتتى. بۇ مەيلەرنىڭ هەممىسىگە بىهوش قىلىدىغان دورا قوشۇلغانىدى. مەينى ئىچكەندىن كېيىن قەيسەر بىهوش بولدى. فەتىنە دەرهال خەنجىرىنى چىقىرىپ قەيسەرنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلدى. ئاندىن ئۇ كېنىزەكنى چاقىردى. كېنىزەك قەيسەرنىڭ بېشى كېسىلگەنلىكىنى كۆرۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپ قاچتى. فەتىنە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بېرىپ تۇتۇۋېلىپ، خەنجەرنى كۆكرىكىگە تەڭلىدى ۋە گېلىنى سىقىپ تۇرۇپ:

— ئەگەر ئاۋازىڭنى چىقىرىدىغان بولساڭ ئۆلتۈرۈۋېتىمەن، ئىسكەندەرنى قامىغان زىندان قەيەردە؟ راستىنى ئېيتىپ بەرسەڭ سېنى قويۇپ بېرىمەن، — دېدى. كېنىزەك:

— يۈر، مەن بىلەن ماڭغىن. مەن سېنى باشلاپ باراي، — دېدى. فەتىنە ئورنىدىن قوزغالدى. كېنىزەك:

— تەختنى ئورنىدىن يۆتكەپ، بىساتلارنى يىغىۋېتەيلى، — دېدى. شۇندىن كېيىن كېنىزەك قوينىدىن ئاچقۇچنى چىقىرىپ ئىشىكنى ئاچتى. فەتىنە ئۆز هۈنىرى بىلەن شامنى ياندۇردى. ئاندىن ئۇلار چوڭقۇر زىندانغا قارا مېڭىشتى. ئىسكەندەر تۇيۇقسىز پەيدا بولغان يورۇقلۇقنى كۆرۈپ ئىچ - ئىچىدىن ئاھ ئۇردى. ئۇ: «مۇشۇ چاغدا بۇلارنىڭ بۇ زىندانغا كەلگەنلىكى ئۆلۈمنىڭ بېشارىتى ...» دېگەنلەرنى ئويلاپ، جېنىدىن ئۈمىدىنى ئۈزدى. فەتىنە كېنىزەكنى ئالدىغا سېلىپ زىنداننىڭ ئەڭ ئاستىنقى پەلەمپەيگە چۈشتى - دە، كېنىزەككە خەنجەر ئۇردى. بۇنى كۆرگەن ئىسكەندەر ئېسىنى يىغىپ، ئالدىدا تۇرغان بىر نازىنىن

سەنەمنى كۆردى ۋە ئۇنىڭ فەتتىنە ئىكەنلىكىنى تونۇدى.

— ئەي فەتتىنە، — دېدى ئىسكەندەر، — سېنىڭ بۇ ئىشنى قىلغانلىقىڭغا يۈز مىڭ ئاپىرىن!

فەتتىنە ئىسكەندەرنى زەنجىر - كىشەنلەردىن ئازاد قىلدى. ئىسكەندەر زىنداندىن چىققاندىن كېيىن قەيسەرنىڭ كالليسىنى ئالتۇن تەشتەككە سېلىپ ئۈستىگە يوپۇق ياپتى. تاڭ ئاتتى. ئەمىر ئىسكەندەر فەتتىنەگە:

— ئەبۇلقاسىم جەۋاھىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇنىڭغا قەيسەر سېنى ئون ئىككى مىڭ غۇلامنى تەييار قىلىپ دەرھال ئالدىمغا كەلسۇن، دەيدۇ دېگەن، — دېدى. فەتتىنە بۇ خەۋەرنى ئەبۇلقاسىمغا يەتكۈزدى. ئەبۇلقاسىم: «بۇ كۈنلەردە قەيسەر مېنى ياقتۇرمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئەجەبا ...» دەپ ھەيران بولدى. ئۇ غۇلاملىرىغا لىباسلارنى كەيدۈرۈپ بارگاھقا كېلىپ، بىر يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇردى. ئۇلۇغلار بولسا تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىۋاتاتتى. ئىسكەندەر بولسا يۈزىگە نىقاب تارتىپ تەختتە ئولتۇراتتى. قەيسەرنىڭ بېشى سېلىنغان تەشتەك ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇلغانىدى. ئەبۇلقاسىم غۇلاملىرى بىلەن شەمشەرلىرىنى تۇتۇپ تەييار بولۇپ تۇرۇشاتتى. ئىسكەندەر ئەبۇلقاسىم جاۋاھىرپۇرۇشقا قاراپ:

— مەن تەختتە ئولتۇرغىلى شۇنچە ئۇزۇن بولدى، نېمە ئۈچۈن ئالدىمغا كېلىپ باقمىدىڭ؟ — دېدى.

— مېنى ئىسكەندەرنىڭ چاكىرى دەپ بىلدىڭىز، — دېدى ئەبۇلقاسىم.

— يېقىنراق كەلگىن، — دېدى ئىسكەندەر. ئەبۇلقاسىم ئىسكەندەرگە يېقىنلاشتى. ئىسكەندەر يۈزىدىكى نىقابنى ئاستا ئېچىپ ئۆزىنى ئەبۇلقاسىمغا كۆرسەتتى. ئەبۇلقاسىم ئىسكەندەرگە قاراپ:

— ئاپىرىن ساڭا ئەي شەھرىيار، — دېدى. ئاندىن ئەمىر ئىسكەندەر نىقابنى يۈزىگە تاشلاپ ئۇلۇغلارغا قاراپ:

— ئەي قوۋم، رۇمنىڭ پادىشاھلىقى ئەسلىدە كىمدە ئىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇلاردىن.

— قەيسەرگە، ئاندىن كېيىن فەيلەقۇسقا يەتتى. فەيلەقۇسدىن كېيىن سىز قەيسەرگە يەتتى، — دېيىشتى ئۇلار. ئىسكەندەر:

— قەيسەرنىڭ شاھ بولۇشىنى خالامسىلەر، — دەپ سورىدى.

— بىزنىڭ ئۇنداق - مۇنداق دېيىشكە نېمە ھەددىمىز بولسۇن، — دېيىشتى ئۇلار.

ئىسكەندەر يەنە:

— فەيلەقۇسدىن كېيىن پادىشاھلىق كىمگە يېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى. ئۇلار ھەممىسى:

— ئىسكەندەرگە، — دەپ جاۋاب بېرىشتى.

— دېمەك، ئىسكەندەر قەيسەرنىڭ① جېنىنى غەزەپ بىلەن ئالدى، — دېدى ئىسكەندەر ۋە يۈزىدىكى نىقابىنى كۆتۈردى. تەشتەك ئۈستىگە يېپىلغان يوپۇقنىمۇ ئېلىپ تاشلىدى. ئۇ قەيسەرنىڭ بېشىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— مەن ئىسكەندەر بولىمەن. بۇ بولسا قەيسەرنىڭ بېشىدۇر. ئەمدى ھەممە ئىش ئۆز جايىغا چۈشتى، — دېدى. ھەممەيلەن:

— ئەي شەھرىيار، بىزلەر سېنىڭ قۇللىرىڭنىڭ ئىتىغا چاكاردۇرمىز، — دېيىشتى. ئىسكەندەرنىڭ ئەمرى بىلەن ناغرا - سۇنايلار شادىيانىغا چېلىندى. ئەمىر تەختتە

① قولىيازمىدا بۇ ئىككى ئىسىم ئالمىشىپ قالغان. يەنى «قەيسەر ئىسكەندەرنىڭ جېنىنى ...» دەپ يېزىلغان. مەنە ئېتىبارى بىلەن تۈزىتىلدى.

uyghurkitap.com

بەرقارار بولۇپ ئولتۇردى. خۇتبە ئىسكەندەرنىڭ نامىغا ئوقۇلدى. ئىسكەندەرنىڭ ئەمرى بىلەن شەددادنى ئېلىپ كېلىشتى.

— ئەي هارامدىن بولغان، مەن سېنى نېمە قىلاي؟ — دېدى ئىسكەندەر ئۇنىڭغا قاراپ. شەدداد:

— مەن سېنىڭ ئىتىڭنىڭ چاكارلىرىدىنمەن، — دەپ يالۋۇرۇپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتتى. ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن ئەمىر ئۇنىڭغا باشقا گەپ قىلمىدى.

دەل شۇ چاغدا مىهتەرى نەئىم ئەمىر خاننى سىپاهلىرى بىلەن بىللە باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەر شاهلىق تەختىدە ئولتۇراتتى. ئەمىرخان قەسىرگە كىرىپلا يەرنى سۆيۈپ شۇكرىلەر ئېيتتى. ئەمىر ئىسكەندەر بۇنىڭدىن تولىمۇ سۆيۈندى. ئەبۇلقاسىم جاۋاهىرپۇرۇشنى ئۆزىگە نازىر قىلدى. ئانىسىنى رەبىئە ئۇشتىگەرنىڭ ئۆيىدىن ئەپكېلىپ هەرەمخانىغا ئورۇنلاشتۇردى. رەبىئەگە يېڭىدىن مەنسەپ بەردى. رۇم ئەهلىنىڭ هەممىسى ئۇنىڭ پەرمانلىرىغا باش قويدى. فەتتانە رۇمدىكى بارلىق ئىشلارنىڭ مۇقىملاشقانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن گەردۇسىيەگە قاراپ يولغا چىقتى.

## گەردۇس شاهنىڭ سەئىد خەتەركوهىنىڭ قولىدا ئۆلگەنلىكى، ئەمىر ساهىبقىراننىڭ خەتەركوهىنىڭ ئارقىسىدىن پەرەڭ تەرەپكە قاراپ ماڭغانلىقى

راۋىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇكى:

قەيسەرنىڭ هاممىسىنىڭ بىر ئوغلى بار ئىدى. ئۇنى خەتەركوهى دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ قەيسەرنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئون ئىككى مىڭ لەشكەرنى باشلاپ گەردۇسىيە شەهىرىگە قاراپ ئاتلاندى. شەهەرگە يېقىنلاشقاندا ئۇ گەردۇس شاهقا خەۋەرچى ئەۋەتتى. «سەئىد سىپاهلىرى بىلەن كېلىۋاتقۇدەك» دېگەن خەۋەرنى ئىشتىپ، گەردۇس شاه سىپىللارنى پۇختىلىدى. ئۆزى سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئۈستىدىكى پەشتاققا چىقىپ قاراپ تۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي سەئىد يېتىپ كەلدى. ئۇ:

— ئەي گەردۇس شاه، ئەمدى قەيسەرنىڭ خۇنىنى تەلەپ قىلىدىغان چاغ كەلدى. دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى پەشتاقتا سېنى دارغا ئاسىمەن. سېنىڭ قىزىڭ ئىسكەندەرنىڭ هەرىمىدىدۇر. مەن ئۇنى ئەسىرگە ئالىمەن، — دەپ چۇقان سالدى.

— ئەي هارامزادە، قولۇڭدىن قانچىلىك كەلسە، شۇنچىلىك قىلمامسەن قېنى، — دېدى گەردۇس شاهمۇ، ئۇ دەرهال فەتتانەنى چاقىرتىپ تېزدىن ئىسكەندەرگە خەۋەر قىلىشقا ماڭغۇزدى. فەتتانەنىڭ كەينىدىن يەنە بىر خەۋەرچىنىمۇ يولغا سالدى. فەتتانە ئىسكەندەرنىڭ قېشىغا بېرىپلا يۈز بەرگەن ئىشلارنى قىسقىچە مەلۇم قىلدى.

بۇ چاغدا سەئىد خەتەركوهى قەلئەگە هۇجۇم باشلىغان بولۇپ، ئوقلار يامغۇردەك يېغىشقا باشلىدى. نۇرغۇن ئادەملەر هالاك بولدى. غەزەپلەنگەن سەئىد خەندەكتىن سەكرەپ ئۆتۈپ ئۆزىنى پەشتاققا ئۇردى. قەلئەنىڭ بىر بۇرجىكى ئۆرۈلۈپ چۈشتى. لەشكەرلەر كۆۋرۈكنى خەندەكنىڭ ئۈستىگە قويۇپ خەندەكتىن ئۆتۈپ شەهەرگە باستۇرۇپ كىردى. سەئىد دەرهال گەردۇس شاهنى تۇتۇپ، بۇ بىچارىنى سېپىل دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا دارغا ئاستى.

«سەئىد خەتەركوهى هەرەم تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ» دېگەن خەۋەر نازۇكئەندامغا ئاڭلاندى. ئۇ ناهايىتى كۈچلۈك زەهەردىن بىر مىسقالنى جامغا سالدى ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ:

— ئەي يارانلار، ئىسكەندەرگە مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭلار. ئېيتىڭلاركى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

دىيدار قىيامەتكە قالدى ... — دېدى ــ دە، جامدىكى زەھەرنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. شۇئان جان تەسلىم قىلدى. سەئد ھەرەمگە كىردى. لېكىن ئىسكەندەرنىڭ كېلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، جاۋاھىرلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىپلا چىقىپ كەتتى. فەتتىنە بىلەن يەنە بىر خەۋەرچى يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئىسكەندەرگە خەۋەر قىلدى. ئۇ نازۇكئەندامنىڭ زەھەر ئىچىپ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، يۈرەكلىرى ئېزىلىپ كەتكۇدەك ئاھ ئۇردى. گەردۇش شاھقا ئېچىنىپ يىغان ــ ناللەر قىلدى. بارگاھتىن چىقىپ شەددادنىڭ قېشىغا كەلدى.

شەدداد دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق بەجا كەلتۈردى ۋە ئىسكەندەرگە:

— ئەي شەھرىيار، ماڭا ئىجازەت بەرسىڭىز، مەن بېرىپ يا سەئدنىڭ بېشىنى ئېلىپ كېلەي ياكى ئۆزىنى ئەپكېلەي، — دېدى. ئەمىر ئۇنىڭغا رۇخسەت بەردى. ئابدۇللا مۇبارەكمۇ ئەمىردىن ئىجازەت ئېلىپ، ئون ئىككى مىڭ ئادەمنى ئېلىپ ماڭدى. خۇسرەۋخان مەۋسىلىمۇ ئەمىرنىڭ ئىجازىتى بىلەن يىگىرمە مىڭ ئادەمنى باشلاپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ماڭدى. بۇ خەۋەر سەئدنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرى بىلەن بىر جىلغىغا يوشۇرۇنىۋالدى. شەدداد سەئدنىڭ بۇ جىلغىغا يوشۇرۇنغانلىقىدىن بىخەۋەر جىلغىنىڭ ئاغزىغا يېتىپ كەلدى. سەئد خەتەركوھى جىلغىدىن تۇيۇقسىز چىقىپلا شەددادنىڭ ئارقىسىدىن تىغ ئۇردى. بۇنى كۆرگەن لەشكەرلەرمۇ ئالاقزادە بولۇپ قاچتى. ئابدۇللا مۇبارەكنىمۇ ياردار قىلدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىمۇ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئىسكەندەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئۆزى ئاتلانماقچى بولدى. بۇ چاغدا نەۋفەل ئۇنىڭدىن ئىجازەت سورىدى ۋە ئون ئىككى مىڭ ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ ياردەمگە ماڭدى. ئەمىرخان قىرىق مىڭ ئادىمى بىلەن يولغا چىقتى. ئەمىرخاننىڭ كەينىدىن ئەمىر ساھىبقىران سەكسەن مىڭ ئادەم بىلەن ئاتلاندى. ئۇلار تاغ جىلغىسىغا يېتىپ باردى. سەئد نەۋفەلنىڭ دولىسىغا شەمشەر ئۇردى. نەۋفەلنىڭ بەدىنى ئوتتۇرىدىن ئىككى ئىلىك ئاجراپ كەتتى. ئۇ مىنگەن ئەرەب ئارغىمىقى قان ئىچىگە غەرق بولغان ھالدا ئۇنى ئېلىپ چېپىپ يۈرەتتى. دەل شۇ چاغدا ئەمىرخان يېتىپ كەلدى. سەئد ئۇنىمۇ باشقىلاردەك چاغلاپ جىلغىدىن غىيپىدە چىقىپ، ئەمىرخاننىڭ سەرراھىنى ئېلىپ شەمشىرىنى كۆتۈردى. ئەمىرخان سەئدكە پۇرسەت بەرمەي شەمشىرى بىلەن ئۇنىڭ بىغىشىغا ئۇردى. سەئدنىڭ شەمشىرى قولىدىن ئۇچۇپ چۈشتى. ئەمىرخان قولىنى سوزۇپ سەئدنىڭ كەمىرىدىن تۇتتى ۋە ئۇنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، يەرگە ئۇنىڭ شەكلى نەقىش بولۇپ پاتتى. خۇسرەۋخان چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ قول ــ پۇتىنى باغلاپ خىزمەتكارلارغا تاپشۇردى. سەئد خەتەركوھىنىڭ لەشكەرلىرى بۇنى كۆرۈپ ئەمىرخاننىڭ لەشكەرلىرىگە ئۆزىنى ئۇردى. ئاخىر ئۇلار ئەمىرخانىنىمۇ مەغلۇپ قىلدى ۋە سەئدنى ئېلىپ قاچتى. ئۇلار دەريا بويىغا يېتىپ باردى. دەريادا كېمە تەييار ئىدى. سەئد ئالاق ــ جالاق بولۇپ ئەتراپقا نەزەر سالغاچ كېمىگە چىقىپ، دەريا بويلاپ بەدەر قاچتى.

ئۇزۇن ئۆتمەي ئىسكەندەر يېتىپ كەلدى. ئۇ سىپاھلىرىنى ئەمىرخانغا تاپشۇرۇپ ئۆزى يالغۇز سەئدنىڭ كەينىدىن قوغلاپ ماڭدى. ئۇ بارلىق جايلارنى كېزىپ دەريا ياقىسىغا يېتىپ باردى. ئۇ يەردىكى كېمىچىلەردىن سەئد توغرىسىدا سورىدى. ئۇلار سەئدنىڭ كېمىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىققىنىغا ئۈچ سائەتتىن ئاشقانلىقىنى ئېيتىشتى. ئىسكەندەر بۇ دالىدا ئېتىنى ئوتلىتىپ قويۇپ، ئۆزى غەمكىن بولغىنىچە ئولتۇردى. ئاندىن ئۇ گوشتاسپىنىڭ سۆپەرىنى بېشىغا قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئارىدىن بىرەر سائەتمۇ ئۆتمىگەن ئىدى. ھەيۋەتلىك بىر سادا كۆتۈرۈلدى. ئىسكەندەردىن باشقا ھەممە ئادەم بۇ ئاۋازدىن قورقۇپ ئۆتى يېرىلدى.

ئەمىر ئىسكەندەر ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كۆردىكى، ئېگىزلىكى ئون يەتتە گەز كېلىدىغان بىر مەخلۇق ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى كۆزى مەشئەلدەك ياناتتى. ئىسكەندەر دەرھال شەمشىرىنى ئېلىپ ھېلىقى مەخلۇقنىڭ بېلىگە ئۇردى. مەخلۇق ئىككى پارچە بولۇپ يىقىلدى. ئىسكەندەر يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. ئەمما ئۇنىڭ دىلى ئويغاق ئىدى. شۇ چاغدا دەريادىن

بىر چىشى سۇ كالىسى چىقىپ ئاغزىدىن بىر دانە گۆھەرنى چىقىرىپ قىرغاققا قويدى ـ دە، ئۆزى ئوتلاشقا باشلىدى. پۈتۈن دالا گۆھەرنىڭ نۇرىدىن كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. ئىسكەندەر: «ئەگەر مۇشۇ گۆھەرنى قولۇمغا كەلتۈرەلىسەم، ئۇ چاغدا ھەممە ئىشلىرىم دېگىنىمدەك بولاتتى ...» دەپ ئويلىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بىر توپ دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، بىر پارچە لايىنى گۆھەرگە قارىتىپ ئاتتى. پۈتكۈل دالا قاراڭغۇلۇققا چۆمدى. كالا يۈگۈرگىنىچە كېلىپ ئۆزىنى دەرەخقە شۇنچىلىك قاتتىق ئۇردىكى، تىن تارتماي جان بەردى. ئىسكەندەر بېرىپ گۆھەرنى قولىغا ئالدى. گۆھەر توخۇنىڭ تۇخۇمىدەك چوڭلۇقتا ئىدى.

تاڭ ئاتتى. ئەمىرخان لەشكەرلەر بىلەن يېتىپ كەلدى. ئىسكەندەر بارلىق لەشكەرلەرنى ئېلىپ كېمىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. ئۇلار دەريادا بىر نەچچە كۈن ئۈزدى. دەل ئون ئىككى كۈن بولغاندا تۇيۇقسىز قاتتىق بوران كۆتۈرۈلدى. قارا بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ چاقماق چېقىشقا باشلىدى. كېمىلەر غايىب بولدى. بەزى ئادەملەر سۇغا غەرق بولدى. ئىسكەندەر بىلەن ئەرەستۇ بىر پارچە تاختاينىڭ ئۈستىگە چىقىۋالغانىدى. سۇ تاختاينى ئېقىتىپ دەريانىڭ قىرغىقىغا ئاپىرىپ قويدى. بۇ جاي پەرەڭلەرنىڭ يۇرتى بولۇپ، خۇسرەۋخان گۈلرىز نىشىنگە قاراشلىق ئىدى. ئىسكەندەر بىلەن ئەرەستۇ ۋە ئامان قالغان باشقا ئادەملەر سۇدىن قىرغاققا چىقتى. بۇ چاغدا خۇسرەۋخاننىڭ خادىملىرى باج يىغىش ئۈچۈن چىققانىدى. ئىسكەندەر ئۇلارغا:

— بىزنىڭ ماللىرىمىز كەينىمىزدىن كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار يېتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاندىن باجنى تولۇق تاپشۇرايلى، سەل ساقلاپ تۇرۇڭلار، — دېدى. باج يىغقۇچىلار ماقۇل بولۇپ كېتىپ قېلىشتى. ئەتىسى لەشكەرلەردىن بىر قىسمى ئامان ـ ئېسەن دەريادىن چىقىپ ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇلار چېدىرلارنىمۇ بىللە ئېلىۋالغانىدى. خۇش ھاۋا جاينى تاللاپ چېدىرلارنى تىكتى. ئىسكەندەر ئەييارلاردىن ھەنداندىن باشقىسىنىڭ ئۆزلىرىگە ھەمراھ ئەمەسلىكىنى كۆردى. ئۇ ھەنداننى خۇسرەۋخان توغرۇلۇق مەلۇمات ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى. ھەندان قوبۇل بارماقلىرىنى كۆزىگە قويۇپ يولغا چىقتى. ھەندان خۇسرەۋخاننىڭ تەخت ئۈستىدە قارار تاپقانلىقىنى، سەئىد خەتەركوھىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. تۇيۇقسىز بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن قاتتىق نالە ـ زار ئاڭلاندى. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغانلارنىڭ يۈرەكلىرى چاك بولدى.

— بىز سەھرا كىشىلىرى بولىمىز. ئىسكەندەرنىڭ مېھتەرى مەھمۇد ۋە مېھتەرى مۇھەممەد ئىسىملىك ئىككى گېنېرالى بار ئىكەن. ئۇلار لەشكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ بىزنى بۇلاڭ ـ تالان قىلدى ... — دېيىشەتتى بىر توپ ئادەم زارلىنىپ. ئۇلارغا ئۇلىشىپلا بىرمۇنچە ئادەم ۋارقىرىشاتتى ۋە:

— بىز سەھرادىن كەلدۇق. ئەمىرخان ئىسىملىك بىر ئادەم بىزنىڭ بېشىمىزغا دەسسەپ، بارلىق مال ـ مۈلكىمىزنى بۇلىۋالدى ... ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە بىر توپ لەشكەر كەلدى. ئەمىرخاننىڭ ئادەملىرى بىزنىڭ ئادەملىرىمىزنى ئۆلتۈرۈپ، ماللىرىمىزنى بۇلاپ كەتتى، — دېيىشتى. سەئىد خەتەركوھى بۇنى ئاڭلاپ:

— مەن بېرىپ ئەمىرخاننىڭ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كەلمىسەم ...، — دەپ، تۆت مىڭ ئادەمنى باشلاپ ئاتلاندى. مېھتەرى ھەندان بۇ خەۋەرنى ئىسكەندەرگە يەتكۈزدى. ئەمىر ئىسكەندەرمۇ ئېتىغا مىنىپ سەئىد خەتەركوھىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدى. خۇسرەۋخانغا «ھېلىقى يىگىت سودىگەر ئەمەس، بەلكى ئىسكەندەر ئىكەن» دېگەن خەۋەر يەتتى. خۇسرەۋخانمۇ ئىسكەندەرنىڭ كەينىدىن يولغا چىقتى. ئەمىرخان لەشكەرلىرى بىلەن بۇ يەرگە يېتىپ كەلدى. سەئىد ئەمىرخاننىڭ ھەيۋىتىنى كۆرۈپ دەرھال كەينىگە ئۆرۈلۈپ پەرەڭ تەرەپكە قاراپ قاچتى. خۇسرەۋخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ سەرراھىنى ئېلىۋەتتى. ئىسكەندەر خۇسرەۋخاننىڭ كەمىرىدىن تۇتقىنىچە بېشىدىن ئېگىز

www.uyghurkitap.com

كۆتۈردى ۋە ئۇنى يەرگە ئۇرماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا خۇسرەۋخان مۇنۇ بېيتنى ئوقۇدى:

شاھا، بەسرەت قەسەمكى ئەرباب كەرەم،
بىداشتەئى خۇش بەند.

ئەمىر ئۇنى يەرگە قويدى. خۇسرەۋخان ئىمان كەلىمىسىنى ئوقۇپ سادىقلىق بىلەن مۇسۇلمان بولدى. ئۇ ئىسكەندەرنى باتۇرلىرى، ئەييارلىرى ۋە بارلىق كىشىلىرى بىلەن شەھەرگە تەكلىپ قىلىپ ئەپكەلدى. ئاندىن ئۇلارغا كاتتا زىياپەت بەردى. ئىسكەندەر پۈتكۈل ئەتراپقا خەت ئەۋەتىپ، جەمئىي لەشكەرلەر ۋە ئەييارلىرىنى يىغدى. شەدداد، نەۋفەل ئەرەب، خۇسرەۋخان مەۋسىلى ۋە ئەبۇلفەزل بەغدادىلارمۇ ھازىر بولدى.

ئەمدى بىرنەچچە كەلىمە سۆزنى بەلخ پادىشاھى پەرەنگالدىن ئاڭلايلى:

بەلخ پادىشاھى ئۆز بارگاھىدا ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا: «ھاكىم خۇداپەرەسلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ كەپتۇ. شاھىم بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىكەن» دېگەن خەۋەر يەتتى. بەلخ شاھى كىرىشكە ئىجازەت بەردى. جالىنۇس ئەممەلفەساد بارگاھقا كىرىپ ئىسكەندەرنىڭ ئۇستىدىن دەرد تۆكۈشكە باشلىدى. بەلخ شاھى ئۇنى ئوبدان ئورۇنغا ئولتۇرغۇزدى ۋە:

— بۇتنىڭ مەدىتى ۋە كالا مەبۇدنىڭ رەھمىتى بىلەن ئىسكەندەرنىڭ ئەدىپىنى بەرمەي قويمايمەن، — دېدى ئۇ.

بەلخ شاھىنىڭ مەرزۇق ئىسىملىك بىر ئورۇنباسارى (نايىبى) بار ئىدى. پادىشاھ پەرەڭگى مەرزۇقنىڭ پايتەختىنى شەھرى قەبرىسىيە دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ بىر ئەييارى بار ئىدى. ئەييارلىق ھۈنىرىدە ئۇنىڭغا ھېچكىم يېتىشەلمەيتتى. ئۇنىڭدا ئۈچ پارچە ئىت تېرىسى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ بىر پارچىسى ئاق، بىرى سېرىق ۋە يەنە بىر پارچىسى قارا ئىدى. بۇلارنى تۆت دانە كۆز قويۇلغان بىر جۈپ بەلۋاغ بىلەن قورسىقى ئۇستىدىن مەھكەم باغلايتتى. ئەييارلىق قىلىدىغان چاغدا بۇ ئۈچ خىل تېرىنى ئالماشتۇرۇپ كىيەتتى. بۇ ئەييارنىڭ ئىسمى بۆرەق پەرەڭگى ئىدى. ئەمدى مەرزۇقنىڭ داستانى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن. خۇدا خالىسا كېيىن يەنە توختىلىمىز.

## ئەمىر خانىنىڭ خۇسرەۋخان كىياۋەردىنىڭ قىزى لەئەب پەرەڭگىگە ئاشىق بولغانلىقى

ئىسكەندەر خۇسرەۋخان نىشىنىنى ئۆزىگە بويسۇندۇردى. ئۇ:

— جەمشىدنىڭ بارگاھىنى تەييارلاڭلار، — دەپ ئەمىر قىلدى. بارگاھ تەييار بولدى. خۇسرەۋخان بۇ كېچىنى پادىشاھلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزدى.

يېرىم كېچىدىن ئۆتكەن چاغ ئىدى. ئەمىرخان ئەلۋەندە كوھى دەريا ياقىسىدا نۇرغۇنلىغان شام - چىراغلارنىڭ يېنىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ يەرگە يېقىن باردى. جەمئىي پەرى يۈزلۈكلەر بۇ يەرگە يىغىلغان بولۇپ، ئۇلار بىر ياقتىن مەي ئىچىپ، بىر ياقتىن ساز چېلىشاتتى. ئەمىرخانىنىڭ كۆزى بىر نازىنىنگە چۈشتى. ھەممە پەرىلەر ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئىدى. ئەمىرخان ئۇنى كۆرگەن ھامان ئىختىيارى قولىدىن كەتتى. ھېلىقى نازىنىنمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، تېخى بۇرتى خەت تارتمىغان، رۇستەمى داستانىدەك بىر يىگىتنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. قىزمۇ ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى ۋە:

— جاپا تارتىپ بۇ يەرگە كېلىپسىز. ئەمدى بىر دەم ئولتۇرۇپ سۆھبەتلىشەيلى، — دېدى. ئەمىرخان قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. قىز ئۇنىڭدىن:

— ئەي يىگىت، سىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.
— ئىسكەندەرنىڭ ئادىمى بولىمەن، — دېدى ئەمىرخان ۋە، — ئەي نازىنىن، ئۆزىڭىز كىم بولىسىز؟ — دەپ سورىدى.
— مېنى لەئەب پەرەڭگى دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى قىز. ئۇلار ئولتۇرۇپ مەي ئىچىشكە باشلىدى. ئەمىرخان يەنە:
— ئەي نازىنىن، نېمىشقا بۇ يەرگە كەلدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.
— مەن ئەنبەر ئۆسىدىغان جەزىرىگە بارغانىدىم. ئۇ يەردىن ئازراق ئەنبەر ئالدىم. قايتىشىمدا بۇ يەرگە چۈشكۈن قىلدىم. چۈنكى، خۇسرەۋخان گۈلرىز نىشىن مېنىڭ ئاتام بولىدۇ. ئۇنىڭ ئوردىسى بۇ يەرگە يېقىن، — دېدى قىز.
ئۇلار بىر - بىرى بىلەن مۇڭداشتى. ئاخىر ئەمىرخان قىزغا:
— ماڭا ۋەدە بەرگىن. كېيىن سېنى نەدىن تاپىمەن، — دېدى.
— شەھىرى كىياۋەردىدە بىر باغ بار. مېنى شۇ جايدىن تاپىسىز، — دېدى قىز. ئەمىرخان قىزنى بىر نەچچىنى سۆيۈپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئوردىغا قاراپ ماڭدى.
تاڭ ئاتتى. خۇسرەۋخان ئۇلارغا:
— شەھرىيارلار، بۈگۈن پەرەڭگال شەھىرىدە قىزىق تاماشا بولىدۇ، — دېدى.
— قانداق تاماشا ئۇ؟ — دېيىشتى باشقىلار.
— بۈگۈن ھەممە ئادەم بۇتخانىغا توپلىنىدۇ. بەلخ شاھىمۇ ئۇ يەرگە بارىدۇ. بۇتخانىدىكى ئەڭ چوڭ بۇت بىلەن سۆزلىشىدۇ، — دېدى خۇسرەۋخان. ئىسكەندەر:
— ئەي ئەرەستۇ، — دېدى، — ئۇلار زادى نېمە قىلىدۇ؟
— شەيتاننىڭ ئىشى - دە، شەيتانغا ئىتائەت قىلغانلارغا لەنەتلەر بولسۇن، — دېدى ئەرەستۇ.
ئەلقىسسە، ئىسكەندەر كىيىم - كېچەكلىرىنى ئۆزگەرتىپ كىيىندى - دە، ئېتىغا مىندى. ئوردىدىكى ئىشلارنى ئەمىرخانغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى پەرەڭگالغا قاراپ ماڭدى. ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن ئېتىنى مەھتەرى مەھمۇدقا تۇتقۇزۇپ قويۇپ بۇتخانىغا باردى. ئۇ بۇتخانىنىڭ بىرىنچى دەرۋازىسىغا يەتتى. دەرۋازا ساپ كۈمۈشتىن ياسالغان بولۇپ، ئۇ يەردىكى نۇرغۇن بۇتلارغا تىللا كىيىملەر كىيدۈرۈلگەنىدى. ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى دەرۋازىلار تىللادىن ياسالغانىدى. بەلخ شاھى تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدىدا جالىنۇس ئۆرە تۇراتتى. يەتتە يۈز پاتمان تىللادىن ياسالغان زور بۇت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئەمىر ئىسكەندەرنىڭ ئادەملىرى بىلەن بىللە بىر بۇلۇڭغا يوشۇرۇندى. بىر چاغدا بۇتنىڭ ئىچىدىن بىر يالىڭاچ ئادەم چىقتى. قولىدا شەمشەر، بېشىغا چوڭ بىر رومالنى ئارتىۋالغان بولۇپ، رومالنىڭ ئۈچىدا كۆزلىرىنىمۇ ئورىۋالغانىدى. ئۇ يەنە بىر قولىدىكى نوكەشنى ئۆزىنىڭ بېلىگە ئۇرغانىدى، نوكەش ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى. ئۇ بۇتنىڭ كەينىدە تۇرۇپ:
— سىلەر مېنىڭ خۇدالىقىمغا ئىشىنەمسىلەر؟ — دېدى.
— سادىقلىق بىلەن ...، — دېدى بەلخ شاھى. مۇشۇنداق سوئال - جاۋابلار بولۇنغاندىن كېيىن بەلخ شاھى ئېيتتىكى:
— ۋىلايىتىمىزگە ئىسكەندەر ئىسىملىك بىرەيلەن كەپتۇ. ئۇنى يوقىتىشنىڭ ئامالىنى قىلساڭ ...
— سەن بارلىق لەشكەرلىرىڭنى يىغقىن. قالغان ئامالىنى مەن قىلاي، — دېدى بۇت.
بۇ سۆزلەردىن كېيىن ھېلىقى ئادەم بۇتنىڭ قورسىقىغا كىرىپ كەتتى. بۇتخانىغا يىغىلغانلارمۇ تارقاپ كېتىشتى. بەلخ شاھى بىلەن جالىنۇسمۇ ئورۇنلىرىدىن قوپۇپ مېڭىشتى. ئىسكەندەر، خۇسرەۋخان ۋە ئەرەستۇلار ھەممىسى ئۆز قارارگاھلىرىغا ياندى.
ئىسكەندەر ئەرەستۇدىن:

www.uyghurkitap.com

— ھېلىقى يالىڭاچ ئادەم كىمدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئەي شەھرىيار، — دېيىشتى ئۇلار، — ئۇ ئىبلىس لەئىندۇر. چۈنكى ئۇنىڭ بىر كۆزى قارىغۇ ئىكەن. يەنە گەدىنىدىكى تەۋقى لەنەت (لەنەت بويۇنتۇرۇقى) كۆرۈنۈپ قالمىغاي، دەپ رومال بىلەن بويىنىنى ئورىۋاپتۇ.

— سۆزۈڭلار توغرا، — دېدى ئەمىر ئىسكەندەر. خۇسرەۋخان:

— بىزنىمۇ ئازدۇرماقچى تېخى ··· — دېدى.

ئۇلار ھەرقايىسىسى ئۆز ئوردىلىرىغا قايتىشتى.

ئەمدى بىرقانچە كەلىمە سۆزنى ئەمىرخان بىلەن لەئەب (لوئبەت) پەرەڭگىدىن ئاڭلايلى: تاڭ ئېتىپ يەنە كەچ بولدى. ئەمىرخان ئوردىنىڭ ئىچىدە ئولتۇراتتى. ئەمما لەئەب پەرەڭگىنىڭ ئىشقىدا تاقىتى قالمىغان ئىدى. ئۇ مېھتەرى ھەنداننى چاقىرتىپ ئۇنىڭغا ئېتىنى يېتىلىتىپ، خۇسرەۋ كىياۋەردىنىڭ ھويلىسىغا باردى. بۇ ئەمدى سۇبھى سۇزۇلگەن چاغ ئىدى. ئەمىرخان باغقا كىرىشىگە راۋاق ئۈستىدە تۇرغان قىزنىڭ كۆزى ئەمىرخاننىڭ ئەگمە قېشىغا چۈشتى. قىز ئەمىرخاننى راۋاقنىڭ ئۈستىگە تارتىپ چىقىرىۋالدى. ئۇلار مەي ئىچكەچ سۆھبەتلىشىشكە باشلىدى. ئەمىرخان مېھتەرى ھەنداننى چاقىرىپ ئۇنىڭغا:

— سەن ئوردىغا بېرىپ قاراپ باققىن. ئەگەر ئىسكەندەر مېنى سوراپ قالسا، ئۇنىڭغا ئەمىرخاننىڭ بېشى قاتتىق ئاغرىپ كېتىپتۇ، دەپ قويغىن، — دېدى. ھەندان ئوردىغا قاراپ ماڭدى. لۇئبەت (لەئەب) پەرەڭگى بىلەن ئەمىرخان مەي ئىچىشكە باشلىدى. بىر ئازدىن كېيىن غىزا كەلتۈرۈلدى. غىزادىن كېيىن قىزنىڭ ئىنىكئانىسى مېھماننىڭ قولىغا سۇ بەرگىلى ئاپتۇۋا كۆتۈرۈپ كىردى. ئاپتۇۋىدىكى سۇ ئەمىرخاننىڭ قولىنى كۆيدۈردى. ئۇ دەرھال قولىنى تارتىۋېلىپ ئىنىكئاننىڭ قۇلاق تۈۋىگە بىر مۇشت ئۇردى. ئىنىكئانا يىقىلدى. ئۇ بىر ئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇدۇل خۇسرەۋخاننىڭ ئالدىغا باردى ۋە قىزى بىلەن ئەمىرخاننىڭ بارلىق قىلمىشلىرىنى بىر ـ بىرلەپ بايان قىلدى. خۇسرەۋخاننىڭ ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، بىرىنىڭ ئىسمى غەزەنفەر، يەنە بىرىنىڭ ئىسمى مۇزەففەر ئىدى.

ئۇ مۇزەففەرگە قاراپ:

— سەن بىرقانچە ھەمراھ ئېلىپ بېرىپ، ئۇ مۇسۇلمان يىگىتنىڭ كاللىسىنى ئالغىن ۋە سىڭلىڭنىمۇ ئۆلتۈرگىن. ئاندىن ئۇلار تۇرغان باغنىمۇ خارابىلىققا ئايلاندۇرۇۋەت، — دېدى.

مۇزەففەر بىرنەچچە ئادەم بىلەن بىللە يولغا چىقىپ، سىڭلىسى تۇرغان باغنىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردى. كېنىزەكلەر قىزغا ئاكىسىنىڭ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. بۇنى ئاڭلىغان قىز قاتتىق ئاھ ئۇردى. ئەمىرخان ئۇنىڭدىن نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى. قىز بولغان ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتتى. ئەمىرخان قىزغا:

— ئەي نازىنىن، تەشۋىشلەنمىگىن، — دېدى. بۇ چاغدا مۇزەففەر يېتىپ كىردى ۋە قولىغا شەمشىرىنى ئېلىپ ئەمىرخانغا ئېتىلدى. ئەمىرخان چاققانلىق بىلەن ئۇنىڭ بېغىشىدىن تۇتۇپ بىر سىلكىۋىدى، شەمشەر قاڭقىپ بېرىپ يىراققا چۈشتى. ئاندىن ئۇ مۇزەففەرنىڭ قۇلاق تۈۋىگە كەلتۈرۈپ بىر شاپىلاق ئۇردى. مۇزەففەر يەرگە يۇمىلىنىپ كەتتى. ئەمىرخان قولىغا خەنجىرىنى ئېلىپ، مۇزەففەرنىڭ كۆكرىكىگە مىندى. بۇ چاغدا قىز چېچىنى يېشىپ يەلكىسىگە يايدى ۋە ئەمىرخانغا:

— ئۇنى ئۆلتۈرمىگىن، — دەپ ئىلتىماس قىلدى. ئەمما، ئۇ «ئۆلتۈرىۋەتسىمۇ مەيلىدى» دەپ ئويلايتتى. ئەمىرخان خەنجىرىنى مۇزەففەرنىڭ ئېڭىكىنىڭ ئاستىغا توغرىلاپ ئۇنىڭ بېشىنى ئالماقچى بولدى. مۇزەففەر ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ:

— ئەي شەھرىيار، مەن مۇسۇلمان بولاي، — دېدى. ئەمىرخان ئۇنىڭ ئۈستىدىن چۈشتى. مۇزەففەر قورققانلىقىدىن ئىمان ئېيتىپ، مۇسۇلمان بولدى ۋە ئەمىرخاننىڭ

خىزمىتىنى قىلىشقا بەل باغلىدى. ئەمىرخان قايتىدىن لوئىبەت بىلەن مەي ئىچىشكە باشلىدى. ئولتۇرۇش ئاياغلاشتى. ئەمىرخان تاھارەت ئېلىپ نامازغا مەشغۇل بولدى. ناپاك مۇزەففەر ئەسلىدە پۇرسەت كۈتۈپ تۇراتتى. ئەمىرخان بېشىنى سەجدىگە قويۇشىغا قولىدىكى تىغنى ئۇنىڭغا ئۇردى. تىغ ئەمىرخانىنىڭ بويۇن كۆك تومۇرىغا تەگدى. بۇنى كۆرگەن قىز قاتتىق چىرقىرىۋەتتى. مۇزەففەر بولسا قىزغا قارىتىپ تاش ئاتتى. بىچارە قىز تاشنىڭ ئاستىغا بېسىلىپ قالدى. بېيت:

ئەگەر تىغ ئالەم بىبەررەدۇر جاي،
نەبەررەدۇركى تانەخاھىد خۇداي.

قىز تاشنىڭ ئاستىدا نىمجان بولۇپ ياتاتتى. مۇزەففەر بولسا ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلدى دەپ ئويلىدى. ئاندىن ئۇ باغنى ۋەيران قىلىشقا ئەمىر قىلدى. بىر دەمدە بۇ گۈزەل باغ خارابىلىققا ئايلاندى. ئاندىن ئۇ ھەمراھلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆز ئوردىسىغا قاراپ راۋان بولدى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئاتىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ بولغان ئىشلارنى تولۇق بايان قىلدى.

ئەمدى بىرقانچە كەلىمە سۆزنى ئەمىرخان بىلەن لۇئىبەت (لەئەب) پەرەڭگىدىن ئاڭلايلى:

بىرقانچە دېھقان بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ باغنىڭ ۋەيران بولغانلىقىنى كۆردى. ئۇلار «بۇ كۆچەتلەردىن بىرقانچىنى ئېلىپ كېتىپ ھويلىمىزغا قويۇۋالايلى» دېيىشتى. ئارىدىن بىر قېرى كىشى باغقا كىرىپلا، سەرۋى قامەتلىك بىر يىگىتنىڭ يەردە ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. بوۋاينىڭ يىگىتكە ئىچى كۆيدى ۋە: «بولدى، كۆچەتتىن كەچتىم» دېدى - دە، ئۇنى يۆدۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى. يەنە بىر دېھقان تاشنىڭ ئاستىدىن چىققان نالە ئاۋازىنى ئاڭلاپ، تاشنى بىر چەتكە يۆتكىدى. قارىسا بىر نازىنىن قىز ياتاتتى. قىزنى زەمبىلگە سېلىپ كۆتۈرۈپ ئۆز ئۆيىگە ئېلىپ باردى. ئاندىن قىزنىڭ زەخمىلەنگەن جايلىرىنى تىكىپ، ئۈستىگە دورا چاپلاپ، يۇمشاق ئورۇندا ياتقۇزدى.

ئىسكەندەر بۇتخانىدىن قايتىپ ئوردىغا كەلدى. قارىسا ئەمىرخان كۆرۈنمىدى. مېھتەرى ھەنداندىن ئەمىرخانىنىڭ قەيەرگە كەتكەنلىكىنى سورىدى. ھەندان ئىسكەندەرگە ئەھۋالنى مەلۇم قىلدى. ئىسكەندەر:

— بىز ھازىر دۈشمەن بىلەن تىغمۇ تىغ تۇرۇۋاتقان چاغ تۇرسا، ئۇنىڭ ئوردىنى تاشلاپ ئەيش - ئىشرەت قىلىپ يۈرگىنى نېمىسى؟ — دەپ خاپا بولدى. ئاندىن مېھتەرى نەئىم بىلەن مېھتەرى ھەندانغا:

— ئەمىرخان نەدە بولسا شۇ يەردىن تېپىپ كېلىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى. ئۇلار باشقىچە تۈستە ياسىنىپ كىياۋەردىگە باردى ۋە ئۇ يەردىكى باغنىڭ خارابىلىققا ئايلانغانلىقىنى كۆردى. كىشىلەردىن سورىۋىدى، ئەھۋالدىن خەۋەردار كىشىلەر ئەمىرخان بىلەن قىز توغرىسىدا بىلگەنلىرىنى ئېيتىپ بېرىشتى. بۇنى ئاڭلاپ نەئىم بىلەن ھەندان قايغۇرۇشتى. ئاندىن ئۇلار بىر كەنتكە يېتىپ باردى. ئۇ يەردە بىر قېرى بوۋاينى ئۇچرىتىپ قالدى. ئۇلار:

— نەگە ماڭدىڭىز بوۋا؟ — دەپ سورىدى.

— بىر ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇ زەخمىلىنىپ قالدى. شۇڭا ئۇنى داۋالاتقىلى جەرراھ (تاشقى كېسەل دوختۇرى) ئالغىلى كېتىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى بوۋاي. «چوقۇم ئەمىرخان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلىدى نەئىم ۋە:

— مەن دوختۇر بولىمەن، مەن بېرىپ كېسەلنى كۆرەي، — دېدى ۋە بوۋاي بىلەن بىللە ئۇنىڭ ئۆيىگە باردى. ئۆيگە كىرىپ قارىسا كېسەل يىگىت ھەقىقەتەن ئەمىرخان ئىكەن. ئۇ يارىلانغان جاينى يۇيۇپ تازىلىغاندىن كېيىن كېسىلگەن جاينى تىكىپ، دورا چاپلاپ

www.uyghurkitap.com

قويدى. ئەنە شۇنداق ئون كۈن داۋالىغاندىن كېيىن، ئەمىرخان كۆزىنى ئېچىپ ئۇلارنى كۆردى. ئۇ ئاھ ئۇرۇپ:

— ئەي مېھتەرى نەئىم، مېنىڭ مەشۇقۇمنىڭ خەۋىرىنى بىلدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى. مېھتەرى نەئىم ئۇنىڭغا:

— سىز مەشۇقىڭىزدىن قول ئۈزمەمسىز؟ — دېدى.

— ئەي نەئىم، — دېدى ئەمىرخان، — ئىسكەندەرنىڭ بېشى بىلەن قەسەم قىلايكى، نەدىن بولمىسۇن ئۇ قىزنى تاپقىن. ساڭا ئون مىڭ تۈمەن بېرەي. ئەگەر ئۇ قىز تېپىلمىسا مېنىڭ هاياتىم ئاخىرلىشىدۇ، بۇ دۇنيادىن كۆز يۇمىمەن …

مېھتەرىلەر ئۆيمۇ ئۆي يۈرۈپ تۈخۈم ئىزدىگەندەك ئىزدەشكە باشلىدى. ئاخىر بىر ئۆينىڭ ئىشىكىگە يېتىپ باردى. ئۆي ئىچىدىن بىرەيلەننىڭ نالە ـ پەريادى ئاڭلىناتتى. يەنە بىرى ئۇنىڭغا:

— ئەي سىڭلىم، سېنى كىم ئۆلتۈرمەكچى بولدى؟ بېشىڭدىن چۆرۈلسەم ئىدى، كاشكى … — دەۋاتاتتى.

مېھتەرى نەئىم بىلەن مېھتەرى هەندان بۇ ئۆيگە كىردى. ئۇلار قىزغا ئۆزلىرىنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. قىزنىڭ ئۈستىدە بىرمۇنچە ئالتۇن زىبۇ ـ زىننەتلەر بار ئىدى. قىز هەممىنى ئۇلارغا تەقدىم قىلىۋەتتى. ئاندىن ئۇلار ئەمىرخاننىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭغا:

— بىزنىڭ بۇ يەردە تۇرغىنىمىزنىڭ ئەهمىيىتى يوق. سىزگە خۇش خەۋەرنى ئېيتايلى، — دېدى. ئاندىن ئەمىرخانغا قىزنىڭ هايات ئىكەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئاندىن ئۇلار دېھقانلاردىن بىرقانچىنى چاقىرىپ ئۇلارغا بىرمۇنچە ئالتۇن بەردى ۋە ئەمىرخان بىلەن قىزنى كۆتۈرگۈزۈپ، كېچىدە ئوردىغا يېتىپ باردى. ئىسكەندەرگە ئۇلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى خەۋەر قىلدى. ئىسكەندەر بىلەن ئەرەستۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا كىردى. ئەرەستۇ ئۇلارنىڭ جاراھىتىگە دورا سەپتى. بىر دەمدىلا ئاغرىق خېلى ياخشى بولدى. ئىسكەندەر ئەمىرخانغا ياخشى نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئارىدىن ئىككى ـ ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئۇلارنى هاممامغا ئېلىپ باردى. ئاندىن ساهىبقىران (ئىسكەندەر) نىڭ بۇيرۇقى بىلەن بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنى ئەقدى ـ نىكاھ قىلدى. ئوردىنى چىرايلىق بېزەپ، ئەمىرخانغا ئەمىرلەرگە خاس ئالاھىدە لىباسلارنى كىيدۈردى. لۇئبەت پەرەڭگىنىڭ چاچلىرىنى تاراپ، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلار بىلەن بېزىدى ۋە ئۇنى هۆر ـ پەرىلەردەك ياساپ ئەمىرخاننىڭ قولىغا تاپشۇردى. بۇ ئىككى ئاشىق ـ مەشۇق ۋىسال جامىدىن تەشنالىقىنى قاندۇردى. شۇ كېچىسى ئەمىرخاننىڭ كەمىرىدىن بۇ دىلىستاننىڭ رەهمىدە مۇهەممەد شىرزادىنىڭ هامىلىسى نۇتفەسى بېكىندى (لۇئبەت فەرەڭگى ئەمىرخاندىن هامىلىدار بولدى) . خۇدا خالىسا بۇنىڭدىن كېيىنكى داستانلىرىمىزدا ئۇنىڭ توغرىسىدا دوستلىرىمىزغا بايان قىلىمىز، ئىنشائاللا.

## ساهىبقىراننىڭ پەرزەنتى سۇلتان تەيفۇر ۋە مېھتەرى نەئىمنىڭ ئوغلى مېھتەرى نەسىمنىڭ كەلگەنلىكى، نەسىمنىڭ مۇئەللىمگە ئەييارلىق قىلغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ پەرەڭ مەملىكىتىگە ماڭغانلىقى

راۋىلار شۇنداق رىۋايەت قىلىپتۇركى، ئەمىرنىڭ سۇلتان تەيفۇر ئىسىملىك پەرزەنتى ۋە فەتنەنىڭ نەسىم ئىسىملىك ئوغلى بار ئىدى. ئەبۇلقاسىم جەۋاهىرى ئىسكەندەرنىڭ نايىبى ئىدى. بۇ ئىككى بالىنى مەكتەپكە بېرىشتى. نەسىم بولسا شەيتانغا ئوخشاش مەككار ۋە هەييار

بالا ئىدى. مۇئەللىمنىڭ ئىسمى سەلىم بولۇپ، ئۇ نەسىمنىڭ قىلىقسىزلىقلىرىغا چىدىماي بىر ئاز كايىپ قويدى. ئەتىسى نەسىم سۇلتان تەيفۇرغا:

— ئاخۇنۇم (مۇئەللىم) نىڭ بېشىغا شۇنداق بىر بالا كەلتۈرەيلىكى، تىللاردا داستان بولسۇن دەيمەن، — دېدى.

— خالىغىنىڭنى قىلىۋەر، — دېدى سۇلتان تەيفۇر ئۇنىڭغا. نەسىم مۇئەللىمگە ئازار بېرىشكە بەل باغلىدى.

بىر كۈنى نەسىم بازارغا چىقتى. قارىسا بىر سوزانگەر ئۇخلاپ ئولتۇراتتى. نەسىم ئۇنىڭغا يېقىنلاشتى. سوزانگەر كۆزىنى ئاچتى. نەسىم:

— ئەي سوزانگەر، — دەپ توۋلىدى. سوزانگەر «چاقىرغان كىمدۇ؟» دەپ ئويلاپ كەينىگە قارىدى. نەسىم بولسا بىر دەستە سوزاننى ئوغرىلاپ يېنىغا تاشلىدى. سوزانگەر:

— ئەي هارامزادىنىڭ ئوغلى، مېنىڭ مېلىمنى نەگە ئاپىرىسەن؟ — دەپ ئۇنىڭغا يېپىشتى. نەسىم بىر موللاق ئېتىپ سوزانگەرنىڭ بۇرۇتىغا تەپتى ـ دە، قاچتى. سوزانگەر ئۇنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. نەسىم شۇ قاچقىنىچە يۈگۈرۈپ بىر كوچىغا كىردى. لېكىن بۇ خالتا كوچا بولۇپ، چىقىدىغان جاي يوق ئىدى. نەسىم دەرهال كەينىگە ئۆرۈلۈپ:

— مەن خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. بۇنىڭدىن كېيىن هەرگىز ئوغرىلىق قىلمايمەن، — دېگىنىچە قوينىغا قولىنى سېلىپ بىر پارچە هاكنى ئالدى ـ دە، سوزانگەرنىڭ كۆزىگە ئۇردى. سوزانگەر بىر هازادىن كېيىن كۆزىنى ئاچتى. كۆزى ناهايىتى ئېچىشىپ كۆيۈپ تۇراتتى. ئۇ:

— ئەي هاراملىق، سەن جىنمۇ ياكى ئادەممۇ؟ — دەپ شۈۋرىلىدى. مېھتەرى نەسىم ئۇ يەردىن ئۆيىگە قايتىپ كەتتى. تاڭ ئاتتى. سەهەردىلا مەكتەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ هەممىدىن بۇرۇن بارغانىدى. لېكىن، بۇ كۈنى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى قويۇپ بەردى. باللار هەممىسى ئۆيلىرىگە كېتىشتى. نەسىم بىرمۇنچە يىگىنىنى مۇئەللىم ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا سانجىپ قويدى. ئەتىسى مۇئەللىم مەكتەپكە كېلىپلا ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. يىڭنىلەر مۇئەللىمنىڭ قوڭىغا سانجىلدى. نەسىم جىنغا ئوخشاش سەكرەپ، هەدەپ قولىدىكى جۇۋالدۇرۇزنى مۇئەللىمنىڭ كەينىگە سانجىيتتى. مۇئەللىم داد ـ پەرياد قىلاتتى. سۇلتان تەيفۇر بولسا هەدەپ كۈلەتتى. بۇ قىيا ـ چىيانى ئاڭلىغان نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرگە يىغىلدى. مۇئەللىمدىن كۆپ قان چىقىپ كەتتى. ئاخىر ئۇ بىهوش بولۇپ يىقىلدى. نەسىم بولسا مۇئەللىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆيىدىكىلەرگە:

— مۇئەللىم ۋاپات بولدى، — دەپ خەۋەر قىلدى. مۇئەللىمنىڭ خوتۇنى پەرياد ئۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى. مۇئەللىمنىڭ يېقىن ـ يورۇقلىرى بىر ـ بىرلەپ كېلىشكە باشلىدى. مۇئەللىمنىڭ ئۆيىدىن چىققان يىغا ـ زار ئاۋازى پەلەككە يەتتى. نەسىم بولسا ئاخىرەتلىككە كېرەكلىك نەرسىلەرنى هازىرلاپ قويدى. ئاندىن ئۇ ئۆيىگە بېرىپ فەتىنە (ئاپىسى) گە:

— مۇئەللىمگە هالۋا ئېتىپ بېرىڭ، ئۇنىڭغا ئاپىرىپ يېگۈزۈپ قوياي، — دېدى.

مۇئەللىم هوشىغا كېلىپ، ئورنىدىن قوپۇپ ئولتۇردى.

— مەن ئۆلمىدىم، — دېدى ئۇ زارلىنىپ ۋە بولغان ئىشنى باشتىن ـ ئاخىرغىچە كۆپچىلىككە سۆزلەپ بەردى ۋە:

— توۋا قىلدىم، بۇنىڭدىن كېيىن هېچقانداق كىشىگە دەرس ئۆتمەيمەن، — دېدى.

نەسىم بىلەن سۇلتان تەيفۇرنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىشتى.

— ئەمدى بۇلارنى مەكتەپتە ئوقۇتۇشنىڭ ئەهمىيىتى قالمىدى. بۇ ئىككىسىگە تىغ ئوينىتىش ۋە ئوق ئېتىش ئىشلىرى لايىق ئىكەن. بۇنىڭدىن كېيىن بۇلار جەڭ قىلىپ، بەخت ـ سائادەت كۈيىنى چالسۇن، — دېيىشتى هەممەيلەن ۋە ئۇ ئىككىسىگە قاراپ، — مېڭىڭلار، ئەمدى ئاتاڭلارنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، — دەپ بۇيرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

نەسىم ئەبۇلقاسىم جەۋاھىرىنىڭ ئالدىغا باردى. ئەبۇلقاسىم جەۋاھىرى ھەممە ئىشتىن خەۋەر تاپقانىدى.

شەھزادە سۇلتان تەيفۇر ئۈچ ئاي ئات مىنىش ۋە چەۋەندازلىق مەشىقلىرىنى قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئەبۇلقاسىم قىرىق مىڭ ئادەمنى ئۇنىڭغا بەردى ۋە نەسىمنى ئۇنىڭغا ياردەمچى قىلىپ، ئەمىرنىڭ ئوردىسىغا قاراپ ماڭدۇردى.

## بەلخ شاھىنىڭ ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلغانلىقى، جەزائىر ئادىنىڭ بەلخ شاھىغا ياردەمگە كەلگەنلىكى، نىقابدار سەفىدپۇشنىڭ ئىسكەندەرگە ياردەملەشكەنلىكى

بىر كۈنى ئالەمنىڭ چىرىغى (ئىسكەندەر) ئۆز بارگاھىدا ئولتۇرۇپ باتۇرلىرى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتاتتى. بىردىنلا سىرتتا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلگەنلىكىنى كۆردى. توپا ـ چاڭنىڭ ئارىسىدىن سەكسەن دانە بايراق كۆرۈندى. دېمەك، بۇنىڭدىن سەكسەن مىڭ نەپەر لەشكەرنىڭ سانى مەلۇم بولدى. چوشقىنىڭ سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن بايراقنى سەپنىڭ ئالدىدا كۆتۈرۈپ ماڭغان بولۇپ، بايراقنىڭ سايىسىدا بەلخ شاھى ئىنتايىن زور بىر پىلغا مىنىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن جەڭ دۇمبىقى گۈلدۈرلەپ چېلىندى. ئىسكەندەرمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن دۇمباقنى ياڭراتقۇزدى. ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپ ھايات ـ ماماتلىق جېدەلنىڭ سەپلىرىنى تۈزدى. ئىسكەندەر ئۆز بايرىقىنىڭ ئاستىغا ئورۇنلاشتى. بەلخ شاھىمۇ ئۆزىنىڭ نەس بايرىقىنىڭ تۈۋىدە تۇراتتى.

بەلخ شاھىنىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى. ئۇلار كەفى سەلسال، كەفى خەلخال ۋە كەفى ئادلاردىن ئىبارەت ئىدى. كەفى سەلسال مىنىۋالغان ئىتىغا ھاي بېرىپ ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتقىنىچە مەيدانغا چۈشتى. ئالەمنىڭ چىرىغى (ئىسكەندەر) باتۇرلاردىن بىرىنىڭ مەيدانغا چۈشۈپ بۇ بەچچە ئىتنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويۇشىنى ئويلاپ ئولتۇراتتى، ئەمىرخان ئەلۋەندە كوھى ئىتىنى ئويناتقىنىچە ئىتتىلىپ مەيدانغا كىردى ـ دە، ئۇ گۇمراھنىڭ سەرراھىنى يولۇۋالدى. بۇ چاغدا بەلخ شاھى جالىنۇستىن:

— بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئىسكەندەرنىڭ باتۇرلىرىنىڭ ئالدى، يەنى ئەمىرخان ئەلۋەندە كوھى دېگەن يىگىت شۇ، — دېدى جالىنۇس، — ئۇ ئىسكەندەر جەڭچىلىرىنىڭ باش قوماندانى.

— بوت ۋە كوسالە بالامغا مەدەتكار بولغاي، — دېدى بەلخ شاھــى، — بالام دۈشمىنىنىڭ بېشىنى ئېلىپ كەلگەي ئىلاھىم.

مەيداندا كەفى سەلسال ئەمىرخان بىلەن نەيزىۋازلىق قىلىۋاتاتتى. كەفى سەلسالنىڭ نەيزىسى پارە ـ پارە بولدى. كەفى سەلسال قولىغا ساتورنى ئېلىپ ئەمىرخانغا ھۇجۇم قىلدى. ئەمىرخان ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ يەرگە شۇنداق ئۇردىكى، كەفــى سەلسالنىــڭ بارماقلىرىدىن قان چىقىپ كەتتى. ئەمىرخان كەفى سەلسالنىڭ قولىدىكى ساتورنى تارتىۋېلىپ يىراققا تاشلىۋەتتى ۋە قولىغا شەمشەرنى ئېلىپ كەفى سەلسالنىڭ بېشىغا ئۇرغان ئىدى، كەفى سەلسال بېشىنى قاچۇرۇشقا ئۈلگۈرمەي، شەمشەر ئۇنىڭ بېشىغا ئۈچ ئىلىكتەك چوڭقۇرلۇقتا پېتىپ كەتتى. پەرەڭ لەشكەرلىرى پاتپاراق بولۇشۇپ مەغلۇپ بولدى. جەڭ كۈن ئولتۇرغۇچە داۋاملىشىپ، تىنچلىق ناغرىسى چېلىنغاندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىپ ئارام ئېلىشتى.

ئەتىسى جەڭ ناغرىسى چېلىنىپ، ھەر ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تۈزۈپ تۇرۇشقان ئىدى. دەل شۇ چاغدا چۆل تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزان ئىچىدىن، ئوتتۇز بايراق

ئاستىدا ئوتتۇز مىڭ ئادەم چىقىپ كەلدى. سەپنىڭ ئالدىدا زور ياسداق ئاتقا مىنگەن، يولۋاس تېرىسىدىن تون كىيگەن، بۇرام - بۇرام چاچلىرى بېلىگە چۈشۈپ تۇرغان، بۇرۇتىنى بولسا قۇلاقلىرىنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزۈۋالغان بىر ئادەم كېلىۋاتاتتى. بۇلارنىڭ بەلخ شاھىغا ياردەمگە كېلىۋاتقانلار ئىكەنلىكى، ئارىسىدا ئالتە نەپەر جەزائىرلىق بەستىلىك پالۋاننىڭ بارلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، بەلخ شاھى ئىنتايىن خۇشال بولدى. لېكىن، بۇ چاغدا يەنە چۆل تەرەپتىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ - توزان ئىچىدىن قىرىق بايراق ئاستىدا قىرىق مىڭ ئادەم چىقىپ كەلدى. سەپنىڭ ئالدىدا خۇسرەۋخان كىياۋەردى، يەنى ئەمىرخاننىڭ قېيناتىسى ۋە ئوغۇللىرى غەزەنفەر بىلەن مۇزەففەرلەر بار ئىدى.

بۇ كۈنى جەڭ بولمىدى.

ئەتىسى ھەر ئىككى تەرەپ جەڭ ناغرىلىرىنى ياڭرىتىشتى. جەزائىر پالۋانلىرىدىن بىرى ھالاكەت مەيدانىغا چۈشۈپ يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. خۇسرەۋخان خۇداغا سېغىنىپ مەيدانغا چۈشتى. لېكىن ئۇ ياربدار بولدى. كەينىدىن ئەبۇلفەزل باغدادى مەيدانغا چۈشۈپ ئۇمۇ ياربدار بولدى. شەدداد ۋە ئەمىرخانلارمۇ مەيدانغا چۈشۈپ ياربدار بولۇشتى. ئەييارلار ياربدارلارنى مەيداندىن ئېلىپ چىقتى.

بىر چاغدا چۆلنىڭ ئېتىكىدىن چاڭ كۆتۈرۈلۈپ، ئوتتۇز بايراقلىق ئوتتۇز مىڭ ئادەم كۆرۈندى. بايراقنىڭ سايىسىدا باشتىن - ئاياغ ئاق نىقابقا ئورالغان بىر كىشى كېلىپ، ئۆزىنىڭ كىمنىڭ دۈشمىنى ۋە كىمنىڭ دوستى ئىكەنلىكىنى مەلۇم قىلغاندىن كېيىن، دەرھال جەزائىر پالۋىنىنىڭ سەرراھىنى يولۇۋالدى. ئىككى ئوتتۇرىدا نەيزىۋازلىق باشلاندى. بىر ئازدىن كېيىن جەزائىرلىق مەلئۇن تېزلىك بىلەن قولىغا ساتورنى ئېلىپ نىقابلىق كىشىنىڭ بېشىغا ئۇردى. ساتور نىقابلىق كىشىنىڭ بېشىغا تۆت ئىلىكتەك پېتىپ كەتتى. نىقابلىق كىشىنىڭ مىنگەن ئېتى قاننىڭ ھىدىنى پۇراپ ئۈركۈپ نىقابلىق كىشىنى ئېلىپ چۆل تەرەپكە قاچتى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

قارشى تەرەپ تىنچلىق ناغرىسىنى چالدى، ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى جەڭنى توختىتىپ ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىشتى.

بەلخ شاھى ناھايىتى كۆپ جاۋاھىرلارنى ئېلىپ كېلىپ، جەزائىرلىق بەتخۇينىڭ بېشىدىن چاچتى. ئۇ ناپاك بولسا:

— ئەتە مەيدانغا چۈشۈپ خۇداپەرەسلەرنىڭ روزىگارىنى قارا قىلغايمەن، — دېدى. ئەتىسى ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرى سەپ تارتىشتى. جەزائىرلىق پالۋان مەيدانغا چۈشۈپ يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. شۇ ئەسنادا چۆل تەرەپتىن ئوتتۇز بايراقلىق ئوتتۇز مىڭ ئادەم چىقىپ كەلدى. بايراقنىڭ ئاستىدا قەندە بىلەن نىقابلانغان بىر ئادەم كېلىپ، جەزائىرلىق پالۋاننىڭ سەرراھىنى ئالدى. لېكىن، نىقابلىق ئادەمنىڭ مىنگەن ئېتى يەنە جەزائىرلىقتىن قېچىشقا باشلىدى. نىقابلىق كىشى ئېتىدىن چۈشۈپ، قولىغا شەمشىرىنى ئالدى ۋە جەزائىرلىقنىڭ ئېتىنىڭ ئۆزەڭگە بېغىنى كېسىۋەتمەكچى بولدى. جەزائىرلىق پالۋانمۇ ئېتىدىن چۈشتى. شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ نىقابلىق كىشى جەزائىرلىقنىڭ بېشىغا شەمشەر ئۇردى، شەمشەر جەزائىرلىقنىڭ دۇبۇلغىسىدىن ئۆتۈپ، بېشىغا تەگدى. ئەمما شەمشەرنىڭ تىغى قايرىلىپ كەتتى، چۈنكى جەزائىرلىق پالۋان تۆمۈر تەنلىك ئىدى. ئۇنىڭغا تىغ تەسىر قىلمايتتى. پەقەت بېشىدىكى چاچلىرىلا قالايمىقان بولۇپ كەتكەنىدى. نىقابلىق كىشى جەزائىرلىقنىڭ چىرايىنىڭ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى. ئۇ جەزائىرلىقنىڭ ئۆزەڭگە بېغىنى كېسىۋەتتى. جەزائىرلىق ئېتىنىڭ ئۆزەڭگىسىنىڭ كېسىلگەنلىكىنى كۆرۈپ قاتتىق ئاۋاز بىلەن:

— ئەي نىقابلىق، ھىيلە ئىشلىتىپ ئۆزەڭگەمنى كېسىۋەتتىڭ، ئەمما ئۆزۈڭنى مەندىن قاچۇرالمايسەن، — دەپ ۋارقىرىدى ۋە نىقابلىق كىشىنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى، ئىككىسى

كۆن ئۇلتۇرغۇچە يەكمۇ يەك ئېلىشتى، كەچ بولغاندا جەزائىرلىق پالۋان نىقابلىق كىشىنىڭ ياقىسىنى قويۇۋېتىپ ئۆز قارارگاھىغا قايتىپ كەتتى، شۇ كېچىسى نىقابلىق كىشىمۇ لەشكەرلىرىنى ئېلىپ كەلگەن يولى بىلەن قايتىپ كەتتى.

ئەمدى نىقابلىق ئادەم ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئاڭلايلى:

نىقابلىق ئادەمنىڭ ئېتى ئۈركۈپ قاچتى ۋە جاڭگالغا كىلىپ توختىدى. ئۇنىڭ لەشكەرلىرىمۇ كەينىدىن جاڭگالغا يېتىپ كەلدى. نىقابلىق كىشى لەشكەرلىرىگە قاراپ:

— ھېچكىم مېنىڭ كەينىمدىن كەلمىسۇن، — دېدى ۋە ئۆزى جاڭگالنىڭ ئىچىگە كىردى، قورۇقچىسى ئۇنىڭ كەينىدىن كىلىپ:

— ئەي شەھرىيار، نەگە بارىسىز؟ — دەپ سورىدى.

نىقابلىق كىشى قولىغا شەمشىرىنى ئېلىپ:

— ھەي ھارامزادە، — دەپ ۋارقىرىدى، — ئاناڭنى كۆزۈڭگە كۆرسىتىمەن. (اي مادر بخطا انانك نى تغيرتنكغه اولتورغوزورمن)

قورۇقچىسى كەينىگە ياندى. نىقابلىق كىشى ئۆز - ئۆزىگە «ماڭا تىرىكلىك ھارام بولدى» دەپ، ئۆزىنى جاڭگاللىققا تاشلىدى ۋە كۆپ ئويلانغاندىن كېيىن دەرەخنىڭ شېخىغا ئارغامچىنى باغلاپ، تاشنىڭ تۆپىسىگە چىقىپ، ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچىنى بويىنىغا سالدى ۋە دەسسەپ تۇرغان تاشنى تېپىۋەتتى. نىقابلىق ئادەم دەرەخكە ئېسىلىپ قالدى، ئارغامچا كارنىينى بوغۇپ پۇت - قوللىرى تېپچەكلەشكە باشلىدى ۋە ھايال ئۆتمەي ئۆزىدىن كېتىپ ھوشسىزلاندى ··· بىر ۋاقىتتىن كېيىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى شەھرىيار ئالىي مىقدار (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام؟) نىڭ يېنىدا كۆردى. ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بەش پەيغەمبەر[①] ، يەنى ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام، مۇھەممەد بىننى ئەبدۇللا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەمنىڭ بوۋىسى ھەزرەت خەلىل[②] ، ھەزرەت نوھ ۋە يەھيا ئەلەيھىسسالاتۇ ۋەسسەلام ھەم سۇلەيمان ئەلەيھىسسالاملار ئولتۇراتتى. ھەزرىتى ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام نىقابلىق كىشىگە قاراپ:

— ئەي بالام، نېمە دەپ بىر زەخمەت ئۇچۇن ئۆزۈڭنى ھالاك قىلماقچى بولىسەن؟ ھازىر بىز ساڭا نۇسرەت بەردۇق، — دېدى. شۇ چاغ نىقابلىق كىشىنىڭ قورۇقچىسى ھازىر بولدى ۋە پەيغەمبەرلەرنى كۆرۈپ، ئۇلارغا سالام قىلىپ ھەر بىرىنىڭ قوللىرىغا سۆيدى. ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا بىر نەرسىنى سۇنۇپ:

— ئالغىن، بۇ نەرسىنى ساڭا بېرەي، — دېدى. قورۇقچى ئۇنىڭدىن:

— بۇ قانداق نەرسە؟ — دەپ سورىدى. ئادەم ئەلەيھىسسالام:

— بۇ خاكى قەدەم[③] ۋە جامدۇر، — دېدى، — ئۇنىڭغا بىر كەلىمە ئىسمى ئەزەم نەقىش قىلىنغان. قاچانكى، كېرەك بولغاندا جامغا سۇنى تولدۇرۇپ ئىچىگە بۇ تۇپراقنى سالغىن ۋە بۇ بىر كەلىمە ئىسمى ئەزەمنى ئوقۇغىن. شۇ چاغدا قانداق سۈرەتتە بولاي دېسەڭ بولالايسەن.

قورۇقچى خۇشال بولدى ۋە قولىنى ئۇزىتىپ ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئېتىكىدىن تۇتتى ۋە:

— ئەي ياخشى ئىنسانلارنىڭ پەيغەمبىرى، ئاۋۇ تاغنى ئالتۇنغا ئايلاندۇرغىن، — دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— مېنى قويۇۋەت، — دېدى. قورۇقچى:

— بولمايدۇ، ئەگەر بۇ تاغ ئالتۇنغا ئايلانسا، ئاندىن مەن سېنى قويۇۋېتىمەن، — دېدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

---

① كىتابتا پەيغەمبەر، دېيىلگەن.
② ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام.
③ قەدەم تۇپرىقى.

— تاغقا قارا، ئالتۇنغا ئايلانغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.

قورۇقچى تاغ تەرەپكە قارىدى. ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام غايىب بولدى. نىقابلىق ئادەم قورۇقچىغا:

— ھەي قورۇقچى، قارىغىن، — دېدى، — سېنىڭ تەمەخورلۇقۇڭ چۆللۈكتىن پەيغەمبەرلەر قاچتى.

شۇنداق قىلىپ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە نىقابلىق كىشى ئۆز لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، ئوردىغا قاراپ يول ئالدى.

ئەمدى بۇ تەرەپتىكى گەپكە كەلسەك، يەنە بىر كۈنى ناپاك جەزائىرلىق مەيدانغا چۈشتى. نىقابلىق ئادەم نەيزىسىنى بىر چەتكە تاشلىۋېتىپ، جەزائىرلىقنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ، ھېچقانچە كۈچىمەيلا بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئايلاندۇرۇپ يەرگە ئۇردى. قورۇقچى ئۇنىڭ مەيدىسىگە چىقىپ ئولتۇرۇپ، پۇت - قولىنى باغلىدى. پەرەڭ لەشكەرلىرى قالايمىقانلاشتى ۋە ئاخىر مەغلۇپ بولدى. كۈن ئولتۇردى، تىنچلىق ناغرىسى چېلىنىپ، ھەرقايسى تەرەپ ئۆز قارارگاھلىرىغا قايتىشتى.

ئىسكەندەر، ئەرەستۇ ۋە ئەمىرخانلار نىقابلىق ئادەمنى بارگاھقا تەكلىپ قىلدى. قورۇقچى كېلىپ ئەمىرنىڭ ئۇدۇلىدا ئۆرە تۇردى. ئىسكەندەر نىقابلىق كىشىگە قاراپ:

— ھەي جان بالام، ئەمدى ئېيتقىن، كىمنىڭ گۈلىستانىنىڭ گۈلى ئىكەنلىكىڭنى مەن بىلەي، — دېدى.

نىقابلىق ئادەم يۈزىدىن نىقابىنى ئالدى. قورۇقچى ئىسكەندەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي شەھرىيار، — دېدى، — بۇ سىزنىڭ پەرزەنت دىلبەندىڭىز سۇلتان تەيفۇر بولىدۇ، ئانىسى نازۇكئەندام گەردۇس شاھنىڭ قىزىدۇر، مەن قولىڭىزمۇ سىزنىڭ خانزادىڭىز نەئىم كۇسەنىڭ ئوغلى بولىمەن. فەتنەدىن تۇغۇلغان، ئىسمىم نەسىمدۇرمەن. بارگاھتىكىلەر نەسىمنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇشتى. ئەمىر[1] بالىسىنى سۆيۈۋېتىپ نەسىمنىڭ[2] قولىدىكى ئەنگۈشتەرنى ئېلىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ كېچە ئۆتۈپ، تاڭ ئاتتى. ئىسكەندەر قوشۇنلىرى بېشارەت ناغرىسى چالدى. بۇنى ئاڭلىغان بەلخ شاھى جالىنۇستىن:

— نېمە ۋەقە بولۇپتۇ؟ — دەپ سورىدى. جالىنۇس:

— ئۆزىنى نىقابلىۋالغان ئادەمنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكى ئاشكارىلىنىپتۇ، ئۇلارنى مۇشۇ يەردە تۇتۇۋالغىن، — دېدى. بۇ گەپ مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرسۇن.

ئەمدى مەرزۇق شاھنىڭ ئەيياررى بۇرەق پەرەڭگى توغرىلىق بىر نەچچە ئېغىز سۆز ئاڭلايلى.

بىر كۈنى مەرزۇق شاھ بۇرەق پەرەڭگىگە:

— سېنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا بېرىپ ئۇنىڭ ۋەزىرى ئەرەستۇنى ئېلىپ كېلىشىڭنى تەلەپ قىلىمەن، — دېدى.

بۇرەق تاشقىرىغا چىقىپ، قولىنى كۆزىگە قويۇپ ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىغا دىققەت بىلەن نەزەر سالدى.

كېچە بولغاندا بۇرەق ئۈستىگە قارا ئىتنىڭ تېرىسىنى يېپىندى. بوينىغا ئالتۇن زەنجىرنى سالدى ۋە يەرنىڭ تانابىنى ئىككى تارتىپ، ئۆزىنى ئىسكەندەرنىڭ ئوردىسىدا كۆردى. ئوردىدا چىراغلار يېنىپ تۇرغان بولۇپ، ئوردىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كەتكەن ئىدى. بىر چاغدا ئەرەستۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، چېدىر تەرەپكە قاراپ ماڭدى. بۇرەق پەرەڭگى، يەنى قارا ئىت ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. ئەرەستۇنىڭ مۇلازىملىرى ئىتنى كۆردى ۋە ئىتنىڭ بوينىدىكى ئالتۇن زەنجىرنى ئېلىۋالماقچى بولدى. ئۇلار «بۇ پەرەڭلەرنىڭ ئىتى

---

① ئىسكەندەر.
② كىتابتا نەئىمنىڭ دەپ يېزىلغان.

بولسا كېرەك» دېيىشتى ۋە مۇلازىملاردىن بىرى يېقىن كېلىپ ئىتنى تۇتماقچى بولغان ئىدى، ئىت ئۇ بىچارىنىڭ قورسىقىغا ئۇردى، ئۇ يارىلاندى. ھېچكىم ئىتقا يېقىنلىششقا جۈرئەت قىلالمىدى، ئارىدىن بىر مۇلازىم بىر پارچە ناننى قولىغا ئېلىپ يىراقتا تۇرۇپ ھاۋاغا تاشلىغان ئىدى. ئىت سەكرەپ چىقىپ ناننى تۇتىۋېلىپ يېدى. ھېلىقى مۇلازىم شۇنداق قىلىپ ئاستا ـ ئاستا ئىتنى ئۆزىگە ئۆگىتىپ، زەنجىرىدىن تۇتتى ۋە زەنجىرنىڭ ئۇچىدىكى ئالتۇن قوزۇقنى چېدىرنىڭ ئىشىكى ئالدىغا قېقىپ قويدى. بىر ئازدىن كېيىن مۇلازىملارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىشتى. مېھتەرى بۇرەق پەرەڭگى ئىتنىڭ تېرىسىدىن چىقىپ چېدىرنىڭ ئىچىگە كىردى ـ دە، ئەرەستۇنى ھوشسىزلاندۇرۇپ گىلەمگە يۆگىدى ۋە بەدەر تىكىۋەتتى. تاڭ ئاتتى، بۇرەق پەرەڭگى مەرزۇق شاھنىڭ[1] ئالدىغا كېلىپ گىلەمنى يەرگە قويدى ۋە ئۇنى ئاچتى. مەرزۇق شاھ بۇرەقنى ماختىدى ۋە:

— ھەي بۇرەق، — دېدى، — ئىسكەندەرنىڭ ئىشى بىر ياقلىق بولغۇچە ئەرەستۇنى ياخشى ساقلا.

مېھتەرى بۇرەق ئەرەستۇنى قەپەسكە سولاپ چارسۇ ئېغىزىغا ئېلىپ بېرىپ ئېسىپ قويدى ۋە بىرقانچە ئەييارنى ئۇنى ساقلاشقا قويدى.

بۇ تەرەپتە بولسا، تاڭ ئاتقاندىن كېيىن «كېچىدە ئەرەستۇنى چېدىرىدىن كاپىرلارنىڭ ئەييارلىرى ئېلىپ كېتىپتۇ» دېگەن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى. ئىسكەندەر ئەييارلىرىنى چاقىرتىپ كەلدى ۋە:

— مېھتەرى مەھمۇد، مېھتەرى ھەندان ۋە مېھتەرى نەئىملەر بېرىپ ئەرەستۇنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلسۇن، — دېدى.

مېھتەرى نەسىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— شەھرىيار، — دەپ ئىلتىماس قىلدى، — ھۇزۇرىڭىزدا ئەييارلار كۆپ، لېكىن بۇ ئەييارلارغا بىر باشلىق بولۇشى كېرەك، كىمكى ئەرەستۇنى قۇتۇلدۇرۇپ كەلسە، قالغان بارلىق ئەييارلار شۇ ئەييارنىڭ خىزمەتكارى بولسۇن، شۇ ئەييار بارلىق ئەييارلارغا سەرھەڭ بولسۇن.

ئىسكەندەر نەسىمگە ئاپىرىن ئېيتتى ۋە:

— كىمكى ئەرەستۇنى ئېلىپ كەلسە ھۆپۈپنىڭ ئورنىدا جاسۇسلۇق سەندىلىدە[2] — دېدى. ئىسكەندەر جەزائىرلىق پالۋاننى ھازىر قىلىشنى بۇيرۇدى. جەزائىرلىق زىنداندىن ئېلىپ كېلىندى. ئىسكەندەر ئۇنىڭغا:

— ئەي جەزائىرلىق، مۇسۇلمان بولغىن، ئىككىمىز بۇرادەر بولايلى، — دېدى.

جەزائىرلىق پالۋان:

— مەن ھەرگىز بۇتپەرەسلىكتىن ۋاز كەچمەيمەن، — دېدى. ئىسكەندەر:

— بۇ ناپاك تۇمۇر تەنلىكنى خۇددى ئەينەكنى سۇندۇرغاندەك پارچە ـ پارچە قىلىۋەتسە بولغۇدەك، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ جەزائىرلىقنى ئۆلتۈرمەكچى بولدى. شۇ چاغ ئاسماندىن بىر قول پەيدا بولۇپ، جەزائىرلىقنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى ۋە:

— مەرجان جادۇنىڭ بېشى سالامەتلا بولىدىكەن ھېچكىم بۇ جەزائىرلىققا قول تەگكۈزەلمەيدۇ، — دەپ ۋارقىرىغىنىچە جەزائىرلىقنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئەمدى ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئەييارلىرىدىن بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئاڭلايلى:

رىۋايەتچى ئېيتىدۇكى، ئەييارلار مەرزۇق شاھنىڭ پايتەختى قەبرىسىيە شەھىرىگە يېتىپ كېلىشتى ۋە بىر ۋەيرانە ھامامغا كىرىپ ئورۇنلاشتى.

مەرزۇق شاھنىڭ قول ئاستىدىكىلەر ئۇنىڭغا:

— بىر ھاكىم خۇداپەرەسلەرنىڭ زۇلۇمىدىن قېچىپ ھۇزۇرىڭىزغا پاناھ ئىزدەپ

---

[1] كىتابتا «بەلخ شاھى» دەپ يېزىلغان.
[2] تەختىدە.

كېلىپتۇ، ــــ دەپ خەۋەر يەتكۈزۈشتى. مەرزۇق شاھ كۆرۈشۈشكە ئىجازەت بەردى. ئۇنىڭ ئالدىغا جالىنۇس كىرىپ كەلدى. مەرزۇق شاھ ئۇنىڭدىن بەلخ شاھىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. جالىنۇس بەلخ شاھىنىڭ ئىسكەندەرنىڭ ئىتائىتىگە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئېيتتى. مەرزۇق شاھ جالىنۇسنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇش توغرىسىدا بۇيرۇق بەردى.

نەسىم ئەييار قېرى ئادەمنىڭ سۈرىتىگە كىرىپ، بىر باغ تىكەننى دۈمبىسىگە يۈدۈدى، پۇتىغا چورۇق، بېشىغا تەلپەك كەيدى. ئۇنىڭ بېشى خۇددى لەگلەكنىڭ ئۇۋىسىغا ئوخشاپ قالدى. ئۇ ھاممامدىن چىقىپ، بىر ئاشخانىغا كەلدى ۋە ئاشپەز ئۇستىدىن:

ــــ ھەي ئۇستام، تىكەن ئالامسىز؟ ــــ دەپ سورىدى.

ــــ نەچچە پۇل، ــــ دېدى ئۇستا.

ــــ قورسىقىم تويغۇدەك تائام ۋە بىر تىللا بەرسىڭىز بولدى، ــــ دەپ جاۋاب بەردى نەسىم.

ــــ تىكەننى قويۇپ دۇكانغا كىر، ــــ دېدى ئۇستا.

نەسىم تىكەننى يەرگە قويۇپ دۇكانغا كىردى ۋە:

ــــ تائامدىن ئازراق ئېلىپ كېلىڭ، ــــ دېدى.

ئۇستا تاماق ئېلىپ كېلىشكە ماڭدى. نەسىم دۇخۇلنى (دخل) ئوغرىلاپ چىقىپ كەتتى. ئاشپەز تاماق سېلىنغان تاۋاقنى ئېلىپ كېلىپ قويدى. لېكىن، بايىقى ئادەم كۆرۈنمەيتتى، قارىغۇدەك بولسا دۇخۇل يوقالغان ئىدى. ھەرقانچە ئىزدەپمۇ نەسىمنى تاپالمىدى ۋە تىكەن ساتقۇچىنىڭ ئوغرى ئىكەنلىكىنى بىلدى.

نەسىم بولسا قايتىپ ۋەيرانە ھاممامغا كەلدى ۋە دۇخۇلنى شۇ يەرگە يوشۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى بىر سودىگەرنىڭ قىياپىتىگە كىردى، ئۇستىگە مەخمەل چاپان كىيىپ، بېلىگە قىرىق ئالتۇن ئاچقۇچنى ئاستى ۋە بەخىرامان ھالدا بازارنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن مېڭىپ تۆت كوچىغا كەلدى. بۇ يەردە جاۋاھىرپۇرۇشلارنىڭ دۇكانلىرى بار ئىدى. نەسىم بۇ يەردە مىھتەرى بۇرەقنىڭ تەخت ئۇستىدە ئولتۇرغانلىقىنى، ئەييارلىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم جاۋاھىرپۇرۇشقا قاراپ:

ــــ ياخشى جاۋاھىرلار بولسا كۆرسەتكىن، ــــ دېدى.

جاۋاھىرپۇرۇش يەتتە دانە جاۋاھىرنى پاختىغا ئوراپ نەسىمنىڭ قولىغا بەردى. نەسىم:

ــــ بۇ جاۋاھىرلار ئانچە ياخشى ئەمەس ئىكەن، ياخشىسىنى كۆرسەت، ــــ دېدى.

جاۋاھىرپۇرۇش يەنە ئۈچ دانە جاۋاھىرنى ئېلىپ كېلىپ نەسىمگە بەردى. نەسىم جاۋاھىرپۇرۇشقا ئون يەتتە ئەشرەپنى[1] بېرىپ، قالغىنىنى ھازىر بېرىمەن، دەپ قويۇپ ئولتۇردى. جاۋاھىرپۇرۇش ئىچكىرىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. نەسىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ قېچىپ كەتتى. جاۋاھىرپۇرۇش ئىچكىرىدىن چىقىپ قارىسا، سودىگەر كۆرۈنمەيتتى، سودىگەر بۇ ئادەم ئوغرى ئىكەن، دەپ ئويلىدى ۋە دەرھال بۇرەق پەرەڭگىنىڭ ياقىسىدىن ئالدى:

ــــ سەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ، ــــ دېدى جاۋاھىرپۇرۇش، ــــ سېنىڭ كۆز ئالدىڭدىلا شۇنچىۋالا جاۋاھىرنى ئېلىپ كېتەمدۇ، مېلىمنى سېنىڭدىن ئالىمەن.

شۇ چاغدا ئاشپەز كەلدى ۋە تىكەن ساتقۇچىنىڭ ئىشىنى بايان قىلدى. بۇرەق ئۇلارغا:

ــــ ئۇ ناتونۇش ئەييارنى مەن بىر تەرەپ قىلاي، سىلەر كېتىپ تۇرۇڭلار، ــــ دېدى ۋە ئۆزى ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراشقا باشلىدى. توساتتىن ئۇ نەسىمنى كۆرۈپ قالدى. نەسىم ئۇچىسىغا قىممەت باھا تون كىيىۋالغان سودىگەر قىياپىتىدە بولسىمۇ، لېكىن بۇرەقنىڭ كۆزىگە ئەييارغا ئوخشاش كۆرۈندى. بۇرەق نەسىمدىن:

ــــ سەن نېمە ئادەم؟ ــــ دەپ سورىدى. نەسىم:

---

① شۇ زاماندىكى پۇلنىڭ نامى.

— سودىگەرمەن، — دېدى. بۇرەق:
— ئۆيۈڭ قەيەردە؟ — دەپ سورىدى.
— كارۋان سارايدا، — دەپ جاۋاب بەردى نەسىم.
— مېنى باشلاپ بارغىن، — دېدى بۇرەق، — ئۆيۈڭنى كۆرەي.

نەسىم ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى، لېكىن كارۋان سارىيىنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. كېتىۋېتىپ ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار بىر كارۋان سارىيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئىچكىرىگە كىرىپ بىر ھۇجرىنىڭ ئىشىكىگە قۇلۇپ سېلىنىغانلىقىنى كۆردى. نەسىم قۇلۇپقا قانداق ئاچقۇچنىڭ چۈشىدىغانلىقىنى بىر قاراپلا بىلدى ـ دە، ئېسىۋالغان ئاچقۇچلىرىدىن بىرنى ئېلىپ، ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. بۇرەق ئۆي ئىچىدە ياخشى رومال، سەللە ۋە كىيىم ـ كېچەكلەرنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى. نەسىم دەرھال ئىككى رومالنى ئېلىپ، قەدەم ھەققى، دەپ بۇرەققە بەردى. قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ بىردىن رومال بەردى. بۇرەق خاتىرجەم ھالدا سارايدىن چىقىپ كېتىپ قالدى. نەسىم ھۇجرا ئىگىسى سودىگەرنىڭ جاۋاھىر ساندۇقىنى كۆتۈرگىنىچە سارايدىن چىقىپ تىكىۋەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ھۇجرا ئىگىسى يېتىپ كېلىپ، ھۇجرا ئىشىكىنىڭ ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، ئۆيگە كىرىپ جاۋاھىر ساندۇقى بىلەن بىرمۇنچە رومالنىڭ يوقالغانلىقىنى كۆرۈپ، ياقىسىنى چاك قىلىپ، مەرزۇق شاھقا بېرىپ ئەرز قىلدى. مەرزۇق شاھ بۇ ئىشنى بۇرەق بىر تەرەپ قىلسۇن، دەپ بۇيرۇدى. شۇ يەردە تۇرغان جالىنۇس مەرزۇق شاھقا:

— ئىسكەندەرنىڭ ئەييارلىرى كەلگەن بولسا كېرەك، — دېدى، لېكىن جالىنۇس نەسىمنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. ئۇ قورىگە قاراپ ئۆزىنى نەسىمنىڭ ئۆلتۈرىدىغانلىقىنى كۆردى.

— بۇ ئەييارنى تۇتۇپ قېنىنى تۆكۈشكە تىرىشىمەن، — دېدى جالىنۇس.

نەسىم ھاممامغا كېلىپ باشقا ئەييارلارنىڭ كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ كىيىشىپ، تاماشا قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئۇلارغا:

— بۈگۈن كېچە ئەرەستۇنى قۇتۇلدۇرايلى، — دېدى.

تۆت ئەييار ھاممامغا قايتىپ كەلدى. تۈندە ئۈچىنچى جىسەكنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندا ئەييارلار چارسۇغا بېرىپ تۆتىسى تۆت تەرەپتىن بۇرەق كۆزىتىپ ئولتۇرغان جايغا ئېسىلغان چىراغلارغا تاش ئېتىپ قېچىپ كەتتى. بۇرەق ئەييارلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. نەسىم قېچىپ بېرىپ بىر قاراڭغۇ دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىپ يوشۇرۇنۇۋالدى. بۇرەق ۋە ئۇنىڭ ئەييارلىرى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، چارسۇدا ئادەم قالمىغانلىقىنى كۆرگەن نەسىم ئەرەستۇنى قۇتۇلدۇرماقچى بولۇپ تۇرغاندا، بۇرەق ئەييارلىرى بىلەن يەنە پەيدا بولۇپ نەسىمگە ھۇجۇم قىلدى. نەسىم قاچتى. بۇرەقنىڭ ئەييارلىرى ھەرقانچە يۈگۈرۈپمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمىدى.

تاڭ ئاتقاندا نەسىم بىر قارا قۇلنىڭ سۈرىتىدە ياسىنىپ چارسۇغا كەلدى. بۇرەق ئۇنى كۆرۈپ كۆڭلىدە «بۇ ياخشى ھەبەش قۇل ئىكەن» دەپ ئويلىدى ۋە نەسىمنى يېنىغا چاقىرتىپ، ئۆزىگە خىزمەتكار قىلىۋالدى. بىر ئازدىن كېيىن بۇرەق نەسىمگە:

— سەن مېنىڭ كىيىملىرىمنى ھاممامغا ئېلىپ بار، مەن كەينىڭدىن بارىمەن، — دېدى. نەسىم بۇرەقنىڭ كىيىملىرىنى كۆتۈرگەن پېتى قېچىپ كەتتى. مېھتەرى بۇرەق ھاممامغا كېلىپ ئۇ يەردىكىلەردىن:

— بىر قارا قۇل كەلدىمۇ؟ — دەپ سورىغان ئىدى، ھەممە ئادەم كۆرمىگەنلىكىنى ئېيتتى. بۇرەق ھەرقانچە ئىزدەپمۇ نەسىمنى تاپالمىدى ـ دە، ئۆزىنىڭ ئەييارلىرىدىن بىرىنى بۇيرۇپ، ئۆيىدىن باشقا كىيىم ئالدۇرۇپ كېلىپ، كىيىم ساقلىغۇچىغا بەردى ۋە ئۆزى يۇيۇنۇشقا كىرىپ كەتتى.

نەسىم بولسا بايىقى كىيىمنى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان ۋەيرانە ھاممامغا ئېلىپ بېرىپ

كۆمۈپ قويۇپ قايتىپ بېرىپ، بۇرەق كىرگەن ھاممامغا كىردى ۋە كىيىم ساقلىغۇچىنى ھوشسىزلاندۇرۇپ قويۇپ، ئۆزى كىيىم ساقلىغۇچىنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ، بۇرەقنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ يەنە قېچىپ كەتتى. بۇرەق يۇيۇنۇپ بولۇپ، چىقىپ قارىسا، كىيىم ساقلىغۇچى كۆرۈنمىدى. ئۇ يەنە بىر قېتىم ئۆيگە ئادەم ئەۋەتىپ كىيىم ئەكەلدۈرۈپ كىيىپ، ئاندىن چارسۇغا كەلدى.

كەچ بولدى، نەسىم ۋە ئۇنىڭ ئەييارلىرى يەنە چارسۇغا كېلىپ، مەشئەلگە قارىتىپ ھەربىرى بىردىن تاش ئېتىپ قاچتى. بۇرەق ئەييارلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. نەسىم چارسۇنىڭ خالىي قالغانلىقىنى كۆرۈپ، خەنجىرى بىلەن قەپەسنى پاچاقلاپ تاشلاپ ئەرەستۇنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندا بۇرەق ئەييارلىرى بىلەن كېلىپ قالدى. ئۇلارنى كۆرگەن نەسىم چاقماقتەك تېزلىك بىلەن بىر تەرەپكە قاراپ قاچتى، بۇرەق پەرەڭگى كەينىدىن قوغلىدى. ئويلىمىغان يەردىن نەسىم بىر خالتا كوچىغا كىرىپ قېلىپ، قانداق قىلىشنى بىلمەي ھەيران بولۇپ تۇرغاندا، بىر ئىشىك ئېچىلىپ:

— ھەي نەسىم، دەرھال ئۆيگە كىرگىن، — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى، نەسىم ئۆيگە كىرىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىدى. كەينىدىنلا بۇرەق كېلىپ ھېچقانداق ئادەمنى كۆرمىگەندىن كېيىن قايتىپ كەتتى.

نەسىم ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ئۆي ئىچىدە بىر قېرى ئادەم بىلەن ئون تۆت ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىنىڭ بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. قېرى ئادەم ئۇلارغا ناھايىتى دوستانە مۇئامىلە قىلدى. نەسىم ئۇنىڭدىن:

— ھەي بوۋاي، سىز كىم بولىسىز، نېمە سەۋەبتىن ماڭا بۇنچىۋالا دوستلۇق ئىزھار قىلىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— مېنى ھەرىرقەلەمزەن، دەپ ئاتىشىدۇ، — دېدى بوۋاي، — قايسى كۈنى جالىنۇس بۇ شەھەرگە كەلدى، شۇ كۈندىن باشلاپ مەرزۇق شاھ مېنى نەزىرىگە ئالمايدىغان بولدى. بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى چۈشۈمدە ئىبراھىم خەلىلۇللانى كۆردۈم، ئۇ مېنى مۇسۇلمان قىلدى ۋە ماڭا «پالانى كېچىسى نەسىم ئەييار ئەرەستۇنى بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىدۇ، سەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلغىن» دېدى، شۇ سەۋەبتىن مەن ساڭا ياردەم قىلدىم. مېنىڭ ساڭا بىر ئىلتىماسىم بار، يەنى ئوغلۇم ئەقلىمۇننى بىللە ئېلىپ كېتىپ، ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ بارساڭ، ئىسكەندەر ئوغلۇمغا مەنسەپ ئاتا قىلغان بولسا.

نەسىم بوۋاينىڭ ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلدى ۋە شۇ كېچىسى ئەرەستۇ ۋە ئەقلىمۇنلار بىلەن شەھەر دەرۋازىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار دەرۋازىغا يېتىپ كەلگەندە دەرۋازىۋەن ئۇخلاپ قالغان ئىدى. نەسىم بىھوش دورىسىنى دەرۋازىۋەننىڭ بۇرنىغا پۇراتتى ۋە ئاچقۇچنى ئېلىپ دەرۋازىنى ئاچتى - دە، ئوردا تەرەپكە قاراپ راۋان بولدى.

تاڭ ئاتتى، ئىسلام لەشكەرلىرىنىڭ ئەييارلىرى نەسىمنىڭ ئەرەستۇنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈشتى. بارلىق ئەييارلار نەسىم بىلەن بىرلىكتە ئەمىرنىڭ ھوزۇرىغا قاراپ ماڭدى. ئەمىر ئىسكەندەر ئەرەستۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولدى ۋە:

— ئەي خىزىر، نەسىمگە جۇمھۇر كۈلاھىنى ۋە ھۆپۈپنىڭ تەختى بىلەن ھاسىسىنى بەردىم، ئەقلىمۇننى بولسا خەزىنىچىلىككە تەيىن قىلدىم، — دېدى، ئاندىن كېيىن شاتلىق بەزمىسى تۈزۈلدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەدەپ - ئەخلاق توغرىسىدا

## ئەلىشىر نەۋائى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: نىمەتۇللا ئەبەيدۇللا

ئەلگە شەرەف بولمادى جاھۇ نەسەف،
لېك شەرەف كەلدى ھەياۋۇ ئەدەب.

(مەنسەپ ۋە نەسەبنىڭ يۇقىرىلىقى كىشىگە شان - شەرەپ كەلتۈرەلمەيدۇ. لېكىن ھەقىقىي شان - شەرەپ كەلتۈرگۈچى نەرسە ئىنساندىكى ئەدەپ ۋە ھايادۇر).

بولماس ئەدەبسىز كىشىلەر ئەرجۇمەند،
پەست ئېتەر ئۇل خەيلىنى چەرخى بەلەند.

(ئەدەپسىز كىشىلەر ھەرگىزمۇ ئەزىز بولالمايدۇ. بۇنداق كىشىلەر ئاخىر دەۋر تەرىپىدىن خارلىققا دۇچار قىلىنىدۇ).

تەركى ئەدەبدىن بىرى كۈلگۈدۇرۇر،
كۈلگۈ ئەدەپ تەركىغە بەلگۈدۇرۇر.

(ئەدەپسىزلىكنىڭ بىر ئالامىتى ئورۇنسىز كۈلۈشتۇر. چۈنكى ئورۇنسىز كۈلكە ئەدەپسىزلىكنىڭ بەلگىسى).

ھىكمەت ئەھلى ئالدىدا ساۋۇق سىفەت يوق كىمسەدە،
سۇبھى كازىبدەك مەھەلسىز ئەيلەگەن كۈلگۈ كەبى.
لېك مۇندىن كۆپ ساۋۇقدۇر ئەشك تۆكمەك زور ئىلە،
دەي يىلىدە قەترە - قەترە مۇز تامىزغان سۇ كەبى.

(دانىشمەنلەر ئالدىدا كىشىنىڭ خۇددى يالغان سۇبھىگە ئوخشاش ئورۇنسىز كۈلۈشىدەك سوغۇق كۆرۈنىدىغان نەرسە يوق. لېكىن، زورلاپ ياش تۆكۈش ئۇنىڭدىنمۇ سوغۇق كۆرۈنىدىغان ئىش بولۇپ، خۇددى قىش شامىلىدا ئۆزىنىڭ قەترىسىنى مۇزغا ئايلاندۇرۇپ تامچىلىتىدىغان سۇغا ئوخشايدۇ).

تەۋازۇ خەلقنى كىشى مۇھەببەتىغە شىفتە قىلۇر ۋە فائىل مەۋەددەتىغە فەرىفتە قىلۇر.
(كىچىك پېئىللىق كىشىنى خەلقنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە دوستلۇقىغا مۇيەسسەر قىلىدۇ).

تەۋازۇ سەخا قىلماي ئەلنى شاد قىلۇر ۋە ئەتا كۆرگۈزمەي كىشىنى غەمدىن ئازاد قىلۇر.

(كىچىك پېئىللىق بىرەر نەرسە بەرمەي تۇرۇپ، كىشىلەرنى خۇشال قىلىش ۋە مۇرۇۋۋەت كۆرسەتمەي تۇرۇپ كىشىنى غەمدىن ئازاد قىلىشتۇر).

تەۋازۇنىڭ تەكرارى ھەياسىز مۇددەئىنى ئۇيات سەرھەددىدىغە باشقارۇر ۋە تىئىدادى ئىنساپسىز ئەدۇۋنى يامانلىغدىن ئۆتكەرۇر.
(تەكرار كىچىك پېئىللىق قىلىش ھاياسىز دەۋاگەرنى ئۇيات چېگرىسىغا قايتۇرىدۇ ۋە ئىزچىل كەمتەرلىك قىلىش ئىنساپسىز دۇشمەننى يامانلىق قىلىشتىن ياندۇرىدۇ).

كىمكى ئۇلۇغراق ئاڭا خىدمەت كېرەك،
ئولكى كىچىكرەك، ئاڭا شەفقەت كېرەك.

(ھەر بىر ئادەم ئۆزىدىن چوڭلارغا خىزمەت قىلىشى ۋە ئۆزىدىن كىچىكلەرگە مېھرى شەپقەت كۆرسىتىشى كېرەك).

ئەيش، نەۋائى، نىچە دىلكەشدۇرۇر،
لېك ئاداب بىرلە ھەيا خۇشدۇرۇر.

(ئەي نەۋائى، بەزمە ۋە زىياپەتلەر ھەر قانچە كۆڭۈللۈك بولسىمۇ، ئەدەپ ۋە ھايا بىلەن ئولتۇرۇش ياخشىدۇر).

يامان قىلىغلىغ بەدخۇي ۋە پات ئاچچىغلىغ تۇرۇشرۇي بىر بەلاغە گىرىفتار ۋە بىر ئىبتىلاغە مۇبتەلاكىم، ھەريان بارسا ئاندىن قۇتۇلماس، ھەر سارى قاچسە ئاندىن خەلاس بولماس.
(ئەخلاقسىز، مىجەزى ئوسال ۋە ئاچچىقى يامان، قوپال كىشىلەر ھەمىشە بىرەر بالا ـ قازاغا ئۇچراپ تۇرىدۇ ۋە ئۆزىگە خاپىلىق تېپىۋالىدۇ. نەگىلا بارمىسۇن بالا ـ قازادىن قۇتۇلالمايدۇ ۋە نەگىلا قاچمىسۇن، خاپىلىقتىن خالىي بولالمايدۇ).
ھىلم ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ فەۋاكىھلىغ باغىدۇر ۋە ئادەمىيلىق تاغىنىڭ جەۋاھىرلىق تاغىدۇر.
(كىچىك پېئىللىق ئىنسان ۋۇجۇدىنىڭ شېرىن مېۋىلىك بېغىدۇر ۋە ئادەمگەرچىلىك دۇنياسىنىڭ گۆھەرگە تولغان تېغىدۇر).

ھىلمنى ھەۋادىس دەرياسىدە كىشىلىك كېمەسىنىڭ لەنگەرى دېسە بولۇر ۋە ئىنسانىيەت مىزانى تاشىغە نىسبەت قىلسە بولۇر.
(يۇمشاق مۇئامىلىنى ھادىسىلەر دەرياسىدا كېتىۋاتقان ھايات كېمىسىنىڭ لەڭگىرىگە ئوخشىتىشقا ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەر تارازىسىنىڭ تېشىغا تەڭلەشتۇرۇشكە بولىدۇ).

خىرەدمەند مۇخالىفەتدىن قاچار ۋە مۇۋافەقەتقە مۇلايەمەت ئىشكىن ئاچار.
(ئەقىللىق كىشىلەر باشقىلار بىلەن زىتلىشىپ قېلىشتىن ئۆزىنى تارتىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ مۇۋاپىق مۇئامىلىلىرىگە مۇلايىملىق ئىشىكىنى ئاچىدۇ).

يۇقارى ئولتۇرۇرنى كىم تىلەسە،
كىشىلىكتىن ئانى يىراق بىلگىل.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئولتۇرۇر سەفدە يۇقارىلىقتىن،
ئولتۇرۇر سەفدە ياخشىراق بىلگىل.

(ھەر قانداق كىشى باشقىلاردىن يۇقىرى ئولتۇرۇشنى خالايدىغان بولسا، ئۇنى ئادەمگەرچىلىكتىن يىراق ئىكەن، دەپ بىلگىن. باشقىلاردىن يۇقىرى ئولتۇرۇشتىن كۆرە، باشقىلارنىڭ قاتاردا ئولتۇرۇشنى ئەلا بىلگىن).

بىر دېگەننى ئىككى دېمەك خۇش ئەمەس،
سۆز چۇ تەكرار تاپدى دىلكەش ئەمەس.

(بىر قېتىم ئېيتقان سۆزنى يەنە ياندۇرۇپ دېيىش ياخشى ئەمەس، تەكرارلانغان سۆز كۆڭۈلگە ياقمايدۇ).

خۇبكىم يوقتۇر شەمايىل بىرلە شىرىن سۆز ئاڭا،
سەيد بولماس ئەل، نېچەكىم بولسە زىيبا سۇرەتى.
خىلئەتىن زەربەفت دىيبادىن گەر ئەتسۇن، بىل يەقىن،
كىم نەمۇدار ئېچرەدۇر زەربەفت دىيبا سۇرەتى.

(بىراۋنىڭ كۆرۈنۈشى ھەر قانچە چىرايلىق بولسىمۇ، ئەگەر ئۇ ئەخلاقلىق ۋە شېرىن سۆزلۈك بولمايدىغان بولسا ھېچكىم ئۇنىڭغا مايىل بولمايدۇ. ئۇنداقلار ئەگەر نەپىس زەرباپتىن كىيىم كىيىۋالغان ھالەتتىمۇ، سەن ئۇنى نەپىس زەرباپ كىيىملەرنى كۆرگەزمە قىلىدىغان بىر قارانچۇق، دەپ بىلگىن).

گەرچە قۇياشتىن پەرۋەرىش ئالەم يۇزىغە ئام ئېرۇر،
سەھرادە قامغاغۇ تىكەن، بوستاندا سەرۋۇ گۇل بىتۇر.

(گەرچە قۇياش نۇرى پۈتۈن ئالەمگە تەكشى چېچىلىپ، ئورتاق پەرۋىش قىلسىمۇ، يەنىلا چۆلدە قامغاق ۋە تىكەنلەر ئۈنىدۇ، بوستاندا بولسا سەرۋى ۋە گۇللەر ئۆسىدۇ).

بەرمەس تەتۋىل چۇ سۇخەندان سۆزگە،
قىل مۇختەسەر ئولچە بولغاي ئىمكان سۆزگە.

(ناتىق كىشى بەك ئۇزۇن سۆز قىلمايدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە قىسقا سۆزلەش لازىم).

سۆزى ھېسابسىز ـ ئۆزى ھېسابسىز.
(كۆپ سۆزلەيدىغان كىشىنىڭ ئابرۇيى بولمايدۇ).

گەر ئىش غەيرى مەۋقىئىدە مەۋجۇد ئېرۇر،
كىشى ھەر نېكىم قىلدى مەردۇد ئېرۇر.

(بىر ئىش قىلىشتا ئەگەر نىيەت ناتوغرا بولسا، كىشى ھەر قانچە ھەرىكەت قىلغان

بىلەنمۇ، ئىشنىڭ نەتىجىسى خاتا بولىدۇ).

مۇلايىم تەكەللۇم ۋەھشىلەرنى ئۇلفەت سارى باشقارۇر.
(مۇلايىم سۆز دۈشمەنلەشكۈچىلەرنىمۇ دوستلاشتۇرالايدۇ).

تەۋازۇ ياخشى ئەمما ياخشىراقدۇر،
ئەگەر دەئب ئەتسە ئانى ئەھلى دەۋلەت.

(كىچىك پېئىللىق ياخشى خىسلەت، ئەگەر دۆلەتمەن كىشىلەر ئۇنى ئۆزىگە ئادەت قىلسا، بۇ تېخىمۇ ياخشىدۇر).

نىچە زەرۇرەت ئارا قالغان چاغى،
چىن دېمەس ئەرسەڭ، دېمە يالغان داغى.

(ئەگەر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن راست گەپ قىلىشقا ئىمكان بولماي قالسا، يالغان سۆزنىمۇ سۆزلىمە).

تەبىئەتكە ھەرنىكى ئادەت بولۇر،
چۇ ئەسكىردى ئادەت، تەبىئەت بولۇر.

(ئەگەر كىشى ئۆز مىجەزىگە بىرەر ناچار ئىشنى ئادەت قىلىــــۋالسا، ئۇ ئادەت كونىرىغانسېرى ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئايلىنىدۇ).

نېكىم قىلدى جاھىلكى، ئېردى يەمان،
تۇتۇپ ئەكسىنى تاپدىم ئاندىن ئەمان.

(بىلىمسىز كىشىلەر قانداق يامان ئىشنى قىلغان بولسا، مەن ئۇ ئىشنىڭ تەتۈرسىنى قىلىپ، ئۇ ئىشتىن ئامانلىق تاپتىم).

كىمكى، تىلەسەڭ بىلەي، مەقالىن ئاڭلا،
ئەسلىن دېسەڭ ئاڭلايىن، فەئالىن ئاڭلا.
كىردىگارىغە باقىپ، ئەسل ھالىن ئاڭلا،
ئەسلىغە دەلىل ئانىڭ مىسالىن ئاڭلا.

(ھەر قانداق كىشىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى بىلمەكچى بولساڭ، ئۇنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ باق. ئەگەر ئۇنىڭ تېگى - تەكتىنى بىلەي دېسەڭ، ئۇنىڭ خۇي - پەيلىنى كۆزەتكىن. چۈنكى، قىلىۋاتقان قىلىقىغا قاراپ كىشىنىڭ ئەسلي قىياپىتىنى بىلگىلى بولىدۇ. ئەمەلىي ھەرىكەت ھەر كىمنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنىڭ ئاشكارىلىنىشىدۇر).

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# تارىخى رەشىدى[①]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### يۇنۇسخاننىڭ مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا مەدەتكار بولۇپ، لەشكەر تارتىپ كەلگەنلىكى ۋە بۇ قېتىممۇ يەركەندە مىرزا ئابابەكرىدىن ئىككىنچى نۆۋەت زەربە يەپ يانغانلىقى

ياندۇرقى يىلى، يەنى تارىخقا سەككىز يۈز سەكسەن بەشىنچى يىلى[②] يۇنۇسخان ھەممە موغۇل لەشكەرلىرىنى ئېلىپ، ئاتمىش مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن قەشقەرگە كەلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىمۇ ئۆتكەن يىلىدىكىدىن ئارتۇقراق لەشكەر توپلاپ، خانغا قوشۇلدى. سۇلتان يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن بىللە ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ توقسان مىڭ كىشىلىك قوشۇن بىلەن يەكەنگە يۈرۈش قىلدى. مىرزا ئابابەكرىمۇ ئۆتكەن يىلدىكى ئۇسۇل بويىچە يەكەن قەلئەسىگە بېكىنىۋالدى. ئۇمۇ ئاتلىق ۋە پىيادە بولۇپ بەشمىڭ لەشكەر توپلىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئۈچ مىڭى ئاتلىق، ئىككى مىڭى پىيادە ئىدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئەمىر سەييد ئەلىنىڭ ئەمىرلىرى ۋە باھادىرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۇلارنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەي، قولدىن چىقىرىپ قويغانىدى. مىرزا ئابابەكرى يەنە مىڭ نەپەر مەرگەن ئوقيا ئاتقۇچىلارنى نۇرغۇن ۋەدىلەر بىلەن ۋىلايەت ـ ۋىلايەتلەردىن ئىلغاپ توپلىغانىدى.

خاننىڭ لەشكىرى يەكەن قەلئەسىنى گوياكى ئۈزۈكنىڭ كۆزىدەك ھالقا قىلىپ قورشاپ چۈشتى. خاننىڭ ئۆزى يەكەننىڭ شەرق تەرىپىدىكى مەشھۇر جاي بولغان قارلىغاچلىق يار دېگەن يەرگە چۈشتى. نامازدىگەر ۋاقتى بولغانىدى، خاننىڭ لەشكىرى ئىچىدىكى ھەربىر قوشۇندىن باش ـ باشتاقلار ئۆز ھەۋەسلىرى بىلەن قەلئە ئالدىغا بېرىپ، جەڭگە مەشغۇل بولدى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكىرى ھەر ئاتلىق لەشكەرنىڭ ئالدىدا بىردىن پىيادە ئوق ئاتقۇچى لەشكەر ۋە ھەربىر ئوق ئاتقۇچىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر پىيادە سۈپەر (قالقان)

---

① بېشى ئۆتكەن ساندا

② ھىجرىيە 885 ـ يىلى مىلادىيە 1480 ـ 1481 ـ يىللارغا توغرا كېلىدۇ.

كۆتۈرگەن لەشكەر ئورۇنلاشقان ھەلدا قەلئە ئىچىدىن چىقىپ كەلدى. شۇنداق قىلىپ قاتتىق جەڭ بولدى. خان ئۆزى چۈشكەن مەنزىلدە ئولتۇراتتى، بىر توپ كىشىلەر كېلىپ بولۇۋاتقان جەڭنىڭ تولا تەرىپ ـ تەۋسىپلىرىنى قىلدى ۋە: «بېرىپ ئۇ جەڭنى تاماشە قىلىش كېرەك» دەپ تەرغىب قىلىشتى. شۇڭا خان تاماشا كۆرۈش ئۈچۈن ئاتلاندى. جەڭ كىيىملىرىنىمۇ كىيمەي بىر نەچچە كىشى بىلەن راۋان بولدى. ئۇلار بىر يارنىڭ لېۋىگە كېلىپ قارىغاندى، ئىككى تەرەپتىن پىيادىلەر بىر ـ بىرى بىلەن جەڭ قىلىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما يارنىڭ تۆپىسىدىن ئۇ جەڭنىڭ ئەھۋالىنى پەرق قىلغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار يارنىڭ تۈۋىگە چۈشتى. پىيادىلەر خاننى كۆرۈپ روھلاندى ۋە قاتتىق جەڭ قىلىپ تۇراتتى، شۇ ئەسنادا خاننىڭ مۆتىۋەر پالۋانلىرىدىن ئەلەم شەيخ باھادىر يېتىپ كەلدى. ئۇ ئەسلى چېدىردا قالغانىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ پەيتتە بېرىپ خاننىڭ ئالدىدا باتۇرلۇق كۆرسىتىپ ئۆز تەكتۇشلىرىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ ئابرۇيلۇق بولۇش ھەۋىسى پەيدا بولدى. شۇڭا، دەرھال جەڭ كىيىملىرىنى كىيىپ خاننىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلگەنىدى. ئۇ جەڭ قىلىۋاتقان پىيادىلەرنى كۆردى. خاننىڭ پىيادە لەشكەرلىرى بىلەن مىرزا ئابابەكرى لەشكەرلىرىنىڭ ئارىسىدا بىر پارچە زېمىن بار ئىدى. بۇ زېمىننىڭ ئىككىلا تەرىپىدە تام بار ئىدى. بۇ ئىككى تامنىڭ ئارىسى بىر ـ بىرىگە تۇتاش كوچا ئىدى. ئەلەم شەيخ باھادىر يېتىپ كېلىپلا ئۇ كوچا بىلەن يۈرۈپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ لەشكەرلىرىنى قوغلىدى. ئۇ قوغلاپ كېلىپ توختاۋسىز شەمشەر ئۇرۇۋاتقان بىر پىيادىگە يېتىشتى. ئۇ پىيادە لەشكەر شەمشەرنى ئەلەم (شەيخ) نىڭ ئېتىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى. ئات ئۈركۈپ ئەلەم شەيخ ئاتتىن يىقىلدى. تامنىڭ كەينىدە كۈتۈپ تۇرغان بىر مۇنچە پىيادە لەشكەرلەر تامدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئەلەم شەيخنىڭ ئىشىنى تامام قىلدى. شۇندىن كېيىن مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئاتلىق لەشكىرى خاننىڭ پىيادە لەشكەرلىرىگە قاراپ ئات قويدى. پىيادىلەر قاراپ تۇرۇشنى راۋا كۆرمەي، بىراقلا چېكىنىشكە يۈزلەندى. تاماشا كۆرگىلى كەلگەن خالايىقمۇ ئارقىلىرىغا قاچتى. خان يارنىڭ تۈۋىگە چۈشكەنىدى. خان بىلەن كەلگەنلەر خانغا ئېيتتىكى: «ھەممە لەشكەر قاچتى، بىزمۇ چاپسانلىق بىلەن يار تۆپىسىگە چىقىشىمىز كېرەك». خان ناھايىتى تېزلىك بىلەن يارنىڭ تۆپىسىگە يۈزلەندى. لەشكەرلەر ئىچىدىن بەزىلىرى يارنىڭ ئۈستىدە تېخى قاچماي تۇرغانىدى، خاننىڭ تېز سۈرئەت بىلەن يارنىڭ تۆپىسىگە چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇلارمۇ قاچتى. خان يار ئۈستىگە چىقىپ قارىسا ھەممە خالايىق قېچىپتۇ. لەشكەرلەر زەربە يەپتۇ. خان دەرھال ئوردىسىغا يۈزلەندى ۋە دەرھال بېرىپ لەشكەرلىرىنى تىنچلاندۇرماقچى بولدى. خان ئوردىسىغا يەتكەندىن كېيىن، قاچقىلى تەييار بولغان خالايىقلارنى توسۇپ قاتتىق سىياسەت بىلەن پەرمان قىلىپ: «ھېچ كىشى بىر قەدەم يۆتكەلمىسۇن، تۇرغان ئورنىدا، ئۆز جايلىرىدا تۇرسۇن» دېدى. ئەمما، شۇ ئەسنادا مىرزا ئابابەكرىنىڭ يار تۈۋىدە جەڭ قىلىۋاتقان پىيادە لەشكەرلىرى ئاتلىق لەشكەرلەر بىلەن بىللە تاماشا كۆرگىلى كەلگەنلەرنى قوغلاپ يارنىڭ ئۈستىگە چىقتى. ئۇلار قوغلا ـ قوغلا ئاخىر ئاتلىقلىرى خاننىڭ ئوردىسىغا يېقىن يېتىپ كەلدى. خان بۇنى كۆرۈپ زەربە يېگەن لەشكەرلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن ھەرقانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن مۇمكىن بولمىدى. ھەتتاكى خاننىڭ ئالدىدا ھېچ كىشى قالمىدى. ئاخىر خانمۇ ئىلاجىسىز راۋان بولدى. بۇ قەدەر زور قوشۇن ۋە ھېسابسىز لەشكەرلەر بىر سائەتتە پاراكەندە بولۇپ قېچىشتى. خانمۇ قېچىپ قەشقەرگە كەلدى. خاننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى خانغا قارىماستىن شۇ قاچقانچە موغۇلىستانغا كەتتى. خان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن مەسلىھەت قىلىپ، شۇنى مۇقەررەر قىلدىكى، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئەمدى قەشقەردە تۇرۇش ئىمكانىيىتى يوق. شۇڭا خان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئۆزى بىلەن ھەمراھ قىلىپ، بەش مىڭ ئۆيلۈك كىشى بىلەن كۆچۈرۈپ ئاقسۇغا ئېلىپ كەتتى. قەشقەر خەلقىدىن نۇرغۇن خالايىق ئەندىجانغا كەتتى. قەشقەرنى مىرزا ئابابەكرى ئالدى. بۇ ۋەقە تارىخقا سەككىز

يۈز سەكسەن بەشىنچى يىلى[1] يۈز بەرگەندى، پېقىرنىڭ ئاتام مۇھەممەد ھۈسەين كۆرەگان شۇ كۈنلەردە ئون ئىككى ياشتا ئىدى.

يۈنۈسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئۆزى بىلەن ئاقسۇغا ئېلىپ بارغاندا، ئاتامنى يۈنۈسخاننىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد ئۆزى بىلەن بىللە موغۇلىستانغا ئېلىپ كەتتى ۋە بىر - بىرلىرى بىلەن دوست بولۇشتى. سۇلتان مەھمۇد خان ئۆزى تاكى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاتامنى «ئاداش» دەيتتى. موغۇل تىلىدا «ئاداش» دېگەن سۆز «دوست» دېگەن سۆزدۇر.

## يۈنۈسخاننىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرىنىڭ بايانى

شۇنى بىلمەك كېرەككى، بۇندىن كېيىن سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغۇسىدۇر. بۇ يەردە سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ دەسلەپكى ئەھۋاللىرىنى بايان قىلىپ ئۆتۈش زۆرۈر تېپىلدى.

سۇلتان يۈنۈسخان خۇراساندىن ئىككىنچى قېتىم كەلگەن چېغىدا ئەمىر سەيد ئەلى ۋاپات بولغانىدى. سانىسىز مىرزا يۈنۈسخانغا بەيئەت قىلدى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتۈلگىنىدەك، شۇ كۈنلەردە يۈنۈسخان قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. شۇ زاماندا قەشقەرنىڭ مۆتىۋەر سەيدلىرىدىن ئەمىر زىيائىددىن دېگەن بىر كىشى بار ئىدى. خان ئۇ كىشىنى بەدەخشانغا، شاھ سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشىنىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتىپ، ئۇنىڭ قىزلىرىدىن بىرىنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىشنى ئىلتىماس قىلدى. شاھ سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشى بولسا ئىسكەندەر زۇلقەرنەين ئىبنى فەيلەقۇسنىڭ نەسلىدىن ئىدى. چۈنكى ئىسكەندەر جىمى ئالەمنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمالارغا: «يەر يۈزىدە ھېچ پادىشاھنىڭ پاراكەندىچىلىك قولى يەتمەيدىغان بىر جاينى تېپىڭلار، نەسلىمنى شۇ جايدا قالدۇرغايمەن» دەپ بۇيرۇدى. ھۆكۈمالار بۇنىڭ ئۈچۈن بەدەخشاننى تاللىدى. ئاندىن بىر «دەستۇرۇل ئەمەل» (قوللانما) يېزىپ چىقتى. مادامىكى بۇ «دەستۇرۇل ئەمەل»گە ئەمەل قىلىنسىلا ھېچ كىشى بۇ جاينى ئالالمايتتى. ھەزرىتى ئىسكەندەرنىڭ زامانىدىن تارتىپ، تاكى سۇلتان مۇھەممەد[2] خاننىڭ زامانىغىچە ھېچكىم بەدەخشانغا تەئەررۇز قىلالمىدى. ئاندىن كېيىنمۇ ئۇلار سەلتەنەت تەختىدە ھۆكۈم سۈرۈپ كەلگەنىدى. سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشىنىڭ دەۋرىگە يېتىپ كەلگەندە ئۇ ئىسكەندەردىن قالغان «دەستۇرۇل ئەمەل» گە ئەمەل قىلمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆزى ئىنتايىن ئىنچىكە تەبىئەتلىك ۋە چەكسىز ئىستىبداتلىق پادىشاھ ئىدى. ئۇنىڭ ئىنتايىن پاساھەت ۋە بالاغەت بىلەن تۈزگەن بىر شېئىر دىۋانى بار بولۇپ، ئۇنىڭغا لەئلى دېگەن تەخەللۇسنى قوللىنىپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يېتۈك ئىستىبداتى ۋە قابىلىيىتى تۈپەيلىدىن، «دەستۇرۇل ئەمەل»نىڭ ئورنىغا ئۆز ئىقتىدارىنى ئالماشتۇرغانىدى.

ئەلقىسسە، بۇ شاھ سۇلتان مۇھەممەد بەدەخشىنىڭ ئالتە قىزى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىرىنى ئەمىر تېمۇرنىڭ ئەۋلادىدىن بولغان سۇلتان مەسئۇد كابۇلىغا، يەنە بىر قىزىنى سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىغا بەرگەنىدى. ئۇنىڭدىن ئابابەكرى ئاتلىق بىر ئوغۇل بولغانىدى. بۇ ئابابەكرى مىرزا ئاتىسى سۇلتان سەئىد مىرزا ۋاپات بولغاندىن كېيىن، سۇلتان ھۈسەين مىرزا بىلەن نەچچە قېتىم جەڭ قىلدى ۋە سۇلتان ھۈسەين مىرزىنىڭ مەملىكىتىگە كۆپ پاراكەندىچىلىكلەر

---

[1] ھىجرىيە 885 - يىلى مىلادىيە 1480 - 1481 - يىللارغا توغرا كېلىدۇ.
[2] بۇ ئىسىم موللا نىياز تەرجىمىسىدە «سۇلتان مەھمۇد» دەپ يېزىلىپ قالغان، پارسچە نۇسخا بىلەن مۇھەممەدسادىق قەشقەرى تەرجىمىسىگە ئاساسەن تۈزىتىلدى.

سالدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى مىرخاند ۋە خانىدەمىر ھىرەۋىينىڭ تارىخلىرىدا مەشھۇردۇر. ئۈچىنچى قىزىنى ئىبراھىم بارلاسقا بەرگەنىدى، ئۇنىڭدىن جاھانگىر بارلاس تۇغۇلغانىدى. بۇ جاھانگىر بارلاس چاغاتاينىڭ ئاخىرقى دۆلىتىدە سەلتەنەتنىڭ مۇھىم تايانچلىرىدىن ئىدى. تۆتىنچى قىزى شاھ بىكەم ئىدى. ئۇنى سەئىد زىيائىددىن قەشقىرىنىڭ دالالىتى بىلەن يۇنۇسخانغا ئەۋەتتى. بەشىنچى قىزىنى سەيىد شاھ مىرزا ئەرھەڭگى (ئۇنىڭ ئەھۋالى كېيىن بايان قىلىنغۇسىدۇر) گە بەرگەنىدى. ئالتىنچى قىزىنى شەيخ ئەبدۇللا بارلاسقا بەردى. ئۇنىڭدىن سۇلتان ئۇۋەيس ۋە مۇزراب بارلاس ۋە سۇلتان سەنجەر قاتارلىقلار تۇغۇلغانىدى. بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ بايانى ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسىدۇر. ئەمما بۇلارنىڭ ئەھۋالاتى خاندەمىر ھىرەۋىينىڭ تارىخىدا بايان قىلىنغان.

دېمەك، سەئىد زىيائىددىن شاھ بىكەمنى بەدەخشاندىن قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، خانغا تاپشۇردى. شاھ بىكەمدىن يۇنۇسخان ئىككى ئوغۇل، ئىككى قىز پەرزەنت كۆردى. ئۇنىڭ چوڭى سۇلتان مەھمۇدخان بولۇپ، تارىخنىڭ سەككىز يۈز ئاتمىش سەككىزىنچى[1] يىلى تۇغۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن كىچىكى سۇلتان ئەھمەدخان ئىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى ئالاھىدە زىكىر قىلىنغۇسى. ئىككى قىزىنىڭ بىرى سۇلتان نىگار خانىم، يەنە بىرى دۆلەت سۇلتان خانىم ئىدى. بۇلارنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۆز نۆۋىتىدە زىكىر قىلىنغۇسى. ئەمما، سۇلتان [مەھمۇد] خان بالاغەتكە يېتىشتىن ئىلگىرى [موغۇل ئەمىرلىرى يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك سۇلتان يۇنۇسخانغا تولۇق ئىتائەت بىلەن ماسلاشقىلى ئۇنىمايتتى[2]] مەھمۇدخان بالاغەتكە يەتكەندە بولسا موغۇل ئەمىرلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ھايات قالغانلىرىنى يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى بىلەن بويسۇندۇرۇش ئىقتىدارىغا ئېرىشىپ، موغۇل ئەمىرلىرىگە ۋە پۈتۈن موغۇل ئەھلىگە ئىگە بولدى.

يۇنۇسخان زەربە يەپ يەكەندىن قەشقەرگە كەلگەندە ئۇ لەشكەر ئىچىدە سۇلتان مەھمۇد خان كەلمەي، موغۇلىستاندىكى خەلقنى تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن قالغانىدى. يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش ئۈچۈن ۋە ئۆز كۆڭۈل خاھىشى بىلەن شۇ يىلى قىشتا ئاقسۇغا باردى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەين كۆرەگان شۇ كۈنلەردە ئون ئىككى ياشتا ئىدى. ئۇنى سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھۇزۇرىغا ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان سۇلتان مۇھەممەد ھۈسەين كۆرەگاننى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى. ئۇلار بىر - بىرى بىلەن دوست بولۇشقانىدى. ئۆز ئارا «ئاداش» دەپ چاقىرىشاتتى. مۇھەممەد ھۈسەين مىرزا نەچچە مۇددەتكىچە ناھايىتى ئىززەت ۋە ھۆرمەتلەر بىلەن موغۇلىستاندا سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھۇزۇرىدا تۇردى.

## ئاقسۇدا يۇنۇسخان بىلەن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ ئارىسىدا يۈز بەرگەن ئىچىنىشلىق جەڭنىڭ بايانى

قىش كىرگەندە خان ئاقسۇغا باردى. ئاقسۇ شەھىرى بىر يارنىڭ تۆۋىدە بولۇپ، ئىككى قەلئەسى بار ئىدى. بىرىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا بەردى. يەنە بىر قەلئەدە ئۆزى ئورۇنلاشتى. ئۇ زىمىستاننى پاراغەت بىلەن ئۆتكۈزدى. باھار ۋاقتى بولغانىدى، يۇنۇسخان موغۇلىستانغا بارماقچى بولدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا: «ھازىر باش باھار پەسلى كەلدى. مەن موغۇلىستانغا بارغايمەن، سەن ئاقسۇدا تۇرغايسەن. خەلق سېنىڭ ئادەملىرىڭگە بويسۇندۇ. ئاقسۇ ۋىلايىتىنى ساڭا بەردىم. ئاشلىق باش تارتقان مەزگىل بولغان ۋاقىتتا،

① ھىجرىيە 868 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1463 - 1464 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② تىرناق ئىچىگە ئېلىنغان جايلار مۇھەممەد سادىق قەشقەرى تەرجىمىسى ۋە پارچە نۇسخىلارغا ئاساسەن تولۇقلاندى.

www.uyghurkitap.com



موغۇلىستاننىڭ ھەممە يايلىقى ئاخىرلىشىدۇ. شۇ چاغدا سەنمۇ تەييار بولغىن. قەشقەرگە بېرىپ مىرزا ئابابەكرىنىڭ پېيىگە چۈشمىز. مەن موغۇلىستاندىن ئۇدۇل قەشقەرگە بارىمەن. سەنمۇ بۇ يەردىن بارغىن. قەشقەردە بىر - بىرىمىز بىلەن قوشۇلۇپ ھەر مەسلىھەت بولسا شۇ يەردە ئىشقا ئاشۇرغايمىز» دېدى ۋە مەسلىھەتلىرىنى شۇنىڭغا قارار قىلىشتى. خان موغۇلىستانغا كىشى ئەۋەتىپ: «موغۇل گورۇھىنىڭ سەردارلىرى كەلسۇن ۋە بىزنى كۆچۈرۈپ ئېلىپ بارسۇن» دەپ پەرمان قىلدى.

ئەمما، بىرمۇنچە پىتنە - پاساتچىلار مۇھەممەد ھەيدەرنىڭ تومۇر - تومۇرلىرىغا كىرىۋالغانىدى. ئۇلار ئېيتىشتىكى: «خان موغۇلىستانغا بارىدىغان بولسا، بۇ يەردىن چىقار ۋاقتىدا موغۇللار ئاقسۇنى بۇلان - تالان قىلىپ كەتكۇسىدۇر». ئۇلار مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان نەچچە خىل ھېكايىلەرنى ئوقۇدى. بىر مۇنچە شەيتان سۈپەت دەم - دەملەر مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا دەمىدە قىلىشتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ساددا كۆڭۈللۈكىدىن ئۇ پىتنىچىلەرنىڭ ناباب سۆزلىرىنى قۇلىقىغا ئېلىپ، بۇ ئىش چارىسى ئۈچۈن مەسلىھەت قىلدى. ئۇ پىتنە - پاساتچىلار: «بۇنىڭ چارىسى شۇكى، خان كۆچىدىغان چاغدا خان بىلەن ھەمراھ بولۇپ تۇرىۋاتقان خاننىڭ كىچىك ئوغلى سۇلتان ئەھمەدخاننى خاندىن ئايرىۋالايلى ۋە بۇ قەلئەنى مەھكەم تاقاپ يۇنۇسخانغا يېغى (دۈشمەن) بولايلى. چۈنكى خان كۆچىدىغان ۋاقتىدا ھېچ ئىشقا قارىماستىن، موغۇلىستانغا كېتىدۇ. بىز ئاقسۇدا قېلىپ قالىمىز» دېيىشتى.

بۇ نالايىق ۋە ناتوغرا ئىش مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا لايىق كۆرۈندى. شۇڭا خان كۆچىدىغان ۋاقىت كەلگەندە بىردىنلا ئاقسۇ دەرۋازىسىنى تاقىدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا مەجبۇري ھالدا مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا قوشۇلدى. شۇنداق قىلىپ دۈشمەنلىك پەيدا بولدى. يۇنۇسخان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا كىشى ئەۋەتىپ نەسىھەت قىلدى، خەت بەردى. ئەمما ھېچ پايدىسى بولمىدى. ئاخىر يۇنۇسخان موغۇلىستانغا كۆچمەي يەنە بىر قەلئەگە كىرىپ بېكىندى. ئاندىن سۇلتان مەھمۇدخانغا كىشى ئەۋەتتى. سۇلتان مەھمۇدخان ئون يەتتە كۈندە ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن يېتىپ كەلدى. تاكى قىرىق كۈنگىچە ھەركۈنى جەڭ قىلىشتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قەلئەسى ئىچىدە ئاچارچىلىق پەيدا بولدى. بۇ پىتنىنى تېرىغان پىتنە - پاساتچىلار ھەر كېچىدە قاچقىلى تۇردى. سۇلتان ئەھمەدخان ئاتىسىنىڭ نارازى بولۇشىدىن قورقۇپ، قېچىپ چىقىپ ئاتىسىنىڭ ئالدىدا تولا ئۆزرىلەر ئېيتىپ توۋا قىلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا قەلئەنىڭ ئىچىدە قالدى. خان بىر ھۇجۇم بىلەنلا قەلئەنى ئالدى. خان تېزلىك بىلەن ئەمىرلەرنى ئەۋەتىپ ئېيتتىكى: «سىلەر جىددىي تىرىشچانلىق كۆرسىتىڭلار، لەشكەرلەر قەلئەنى بۇلان - تالان قىلمىسۇن» دەپ پەرمان قىلدى. ئەمىرلەر يېتىپ بېرىپ ھەر قانچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، پايدىسى بولمىدى. چۈنكى لەشكەرنىڭ ھۇجۇمى ۋە ئامى كىشىلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، ئۇلارنى بۇلان - تالاندىن توسۇپ توختىتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇلار مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى تۇتۇپ، مىڭلىغان تەشۋىش بىلەن خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. خانغا يېقىن يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇلار مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ قولىنى باغلاپ ئېلىپ كىرمەكچى بولدى. خان ۋارقىراپ باغلاشتىن توسىدى. ئۇنى خاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىرگەندىن كېيىن، خان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئالدىغا چاقىردى ۋە ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئاچچىقلىنىش بىلەن مۇنداق دېدى: «نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسەن؟ ماڭا دۈشمەن بولۇش خىيالىڭ بولسىمۇ، ھازىرچە ھېچ ھەرىكەت قىلماي تۇرغان بولساڭ، تاكى مەن كەتكەندىن كېيىن سەن بۇ يەردە قالغان ۋاقتىدا دۈشمەن بولساڭ مۇددىئايىڭ ھاسىل بولار ئىدى». مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا ئۆزىنىڭ قىلغان يۈزسىزلىكىدىن شەرمەندە ۋە بۇ ئەخمىقانە ئىشلىرىدىن خىجالەت بولۇپ، بېشىنى ئېگىپ تۇردى. خان: «خوش، بوپتۇ ھېلىمۇ ئاقسۇنى ساڭا بەردىم، ئاقسۇنى سوراپ شۇ يەردە تۇرغىن» دېدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا: «ئاقسۇدا ھەممە خەلق بۇلان - تالانغا كەتتى.

بۇ يەردە قانداقمۇ تۇرغىلى بولار؟» دېدى. خان مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىغا ئۈچ يۈز ئات بەردى: «ئۇنداقتا مېنىڭ بىلەن موغۇلىستانغا بارغىن، يەنىلا مەسلىھەت شۇكى، ئاشلىق باش تارتىدىغان ۋاقتىدا قەشقەرگە بېرىپ، قەشقەرنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن» دېدى.

ئۇلار خان ئىدى، شۇڭا ئۇلاردا پادىشاھلىق ۋە ئۇلۇغلۇق يوسۇنى بار ئىدى. گۇناھكارلارغىمۇ ئەنە شۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. خاھەرزادىلىكنىڭ ئىززەت - ئابرۇيلىرىنى ئەنە شۇنداق ساقلايتتى. ئەگەر ئۇلاردىن خاتالىق ياكى گۇناھ سادىر بولسا، شۇ ھامان مەغپىرەت ۋە مەرھەمەت سۆيى بىلەن يۇيۇپ، خۇشال قىلاتتى ۋە: «ئۇ بىزنىڭ خاھەرزادىمىز (جىيەن تۇغقىنىمىز) دۇر. ئاشۇ ئىشەنچ بىلەن بۇ خىل بويۇنتاۋلىقنى سادىر قىلدى. ئەگەر بۇنچىلىك گۇناھ ئۈچۈن ئاڭا جازا بەرسەك، ئۇنداقتا ئۇرۇق - تۇغقانچىلىقنىڭ قەدىر - قىممىتى قەيەردە قالىدۇ؟» دەيتتى. ھازىرقى كۈندە بىزنىڭ ئىشىمىز شۇنداق پادىشاھلارغا چۈشۈپ قالدىكى، ھەرقانچە گۇناھ قىلمىساقمۇ بىر گۇناھنى ئىسپات قىلىپ چىقىدۇ. ئەگەر ئۇ گۇناھ يات كىشىلەردىن ئۆتكەن بولسا، ئۇ يات كىشى ئۇ گۇناھ سەۋەبىدىن زەررىچىلىك دىل ئازار تارتمايدۇ. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا بىلەن يۇنۇسخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇق - تۇغقانچىلىق ئالاقىسىگە قارىغاندا، بۇ دەۋرنىڭ سۇلتانلىرى بىلەن بىزنىڭ ئارىمىزدىكى ئالاقە ئىككى دەرىجە بەلكى مىڭ دەرىجە زىيادىرەك ئىدى. لېكىن ھەممىسىدىن قەتئىينەزەر قىلىپ، ئۆلتۈرمەكلىككە شۇنچىلىك تىرىشچانلىقلارنى قىلدىكى، ھېچ دۈشمەن ئۇنچىلىك قىلمىغان بولاتتى. شۇنداق بولسىمۇ، بۇ تەرەپ ئۇ ۋەھىمىدىن خالاس بولسا، ھەق تائالا ئۆز ئىنايىتى بىلەن ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بەرسە، ئۇ زۇلۇملارنىڭ ھەممىسىدىن قەتئىينەزەر قىلىپ، دوستلۇق ئىشىكىنى قېقىپ، قاياشلىق ھالقىسىنى تەۋرىتىپ ئەلچىلەر ئەۋەتىپ، ئۆتۈلگەن ۋە ئۆتۈلمىگەن خەۋەرلەرنى يەتكۈزسە مۇقەررەركى، يەنىلا يامان جاۋاب بەرگۈسىدۇر. بۇ سۇلتانلارنى ئۇ سۇلتانلارنىڭ نەسلى دېيىش قانداقمۇ راۋا بولسۇن. **نەزم:**

ئوغۇلدا ئەگەر يوق نىشانى پەدەر،
دېگىل ئانى بىگانە، ئېرمەس پىسەر.

پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى مەرھۇم مۇرۇۋۋەت ئىگىلىرىگە ئۆز ئىنايىتى بىلەن مەرھەمەت قىلغاي ۋە كۆچلۈك تىلەك ۋە ئۈمىدىم شۇكى، «ئىرھەم»، «تەرھەم»[1] تەقەززاسى بىلەن ئۇلارنىڭ گۇناھكارلارغا رەھىم - شەپقەت قىلغىنىغا ئوخشاش، ئۇلۇغ ۋە پاك تەڭرىمۇ ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلغان بولغاي، ئامىن، ئەي ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى، بۇ زاماننىڭ سۇلتانلىرى، — مۇرۇۋۋەت ئۇلارنىڭ دەرگاھىدىن ئەنقادەك غايىپ بولۇپتۇ، — غا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى ۋە ئۇلۇغ ئەسھابلىرىنىڭ ھۆرمىتىدىن تەۋپىق ۋە مۇرۇۋۋەت ئاتا قىلغاي.

دېمەك، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا يۇنۇسخان بىلەن بىللە موغۇلىستانغا باردى. باھار مەۋسۇمى كەلدى. خاننىڭ قەشقەرگە بېرىش قەستى بار ئىدى، شۇ ئەھۋال ئەسناسىدا سۇلتان ئەھمەد مىرزا سەمەرقەندتىن پەرغانە ۋىلايىتىگە بېرىپ، ئۆز قېرىندىشى ئۆمەر شەيخ مىرزىدىن مەزكۇر ۋىلايەتنى تارتىۋېلىشنى قارار قىلدى. بۇ خەۋەر ئۆمەر شەيخ مىرزىغا يەتتى. ئۆمەر شەيخ مىرزا تېزلىكتە يۇنۇسخانغا كىشى ئەۋەتىپ، خاننىڭ كېلىپ مەدەت بېرىشىنى ئىلتىجا قىلدى. چۈنكى ئۆمەر شەيخ مىرزا يۇقىرىدا قىسقىچە بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاكىسى سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ غەزىپى ۋە كۈچىدىن ھەمىشە مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن قۇتۇلاتتى.

---

① «قۇرئان كەرىم» دىكى «رەھىم - شەپقەت قىل» دېگەن مەزمۇندىكى ئايەتلەرگە ئىشارەت قىلىنغان. 11 - سۈرە ھۇد، 47 - ئايەت، 23 - سۈرە مۇئمىنۇن 118 - ئايەت قاتارلىقلار.

بۇ خەۋەر خانغا يەتتى. خان شۇ هامان ئەندىجانغا يۈرۈش قىلدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا خاننىڭ ئىستىقبالىغا چىقىپ خانغا شۇ قەدەر ئىززەت - ئىكراملار بىلەن پىشكەشلەر كەلتۈردىكى ئۇنىڭدىن زىيادە تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن ئىدى. ئۇ پۈتۈن ۋىلايىتىنى خانغا تەۋە قىلدى. خان بۇ قىشتا ئۇشتا بولدى. قالغان موغۇللارنى سۇلتان مەھمۇد خانغا تاپشۇرۇپ، موغۇلىستانغا ئەۋەتتى. ئۆزى ئۇشتا قىشلاق قىلدى. بۇ ۋىلايەتنى خان مۇھەممەد هەيدەر مىرزىغا بەردى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا خاننىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، ئۆزىنىڭ هەربىي يۈرۈشىنى ئەمەلدىن قالدۇردى ۋە ئەندىجان ئۈستىگە كەلمىدى. ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۆز ئاكىسىنىڭ خەۋپ - خەتىرىدىن خاتىرجەم بولدى. زىمىستان ئاخىرلاشقاندى، يۇنۇسخان موغۇلىستانغا ياندىغان بولدى. مۇھەممەد هەيدەر مىرزىغا: «سەن ئۆتكەن يىلدا موغۇلىستاندا جاپا تارتتىڭ، بۇ ئۇش ۋىلايىتىنى ساڭا بەردىم. سەن بۇ يەردە تۇرغىن. مەن يەنە كېلەر يىلى قىشتا كېلىمەن، بۇ ۋىلايەتنى ماڭا ۋاكالىتەن باشقۇرغىن» دېدى. خان موغۇلىستانغا كەتتى. مۇھەممەد هەيدەر مىرزا ئۇشتا قالدى. ۋە ئوغلى مۇھەممەد هۈسەين مىرزىنى خاندىن تىلەپ ئېلىپ كېلىپ، قېشىدا تۇرغۇزدى.

## مۇھەممەد هەيدەر مىرزىنىڭ قەشقەرگە، مىرزا ئابابەكرىنىڭ هۇزۇرىغا بارغانلىقى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ مۇھەممەد هەيدەر مىرزىنى قاماققا سالغانلىقى

سۇلتان يۇنۇسخان ئەندىجاندىن موغۇلىستانغا ياندىن كېيىن، ئۆمەر شەيخ مىرزا ئۇشقا ئۆز دورغىلىرىنى ئەۋەتىپ، مۇھەممەد هەيدەر مىرزىغا ئۆزرە ئېيتتى. ئەمما مۇھەممەد هەيدەر مىرزىنىڭ ۋە لەشكەرلىرىنىڭ موغۇلىستانغا يېتىپ بارغۇدەك كۈچ - قۇۋۋىتى يوق ئىدى. ئۇشتا تۇرۇشنىمۇ قىيىن كۆردى. شۇڭا ئىلاجسىز هالدا ئوغلى مۇھەممەد هۈسەين مىرزا بىلەن سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى ئۆمەر شەيخ مىرزىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزى قەشقەرگە راۋان بولدى. ئۇ كۆڭلىدە: «مىرزا ئابابەكرى ئۆز قېرىندىشىمنىڭ ئوغلى، هەمدە ماڭىمۇ پەرزەنتتۇر، ئۇنىڭ هۇزۇرىغا بارسام، ئېهتىمال سۈلهى سالا بىلەن ماڭا بىرەر جاينى بېرەر» دەپ ئۈمىد قىلىپ، مىرزا ئابابەكرىنىڭ هۇزۇرىغا باردى. مىرزا ئابابەكرى مۇھەممەد هەيدەر مىرزا بارغان هامان تۇتۇپ قاماققا سالدى. تاكى بىر يىلغىچە قاماقتا ياتتى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن مۇھەممەد هەيدەر مىرزىنى بەدەخشانغا ئەۋەتتى. بەدەخشان ئۇ زاماندا سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزىنىڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ قولىدا ئىدى. يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، مۇھەممەد هەيدەر مىرزىنىڭ كۈيئوغلى بولغان ئەمىر ئەبدۇلقۇددۇسمۇ شۇ كۈنلەردە سۇلتان مەھمۇد مىرزىنىڭ هۇزۇرىدا ئىدى. شۇڭا مۇھەممەد هەيدەر مىرزا ئۇ يەردە نەچچە كۈنگىچە مېهمان بولۇپ تۇردى. ئاندىن كېيىن سەمەرقەندكە كەلدى. ئۇ يەردە تەرىقەت ئەهلىنىڭ مۇرشىدى، تەڭرىنىڭ يېقىن دوستى هەزرىتى خاجە ناسىرىددىن ئۇبەيدۇللا (تەڭرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي) نىڭ خىزمەتلىرىگە مۇشەررەپ بولدى. ئاندىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن كۆرۈشتى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئېهتىرام ۋە مۇرۇۋۋەت يولىنى لازىم تۇتتى. شۇنداق قارار قىلدىكى، مۇھەممەد هەيدەر مىرزا هەر يىلى ئىككى هېيتتا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ هۇزۇرىغا كەلگەي. سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ ئۈچ ئىنىسى بار ئىدى. بىرى ئوسمان مىرزا، يەنە بىرى سۇلتان ۋەلەد مىرزا، يەنە بىرى بولسا مىرزا مەلىك مۇھەممەد ئىدى. مۇھەممەد هەيدەر مىرزىغا ئوسمان مىرزىنىڭ تۇۋۇنىدە قالغان ئىككىسىنىڭ يۇقىرىسىدا ئورۇن تەيىن قىلدى. مۇھەممەد هەيدەر مىرزا

سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا مېھمان بولۇپ، مېھمانلار قاتارىدا كېلىش ـ بېرىش قىلاتتى. بۇ ئەسنادا يۇنۇسخاننىڭ ھۇزۇرىدىن مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئادەم كەلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ بۇ قەدەر ھۆرمەت ۋە ئېھتىراملىرىغا باغلىنىپ قالماستىن، خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەتتى. بۇ ئەھۋاللارنىڭ تەپسىلاتى خاننىڭ تاشكەنتكە بارغانلىق ۋەقەسىدە بايان قىلىنغۇسى.

## يۇنۇسخاننىڭ موغۇل ئۇلۇسى بىلەن تاشكەنتكە بارغانلىقى، سۇلتان ئەھمەد مىرزا ۋە ئۇمەر شەيخ [مىرزا] ۋە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ئارىسىدا سۇلھى تۈزۈلگەنلىكى

بىلىش كېرەككى، ئۇمەر شەيخ مىرزا بىلەن سۇلتان مەھمۇد خاننىڭ ئارىسىدا ئۆتكەن زىددىيەت ۋە مۇخالىپەتچىلىكنىڭ قىسسىلىرى كۆپ. بۇ ۋەقەلەر خانەندەمىرنىڭ «تارىخ» كىتابىدا بار. ئۇلارنىڭ بۇ كىتابقا ئالاقىسى يوق. «تارىخى رەشىدىي» دە زىكرى قىلىش لازىم بولغانلىرىنىڭ بايانى تۆۋەندىكىچە:

شەيخ جامال خەردىن كېيىن، تاشكەنت ئۇمەر شەيخ مىرزىغا تەۋە بولدى. مۇستەھكەم قەلئە بولغان شاھرۇخىيەمۇ ئۇمەر شەيخ مىرزىنىڭ ئىلكىگە ئۆتتى. بۇ ئىككى ۋىلايەتنى تالىشىش سەۋەبىدىن سۇلتان ئەھمەد مىرزا ئۇمەر شەيخ مىرزىغا قارشى ھەرىكەت قىلىپ، قاتتىق نىزا ۋە زىددىيەتلەر پەيدا بولدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا تاشكەنتكە ھۇجۇم قىلىش قەستىگە چۈشتى. ئۇمەر شەيخ مىرزا يۇنۇسخاننى تاشكەنتكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئەندىجان بىلەن ئۇشنى خانغا بەرگىنىگە ئوخشاش سايرامنىمۇ خانغا بەردى. شۇڭا خان سايرامغا يۈرۈش قىلدى. موغۇللارنىڭ كۆڭۈللىرى ھېچقاچان شەھەر، ۋىلايەتلەرنى خالىمايتتى. شۇڭا ئۇلار خاننىڭ كىچىك ئوغلى ئەھمەدخاننى يامان يولغا باشلاپ، موغۇلىستانغا قېچىپ كەتتى. خانمۇ ئۇلارنى قوغلىمىدى. چۈنكى، موغۇللارنىڭ نەسلىدىن موغۇلىستاندا نىزا پەيدا قىلغۇدەك ۋە ئۇنىڭدىن ئەندىشە قىلغۇدەك ھېچ كىشى قالمىغانىدى. خان ئۇلارنى موغۇلىستان تەرىپىگە قويۇپ بېرىپ ئۆزى سايرام تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. شۇ يىلى قىشتا خان سايرامدا ئىدى. خان چوڭ ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخاننى ئوتتۇز مىڭ كىشى بىلەن سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتتى. يەنە پەرغانە تەرىپىدىن ئۇمەر شەيخ مىرزىمۇ ئون مىڭ كىشىنى سۇلتان ئەھمەد مىرزىغا تاقابىل تۇرۇشقا ئەۋەتتى. ئاندىن پەرغانە تەرەپتىن ئۇمەر شەيخ مىرزا ئۆزى ئونبەشمىڭ كىشى بىلەن كەلدى. شۇنداق قىلىپ ئۈچ مۇخالىپ لەشكەر بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتى. جەڭ باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. بۇ ئەھۋال سەمەرقەندتە مۇرشىدلارنىڭ پېشۋاسى، تەڭرىنىڭ دوستى ھەزرىتى ناسىرىددىن خاجە ئۇبەيدۇللا (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) غا ئاڭلاندى. ھەزرىتى ئىشان شۇ ھامان بۇلار تەرىپىگە راۋان بولدى ۋە «بىز بارىمىز» دەپ خەت ئەۋەتتى. بۇ خەۋەر ئۈچلا پادىشاھقا ئاڭلاندى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز جايلىرىدا توختاپ كۈتۈپ تۇردى. ھەزرىتى ئىشان كېلىپلا سۇلتان ئەھمەت مىرزىنىڭ لەشكەر گاھىغا كىردى ۋە سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ئۇمەر شەيخ مىرزىغا كىشى ئەۋەتىپ، سۇلھى قىلىشنى تەرغىب قىلدى. ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇبارەك لەۋزىلىرىنى رەت قىلىشقا ھېچكىمنىڭ ھەددى يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ تەڭرى دەرگاھىغا يەتكەن زات بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزلۈكىدىن ئەسەر قالمىغان، ئۇلار تەرىپىدىن سادىر بولغان ھەربىر ئىش جەزمەن تەڭرى تەرىپىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن بولاتتى. پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ ھۆكمىنى رەت قىلماققا

www.uyghurkitap.com

كىمدە ماجال بولسۇن، دېمەك بۇ ئۈچ پادىشاھنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز مەقسەتلىرى ئۈچۈن لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىشۋاتاتتى. ھەزرىتى ئىشان كېلىپلا ھەممىسىنى تىنچلاندۇردى ۋە بىر - بىرلىرىگە مۇخالىپ بولغان بۇ ئۈچ پادىشاھنى بىر زىلچە ئۈستىدە ئولتۇرغۇزدى. ھەزرىتى ئىشانمۇ بىرگە ئولتۇرۇپ، بۇ ئۈچ پادىشاھنى بىر - بىرلىرى بىلەن ۋەدە ۋە شەرتنامە تۈزدۈردى ۋە تاشكەنتنى يۇنۇسخانغا بېرىشكە پەرمان قىلدى. سۇلتان ئەھمەد مىرزا بىلەن ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ زىددىيەتلىرى تاشكەنتنى تالىشىش تۈپەيلىدىن پەيدا بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ھەزرىتى ئىشان تاشكەنتنى يۇنۇسخانغا بۇيرۇپ بەردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ زىددىيەتنى بىر تەرەپ قىلدى. ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازى (ئۇنىڭغا رەھمەت ۋە مەغپىرەتلەر بولغاي) نىڭ «سىلسىلەتۇل ئارىفىن» ناملىق كىتابىدا بۇ قىسسىنى ئارىپلار ۋە مۇرشىدلارنىڭ پېشىۋاسى بولغان ھەزرىتى خاجە ئۇبەيدۇللا (ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي) نىڭ كارامەتلىرى قاتارىدا مۇنداق بايان قىلغان:

ئۇ مەجلىس ئاخىرلاشتى. ھەزرىتى ئىشان پەقىرگە ئىلتىپات قىلىپ ئېيتتىكى: «بۇ بىر - بىرىگە مۇخالىپ بولغان ئۈچ پادىشاھ گوياكى بىر - بىرلىرى بىلەن جەڭگە چۈشمەكچى بولغان ئۈچ مەست تۆگە ئىدى. مەن ئۇچلا تۆگىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى مەھكەم تۇتتۇم ۋە جەڭ قىلغىلى قويمىدىم. قاپلان ئوۋلاشنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىسى شۇكى، بۇ ئۈچ مۇخالىپ پادىشاھ بىر مەجلىستە كېلىشىپ، ئىتتىپاقلىشىپ تارقاشتى. ھازىر مەن ياشنىپ قالدىم. بۇ ئىشنى مۇندىن زىيادە ھەل قىلالمايمەن».

شۇنداق قىلىپ بۇ ئۈچ پادىشاھ ئۆز لەشكەرگاھىغا قايتتى. ھەزرىتى ئىشان خوجەنت دەرياسى لېۋىگە يەتتى ۋە تاھارەت ئالدى. ئۇ زات پەقىرگە ئىلتىپات قىلىپ: «ئەي مەۋلانا مۇھەممەد، بىزنىڭ بۇ ئىشىمىزنى يېزىپ قالدۇرۇش كېرەك» دېدى. ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد ئۆزىنىڭ «سىلسىلەتۇل ئارىفىن» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقىشىغا ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇشۇ سۆزلىرى سەۋەب بولغانىدى، دەيدۇ ۋە: «بولۇپ ئۆتكەن بۇ ۋەقەنى شۇ بويىچە بايان قىلىپ ئۆتتۇم. چۈنكى ھەزرىتى ئىشاننىڭ پەرمانلىرىمۇ شۇنداق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، بىرمۇنچە قۇرلارنى ھەزرىتى ئىشاننىڭ ھىممىتى، كۆڭۈل قۇۋۋىتى، پەزىلەت ۋە كارامەتلىرىدىن بايان قىلدىم» دەيدۇ.

دېمەك، شۇنداق قىلىپ سۇلتان ئەھمەد مىرزا سەمەرقەندكە قايتتى، ئۆمەر شەيخ مىرزا پەرغانىگە باردى. سۇلتان مەھمۇد خان تاشكەنتكە بېرىپ، يۇنۇسخان بىلەن ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشتى. پەقىرنىڭ تاغام سەئىد مۇھەممەد مىرزا مۇنداق دېگەنىدى: «بىر كۈنى ھەزرىتى سۇلتاننىڭ شەرەپلىك مەجلىسلىرىدە سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ ھېكايىسىنى قىلىشتى. سۆھبەتداشلاردىن بىرى: ‹بۇ سۇلتان مەھمۇدخان ئاجايىپ تەكەببۇر ۋە چوڭچى شاھزادىدۇر› دېگەنىدى، ھەزرىتى ئىشان: ‹مۇنداق پادىشاھلارنى مەن ئېتىكىدە توپا توشۇتقۇزىمەن، تەكەببۇرلۇق ۋە چوڭچىلىق پەقەت ئالەمنىڭ يارانقۇچىسى تەڭرىگىلا خاستۇر. سۇلتان مەھمۇدخاننىڭ تەكەببۇرلۇق قىلغۇدەك نېمىسى بار› دېدى. شۇ سائەتتىلا سۇلتان مەھمۇدخان ھەزرىتى ئىشاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كەلدى. ناماز ۋاقتى بولغانىدى، ھەزرىتى ئىشان نامازغا قوپتى، قىبلە تەرەپتە ئاتەشدان بار ئىدى، ئۇنىڭدىن چىققان بىر پارچە ئۇچقۇن ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇبارەك يۈزلىرىگە كېلىپ تەگدى. ھەزرىتى ئىشان سۆھبەتداشلىرىغا قاراپ: ‹ئاتەشداندىكى ئوتنى توپا بىلەن كۆمۈۋېتىڭلار› دەپ پەرمان قىلغانىدى، بۇ يەردە شۇنچە كۆپ كىشى بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن سۇلتان مەھمۇد خان ھەممىدىن ئىلگىرى يۈگۈرۈپ قوپۇپ تاشقىرىغا چىقىپ، ئېتىكىگە توپا توشقۇزۇپ ئېلىپ كىرىپ ئوتقا قويدى.

ئۇ هازىر تۇرغانلارغا ئىلتىماس قىلىپ: ‹بۇ خىزمەتنى يالغۇز ماڭىلا قويۇڭلار، مەن ھەزرىتى ئىشاننىڭ ئاستانىسىنىڭ تۇپرىقىنى توشۇش بەختىنى تېپىۋالاي›، دېدى. خان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكىلەرنىڭ ھەممىسى ھەيران قالدى» .

بۇ سۆلھىدىن كېيىن خان تاشكەنت تەختىدە ئولتۇردى. بۇ ۋاقىت تارىخنىڭ سەككىز يۈز توقسىنىنچى يىلى① ئىدى. ھەزرىتى ئىشان نەچچە ۋاقىتقىچە تاشكەنتتە ئىدى. ئاندىن سەمەرقەندكە ياندى.

ئۇ زاماندىكى پادىشاھلارنىڭ ئارزۇسى شۇنداق ئىدىكى: ھەرقايسىلىرى ھەزرىتى ئىشاننىڭ مۇرىتلىرىدىن بىرىگە ئىلتىجا قىلىپ، ھەزرىتى ئىشانغا ئۆز ھاجەتلىرىنى بايان قىلىشتا، شۇلارنى ۋاستە قىلاتتى. سۇلتان مەھمۇد خانمۇ ھەزرىتى مەۋلانا مۇھەممەد قازىنى ۋاستە قىلغان ئىدى. بۇ توغرىدا ھەزرىتى مەۋلانادىن ھېكايەتلەرنى ئاڭلىغانىدىم. تەڭرى خالىسا ئۆز نۆۋىتىدە زىكرى قىلىنغۇسى.

## يۇنۇسخاننىڭ ئاخىرقى ئەھۋالىنىڭ بايانى

يۇنۇسخان تاشكەنتتە ئورۇنلاشتى. ئوغلى سۇلتان مەھمۇدخانغا سۇلتان ئەھمەد مىرزىنىڭ قىزى قاراكۆز بېگىمنى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ئەلچى ئەۋەتتى. قاراكۆز بېگىمنىڭ كەلگەنلىكى كېيىن بايان قىلىنىدۇ. لېكىن سۇلتان يۇنۇسخان مۇشۇ ئەھۋال ئەسناسىدا كېسەلگە دۇچار بولۇپ، ئىككى يىل ئورۇن تۇتۇپ ياتتى ۋە شۇ كېسەل بىلەن ئالەمدىن كەتتى. ئۇنىڭ مۇبارەك ياشلىرى يەتمىش تۆتتە ئىدى. چاغاتاي نەسلىدىن بولغان خانلار ئارىسىدا ھېچكىم بۇ ياشقا يەتمىگەنىدى. بەلكى كۆپىنچىسى قىرىق ياشقىمۇ يەتمىگەنىدى. يۇنۇسخاننىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى تارىخقا سەككىز يۈز ئون سەككىزىنچى يىلى② ئىدى. سەككىز يۈز توقسان ئىككىنچى يىلىدا③ ۋاپات بولدى. ھەزرىتى خاۋەنتەھۇر (تەڭرى ئۇنىڭ قەبرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي) نىڭ مۇبارەك مازارلىرى يېنىدا دەپنە قىلىندى. ئۇنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە ئالىي ئىمارەتلەر بىنا قىلىنغان بولۇپ، ھازىرمۇ بار ۋە ناھايىتى مەشھۇردۇر. يۇنۇسخان كېسەل بولغان كۈنلەردە، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنىڭ بەدەخشان تەرىپىدىن سەمەرقەندكە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، مۇھەممەد ھەيدەر مىرزىنى كەلسۇن دەپ كىشى ئەۋەتتى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا سەمەرقەندتىن خاننىڭ ھۇزۇرىغا كەلدى. خاننىڭ كېسەللىك مەزگىلىدە ئۇنىڭغا خىزمەت قىلدى. مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا جەرراھ (جاراھەتشۇناس) لىققا ناھايىتى ماھىر ئىدى ۋە تېبابەتنىڭ ھەممە تەرەپلىرىدىن خەۋەردار ئىدى. خان ئۇ كۈنلەردە ئۇنى قېشىدىن بىر سائەتمۇ يىراق قىلمايتتى ۋە ئۇنىڭغا پەرزەنتلىرى قاتارىدا مېھرىبانلىق قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆمەر شەيخ مىرزىنىڭ ھۇزۇرىدا قالغان ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەين مىرزىنى مۇھەممەد ھەيدەر مىرزا كېلىشتىن ئىلگىرى سۇلتان مەھمۇد خان ئەندىجاندىن ئالدۇرۇپ كەلگەنىدى. ئۇ ھەمىشە سۇلتان مەھمۇدخان بىلەن ھەمخانە ۋە ھۇجرىداش ئىدى. ئۇنىڭ تەپسىلاتى تۆۋەندە بايان قىلىنىدۇ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

---

① ھىجرىيە 890 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1485 ـ يىلىغا توغرا كېلىدۇ.
② ھىجرىيە 818 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1415 ـ 1416 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
③ ھىجرىيە 892 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1486 ـ 1487 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى [1]

## ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ھاجى ئابدۇۋاھاپ قادىر

## بىرىنچى ئاشتەرخانىيلار
## ھىجرىيە 1006 (مىلادىيە 1597) - يىلىدىن
## ھىجرىيە 1091 (مىلادىيە 1680) - يىلىغىچە

شەيبانىي ئائىلىسىدىن كېيىن ماۋەرائۇننەھر تەختىنى ئىشغال قىلىپ، ئىككى يۈز يىل ھۆكۈمەت سۈرگەن ئاشتەرخانىيلارنىڭ ئەھۋالىغا ئائىت بىرقەدەر مەلۇماتلارنى بىلىش ئۈچۈن ئۈچ ئەسىردىن ئارتۇق ئىلگىرىكى تارىخقا نەزەر تاشلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمىر تېمۇر سەمەرقەند تەختىدىكى چاغاتاي ئورۇقىنى قوغلاپ، موغۇل ھاكىمىيىتىگە تېخى يېڭىلا خاتىمە بېرىپ تۇرغان بىر زاماندا، جۇجى نەسلىدىن بولغان ئىككىنچى بىر كىشى ئۇنىڭ كەينىدىن دەل شۇنداق بىر خىزمەت ئۈچۈن ۋولگا بويىدىكى موغۇل ئۆلكىسىگە يۈرۈش قىلدى. ئورۇسخانمۇ، ئۇنىڭ ئوغۇللىرى بىلەن شىددەتلىك رىقابەتلىشىۋاتقان توقتامىشمۇ ئېھتىمال ئۆزىگە مۇنداق بىر ياردەم ئېلىشنىڭ ھالاكەتلىك نەتىجىسىنى ئالدىن كۆرەلمىگەن بولسا كېرەك. تېمۇر ئەسكەرلىرى ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ياردەم ئۈچۈن، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆزىگە قارشى تۇرۇش ئۈچۈن ئورۇشتى. بۇنىڭ نەتىجىسى شۇ بولدىكى، خېلى كۆپ بەختسىزلىك ۋە پالاكەتلەردىن كېيىن، توقتامىش قەتلى قىلىندى [1]. ئورۇسخاننىڭ ئىز باسارلىرى ئۆزلىرىنىڭ ھاكىمىيەت نوپۇزلىرىنى يوقىتىپ قويدى. دەسلەپتىلا زەئىپ بولغان ئىتتىپاقلىق ئالاقىسى تېمۇرنىڭ دەخلىسى بىلەن پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەندىن كېيىن، جۇجى سۇلالىسىنىڭ تەۋەلىكلىرى تۆرلۈك تەرەپلەرگە تارقىلىپ كەتتى.

مۇشۇ ئىنقىلابلار سەۋەبىدىن ئۆز قەۋملىرىنىڭ بېشىدا تارىخىي خاراكتېرلىك رول ئوينىغان شاھزادىلەرنىڭ بىرى سەمەرقەند ئىمپېراتورىنىڭ ئىتتىپاقدىشى سۈپىتى بىلەن، ھىجرىيە 802 (مىلادىيە 1399) - يىلىدا كېيىپ يېنىدىكى توقتامىش ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلەشكەن پولەك ئەسكەرلىرىگە قارشى ئورۇشتا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ شۆھرەت قازانغان قۇتلۇق تېمۇردۇر [2]. لېكىن بۇنىڭ ۋارىسلىرى ۋولگا تەۋەسىگە، توغرىسى ئاستەرخان ياكى ئاشتەرخان خانلىقلىرىغا چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى [3]. بۇلار دەسلەپكى مەزگىللەردە نامەلۇم بىر رەۋىشتە ياشىدى. كېيىن مۇشۇ ئۆلكىنىڭ كۆچمەن قەبىلىلىرى تەرىپىدىن خان قىلىپ سايلاندى.

ئۆزلىرىنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىگە تەۋە قىلىنىپ ئاشتەرخانىيلار" دەپ ئاتالغان چىڭگىزىيلارنىڭ بۇ تارمىقىنىڭ ئۆز ئارىلىرىدا ئىختىلاپلار كۆرۈلۈشكە باشلىغانغا قەدەر،

---

[1] بېشى ئۆتكەن ساندا

يەنە ئەڭ توغرىسى بۈيۈك رۇس كىنەزلىكىنىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ كۈچى سەۋەبىدىن باشقا ۋەتەن ئىزدەشكە مەجبۇر قىلىنغانغا قەدەر بۇلار مۇشۇ چەت يەردە ئىككى ئەسىر تىنچ رەۋىشتە ھايات كەچۈردى. ئاخىر يارمۇھەممەد خان [4] ئۆزىنىڭ ئوغلى جانىخان بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە كۆچتى.

ئۇ ۋاقىتلاردا سەمەرقەندتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان شەيبانىيلاردىن ئىسكەندەرخان بۇلارنى ناھايىتى چىرايلىق قوبۇل قىلىپ قارشى ئالدى. شەيبانىيلار ئۆزلىرىنىڭ چىڭگىز نەسلىگە مەنسۇپلۇقى بىلەن ھەر دائىم پەخىرلىنەتتى. بۇ چەتتىن كەلگەن قېرىندىشىغا تولۇق مېھماندارچىلىق كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئىسكەندەرخان ئۆزىنىڭ قىزى يەنى مەشھۇر ئەبدۇللاخاننىڭ ھەمشىرىسى زۆھرەخانىمنى جانىخانغا خوتۇنلۇققا بەردى. ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقى تۈپەيلىدىن، قېرى يارمۇھەممەد دەپ ئاتالغان يارمۇھەممەد ماۋەرائۇننەھرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇزۇن ئۆتمەي ۋاپات بولدى. ئەمما، جانىخان ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە ئەبدۇللاخاننىڭ ھەربىي ئىشلىرىغا قاتناشتى، ئەبدۇللاخان ئۇنىڭدىن مىننەتدار بولدى. شۇ سەۋەبتىن ئەبدۇللاخان ئۆز ھەمشىرىسىنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئەڭ چوڭىغا، خۇسۇسەن ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ئىرانلىقلار بىلەن بولغان جېڭىدە كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى ئۈچۈن نىشاپۇرنىڭ نائىپلىقىنى بەردى (جانىخاننىڭ دىنمۇھەممەد، باقىيمۇھەممەد، ۋەلىيمۇھەممەد ئاتلىق ئۈچ ئوغلى بار ئىدى).

ئەبدۇلمۇئمىن زەمىندە قەتلى قىلىنىپ، مەملىكەت تەرتىپسىزلىك ئىچىدە قالغاندىن كېيىن، نوپۇزلۇق دۆلەت چوڭلىرىنىڭ بىرقىسمى تەختنى مويسىپىت جانىخانغا تەكلىپ قىلدى. ئۇ: «گەرچە مەنمۇ پەخىرلىنىش ئېتىبارى بىلەن چىڭگىزىيلەردىن بولساممۇ، ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھاكىمىيىتىگە ئولتۇرۇشقا شەيبانىيلەرگە قېرىنداش بولغان كىشى تېخىمۇ مۇناسىپراق بولىدۇ» دەپ بۇ شەرەپنى رەت قىلدى. ئۇ بۇ سۆزلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغۇللىرى ھەققىدە ئىشارەت قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنىڭ چوڭ ئوغلى دىنمۇھەممەدخان خان قىلىپ تىكلەندى. ھەممە كىشى ئۇنىڭ خۇراساندىن قايتىشىغا تاقەتسىزلىك بىلەن ئىنتىزار ئىدى. لېكىن، يۇقىرىدا بايان قىلىنغان بىرنەچچە ۋىلايەتتە شۇنداق ۋەقەلەر يۈز بېرىۋاتاتتىكى، ھەرقانچە خالىغان تەقدىردىمۇ دىنمۇھەممەد ئۈچۈن ئۇلارنى تاشلاپ كېتىشكە ئىمكان يوق ئىدى.

چۈنكى شاھ ئەبباس ئۆزىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمەنلىرى بولغان ئەبدۇللا بىلەن ئەبدۇلمۇئمىننىڭ ۋاپاتلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزبېكلەرنى خۇراساننىڭ پۈتۈن مۇستەھكەم ئورۇنلىرىدىن قوغلىدى ھەم تېزلىكتە بىر ئومۇمىي ئورۇش قوزغاپ، ئۇلارنى دەھشەتلىك سۈرئەتتە مەغلۇپ قىلدى. دىنمۇھەممەد مۇشۇ جەڭدە، يەنە بىر رىۋايەتتە قېچىپ كېتىۋاتقان ھالەتتە [5] نابۇت بولدى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئوردۇگاھى ۋە خەزىنىلىرى غالىپلارنىڭ قولىغا غەنىيمەت چۈشتى. بۇ جەڭدە يېڭىلىپ قاچقان ئۆزبېكلەرنىڭ ئومۇمىي پاراكەندىچىلىكى شۇ دەرىجىدە دەھشەتلىك بولدىكى، ھەتتا دىنمۇھەممەدنىڭ خوتۇنى ھەققى ياساۋۇل ناملىق سادىق بىر خىزمەتكارىنىڭ مەردانىلىك ۋە پىداكارلىقى سايىسىدىلا قۇتۇلۇپ قالالىدى. ھەققى ياساۋۇل ئۆزىنىڭ مەلىكىسىنى دەرھال بىر ئاتقا مىندۈردى. ئىمام قولى بىلەن نەدىرمۇھەممەد ناملىق ئىككى شاھزادىلىرىنى ئېگەرنىڭ ئىككى تەرەپلىرىگە ئېسىلغان قاپچۇقلىرىغا يوشۇردى ۋە دەرھال ئاتنى ھەيدىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭلا بىر مىلتىقتىن ئېتىلغان ئوق نەدىرمۇھەممەد يوشۇرۇنغان قاپقا تېگىپ ئۇنىڭ ئايىغىنى يارىلاندۇردى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ پۈتۈن ئۆمۈر بويى ئاقساق بولۇپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ پالاكەت نەتىجىسىدە، بۇخارا يېڭى سايلانغان ھۆكۈمداردىن يەنە مەھرۇم قالدى. پەقەت نەدىرمۇھەممەدنىڭ قېرىندىشى ئامۇ دەرىيادىن ئۆتۈپ، قۇتۇلۇشقا مۇۋەپپەق بولغانلىرىدىن كېيىن، بۇلارنىڭ چوڭى بولغان باقىيمۇھەممەدخان ھىجرىيە 1007

www.uyghurkitap.com

(مىلادىيە 1598) ـ يىلىدا ماۋەرائۇننەھر تەختىگە ئولتۇرغۇزۇلدى. كىچىكى بولغان ۋەلى مۇھەممەدخان ئۆز ھەسسىسىگە بەلخ بىلەن ئامۇ دەرياسىنىڭ بېرىقى تەرىپىدىكى ۋىلايەتنى ئالدى. ئامۇ بويى ئۆلكىسىدە بەزىبىر ئەھۋاللار يۈز بەرگەن ۋاقىتدا ئۇ كۆرۈنۈشتە قىسمەن شاھ ئەبباس تەرىپىدىن ۋە قىسمەن ئۆزىگە تەۋە بولمىغان ئۇلۇغلار تەرىپىدىن تەھدىت شەكىللەندۈرگەن قىسىنچىلىق تەھلىكىسىدىن خالاس بولۇشنى مۇشۇ ئىككى قېرىنداش ئارىسىدا داۋام قىلغان سۈلھىنىڭ نەتىجىسى دەپ قاراشقا توغرا كېلىدۇ.

قازاقلارنىڭ خانى تەۋەككۈلخاننى قوغلىغاندىن كېيىن، ئەسلى ماۋەرائۇننەھرنىڭ ئۆزىدە تېزدىن تىنچلىق ئورۇنلاشتى. ئەمما ئامۇنىڭ بېرىقى تەرىپىدىكى ۋىلايەتلەردە يېڭى سۇلالىنىڭ مۇئەسسەسلىرى ئۆزلىرىنىڭ قارشى تەرىپىدە غايەت خەتەرلىك بىر دۈشمەننى كۆردى. ئۇ بولسىمۇ شۆھرەتپەرەس بۈيۈك سەپەۋى ھۆكۈمدارى ئىدى. بەلخ بىلەن تۇخارستان ۋىلايىتىنىڭ ھەم سامانىيلار دەۋرىدىن بېرىقى بۇخارانىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى بولغان بەدەخشاننىڭ ئۆزبېكلەر نەزىرىدە ئايرىم ئەھمىيەتلىرى بار. چۈنكى ئۇلارنىڭ قەبىلىداشلىرىدىن كۆپىنچىسى دەريانىڭ بۇ تەرىپىدىكى قۇندۇز، ئاقچى، شىبۇرغان، ئانداخۇت [6] قاتارلىق جايلاردا ئورۇنلاشقانىدى. ئىككىنچىدىن، ئىسلام ھەربىي دۇنياسى ساھەسىدە غايەت مۆھتىرەم بىر ۋەلىي سانالغان ئەلىنىڭ قەبرىسىنى [7] شىئەلەرنىڭ ئىستىلاسىدىن قۇتۇلدۇرۇش لازىم ئىدى.

بۇ ۋاقىتلاردا شاھ ئەبباسنىڭ دىققىتى مەملىكەتنىڭ ئىچكىي ئەھۋالىغا ھەمدە دۆلەتنىڭ غەربىي شىمال چېگرالىرىغا قارىتىلغانلىقتىن، ھىرات ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، بۇ قېتىم بەلخكە ئىرانلىقلار تەرىپىدىن پەقەت ۋاستىلىق ھالدا ئاز بىر قىسىم كۈچ ئاجرىتىلغانىدى.

تۇغۇلۇش ئېتىبارى بىلەن شەيبانىيلارغا مەنسۇپ بولغان ھەم شاھ ئەبباسنىڭ ھىمايىسىدە بولۇپ، ئىرانلىقلارنىڭ ياردىمى سايىسىدە بەلخنى ئىشغال قىلغان مۇھەممەد ئىبراھىم ئۆزىنىڭ بەتئەخلاقى بىلەن دەسلەپتە ئىرانلىقلارغا مايىل بولغان. بەلخلىقلارنى ئۇ شۇ دەرىجىدە بىر غەلىيانغا كەلتۈرگەنىدىكى، ئۇلار ئۆزبېك ھاكىمىيىتىگە نەپرەتلىنىۋاتقان ھالەتتىمۇ ۋەلىيمۇھەممەدكە قول سوزۇپ، «شەھەرلەر ئانىسى» دەپ ئاتالغان بەلخنى ئىشغال قىلىش ئۈچۈن ياردەم بېرىشكە ۋەدە بەردى.

قەلئە ۋەلىيمۇھەممەد تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغاندىن كېيىن، مۇھەممەد ئىبراھىم يوقىتىلدى. پەقەت ئۇنىڭ بۈيۈك مەرتىۋىگە ئىگە قوماندانلىرى ئىسپاھانغا قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى. ئۇلار ئىران ھۆكۈمدارىنىڭ مەرھەمىتىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن، ئۆز ۋاقتىدا ئەبدۇلمۇئمىن تەرىپىدىن ئىمام مۇسا رىزا زىيارەتگاھىدىن ئېلىنغان ئالماسنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلدى. بۇ قىممەت باھا ئالماس تەنتەنىلىك رەۋىشتە قايتىدىن خۇراسان ۋالىيسىنىڭ خەزىنىسىگە قويۇلدى. ئۆزبېكلەر قەزۋىنگە يەرلەشتۈرۈلدى. لېكىن بۇندىن كېيىن يەنە ماجىرا يۈز بېرىشتە بەلخ خەلقى ھېچبىر سەۋەبكار بولمىدى. پەقەت ھىجرىيە 1011 (مىلادىيە 1602) ـ يىلىدا ئىرانلىقلار بىلەن خېلى مۇھىم بىر ماجىرا بولدى. بۇنىڭغىمۇ باقىي مۇھەممەدخان سەۋەبچى بولدى.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قېچىپ بارغان ۋاقىتدا قارايى قەبىلىسى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن قېرىندىشىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇ ئاشۇ قەبىلە ئۈستىگە تاجاۋۇز قىلدى. ئۇلار قۇندۇزدا ياشايتتى. قارايى ياكى قارا تۈركمەنلەر [8] ھازىرقى كۈندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەزكۇر رايونىدا ياشاۋاتىدۇ. شۇنىسى ناھايىتى دىققەتكە سازاۋەردۇركى، ئۇلار ھازىرقى كۈندىمۇ ئۆزلىرىنىڭ كۈشەندىسى بولغان ئۆزبېكلەر بىلەن دائىم ئاداۋەتتە ئۆتۈۋاتىدۇ.

گەرچە دىنمۇھەممەدنىڭ ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، كەسكىن رەۋىشتە

ئىسپاتلانمىغان بولسىمۇ، ئۇلار شىئە مەزھىپىدىكى ئىرانلىقلار بىلەن دوستانە مۇناسىۋەتتە بولغانلىقلىرى شۈبھىسىز ئىدى. باقىي مۇھەممەد بىلەن ئۇنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئۇلار ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىشىغا ۋە قوللىرىغا چۈشكەن ھەربىرسىنىڭ رەھىمسىز سۈرئەتتە يوقىتىلىشلىرىغا شۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك سەۋەب ئىدى. قارايىلارنىڭ قورال كۆتۈرۈشكە ئىقتىدارى بولغانلىرىنىڭ ھەممىسى قۇندۇز ئىستىھكامىغا كىرىپ دۈشمەنگە قارشى شىددەتلىك رەۋىشتە تاقابىل تۇردى. پەقەت ئىستىھكام تاملىرىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى مۇھاسىرە ئاستىدىكى يۈزلەرچە كىشىلەر بىلەن بىللە ھاۋاغا ئۇچرۇلغاندىن كېيىن ئاندىن قەلئەنى ئىشغال قىلىش مۇمكىن بولدى ۋە ئەسىرلەردىن ھېچكىم سالامەت قۇتۇلمىدى. تۈركمەنلەرنىڭ قارايى قەبىلىسى بۇ جەڭدە شۇ دەرىجىدە زەئىپلىككە دۇچار بولدىكى، تاكى شۇ ۋاقىتتىن بۇيان بىرەر قېتىممۇ تۈزۈلۈشكە مۇۋەپپەق بولمىدى.

بۇخارا ھۆكۈمدارىنىڭ بۇ ئىنتىقام ھەرىكىتى شاھ ئەبباسنى ھەممە كىشىدىن زىيادە غەلىيانغا كەلتۈرىدىغانلىقى مەلۇم ئىدى. ئۇ ئۆز ئىتتىپاقداشلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى ھىمايە قىلىپ، ئالدى بىلەن بەلختىكى ئاشتەرخانىيلارنى جازالاش، ئاندىن ئامۇ دەريا ئارقىلىق بۇخاراغا تاجاۋۇز قىلىش ئۈچۈن، ئەسكەرلىرى بىلەن مەرۋىدىن ئاقچىغا قاراپ ھەرىكەت قىلدى ۋە جەڭگە ھەپىلىسى بولغان ئۆزبېك ئەسكەرلىرىنى ئۇزاق كۈتۈشكە مەجبۇر قىلمىدى. ئىران ئەسكەرلىرى بەلخكە يېقىن جايدىكى بابا ئابدال زىيارەتگاھىغا يەتكەن ۋاقىتىدا ئۇلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى ئېغىر ھالدىكى بىر كېسەل بىلەن ئاغرىدى. شۇنداق بىر ھالەتتە ھەر ئىككى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلىرىدا ئۇلارنىڭ ئەجەللىك رەۋىشتە مەغلۇپ بولىدىغانلىقى تەبىئىي ئىدى. شاھ ئەبباس ئۆزىنىڭ بىرنەچچە مىڭ ئەسكىرى بىلەن كۆچ بالا ⑨ ئارقىلىق قېچىپ قۇتۇلۇپ قالدى. بۇ باقىيمۇھەممەدنىڭ ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا يۈز بېرىۋاتقان ئەڭ مۇھىم بىر جەڭ ئىدى. باقىيمۇھەممەدنىڭ قېرىندىشىنىڭ ئوغلى بەدىئۇززامان ھىجرىيە 1101 (مىلادىيە 1602) ـ يىلى تاغلىق تىكىنگە كەتكەنىدى. ئۇ يەردە ئۇ بىر ئاز پىتنە ـ پاسات چىقىرىشقا تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ، مۇستەھكەم مەسجە قورغىنى ئېلىنغاندىن كېيىن بۇ پىتنە ـ پاساتقا خاتىمە بېرىلدى. دادىسى بەدىئۇززاماننى يوقىتىشقا بۇيرۇق بەرگەن بەدەخشان نائىپى مۇھەممەد زامان پىتنىسىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاشلا تېزلىكتە باستۇرۇلدى. ئومۇمەن ئالغاندا باقىيمۇھەممەدخان دەۋرىنى تىنچلىق بىلەن ئۆتتى دېيىشكە بولىدۇ. باقىيمۇھەممەدخان تەختنى يالغۇز يەتتە يىل ئىلكىدە تۇتتى. چۈنكى، ئۇ ھىجرىيە 1014 ـ يىلىدا ئاغرىدى. بۇ خەۋەر تارقىلىش بىلەنلا مەملىكەتكە قازاقلار تاجاۋۇز قىلىپ، دەھشەتلىك ۋەيرانچىلىقلارنى پەيدا قىلدى. مۇشۇ قالايمىقانچىلىقلار دەۋرىدە ھەممە ئادەمنىڭ ئۈمىد نەزىرى ئەۋلىيالاردىن شەيخى ئالەم ئەزىزانغا تىكىلدى. ئۇنىڭ كارامىتى سايىسىدە ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى ئۈمىد قىلىشتى. شەيخ ئۇنىڭغا ئامۇ دەرياسىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى يەپ كېلىشكە تەۋسىيە قىلدى. شۇنىڭغا ئاساسەن باقىيمۇھەممەدخاننى كۆتۈرۈپ، سۈۋەت بىلەن قېيىققا سالدى. ئۇ قانچە كۈنلەرگىچە شۇ يەردە يۈردى. لېكىن كېسەلنىڭ مىجەزىنى شەيخنىڭ ياخشى كەشىپ ئېتەلمىگەنلىكى مەلۇم بولدى. چۈنكى ئاردىن ئۇزاق ئۆتمەستىن ھىجرىيىنىڭ 1014 (مىلادىيە 1650) ـ يىلى رەجەپ ئايىنىڭ ئاخىرىدا باقىيمۇھەممەد ۋاپات بولدى.

بۇ ۋاقىتلاردا كېسەل قېرىندىشىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن بەلختىن كەلگەن ۋەلىيمۇھەممەدخان مەملىكەت ھوقۇقىنى ئۆز قولىغا ئالدى ۋە ئۆلۈپ كەتكەن قېرىندىشىنىڭ ئۆزىگە قارشى تەربىيىلىگەن ئىككى ئوغلىنى تېرمىز يېنىدىكى جەڭدە مەغلۇپ قىلدى.

ۋەلىيمۇھەممەد ئۆزىنىڭ تەبىئىتى جەھەتتىن ياخشى كۆڭۈللۈك بىر زات بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئەيش ـ ئىشرەتكە زىيادە بېرىلىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلۇم ۋە بىپەرۋالىقلىرى تۈپەيلىدىن، باشتىلا ھەممە ئادەمنى

www.uyghurkitap.com

نەپرەتلەندۇردى. ئۇنىڭ بەلختە ۋالىي قىلىپ قالدۇرغان ۋەزىرى شەھبال كۆكەلتاش ھەققىدە مۇنداق نەقىل كەلتۇرۇلىدۇ: ئۇ ئادەملەرنىڭ بويىنىدىن ھۆكۈزلەرگە چىگىپ، بېشىنى گەۋدىسىدىن ئۈزدۈرىدىكەن، ياكى كىشىلەرنى قايىنىغان ماي (ياغ) ئىچىگە سېلىپ پىشۇرغۇزۇدىكەن ياكى ئادەملەرنىڭ تېرىلىرىنى يۇڭ تارغىقى بىلەن باشتىن ئاياغلىرىغىچە سويدۇرىدىكەن. مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان يىرگىنىشلىك ئەھۋاللار ھەمدە كېيىنكى ھۆكۈمدارنىڭ ئۈچ ۋەزىرىنى [10] ناھەق ھالدا يوقىتىش مەسىلىسى ۋەلىيمۇھەممەدكە قارشى كۈچلۈك بىر گۇرۇھنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە سەۋەب بولدى. بۇ گۇرۇھنىڭ بېشىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئىككى شاھزادە تۇرۇۋاتاتتى.

بۇ گۇرۇھ تەرىپىدىن ئىمامقۇلىخان ھۆكۈمدار قىلىپ سايلاندى ۋە قارشى تەرەپتە ئۇۋغا چىقىپ كەتكەن ۋەلىيمۇھەممەدخاننىڭ تەختتىن چۈشۈرۈلگەنلىكى ئېلان قىلىندى. ۋەلىيمۇھەممەدخان ئۇچۇن بۇ ۋاقىتتا ھېچ ئەسكەرسىز ھەم باشقا ياردەمچىسىز ھالەتتە بۇخاراغا قايتىش مۇمكىن بولسىمۇ، ئۇ يەردە ئۆز رەقىبىنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقى ھەم ئۆز ۋەزىرىنىڭ ئادەتتە ئۆزى تەرىپىدىن باشقىلار ئۈستىدە ئىجرا قىلىنىغان ئۇسۇل بويىچە دەھشەتلىك ئازابلار ئىچىدە يوقىتىلغانلىقى ھەققىدە خەۋەر ئالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئىرانغا قېچىپ ئۆز ئەجدادىنىڭ كونا دۈشمىنى بولغان شاھ ئەبباسنىڭ ھىمايىسىگە ئىلتىجا قىلىشتىن باشقا چارە قالمىدى. بۈيۈك سەپەۋىينىڭ قېرىنداشلار ئارىسىدىكى بۇ نىزادىن پايدىلىنىشقا نەقەدەر تىرىشقانلىقىنى سۆزلەپ ئولتۇرۇشقا ھاجەت بولمىسا كېرەك. قېچىپ كەتكەن بۇ ئاشتەرخانىيگە شاھ ئابباس پەۋقۇلئاددە بىر سۇرئەتتە چىرايلىق مۇئامىلە كۆرسەتتى. ئۇنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن شەخسەن ئۆزى ئىسپىھاندىن دۆلەت ئاباتقا قەدەر ئۈچ سائەتلىك يولغىچە قارشى ئېلىپ باردى. ئۇنى قۇچاقلاپ كۆرۈشۈپ بۈيۈك ئىلتىپات كۆرسەتتى. يىگىرمە مىڭغا يېقىن ئىران مىلتىقچىلىرى يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سەپ ـ سەپ بولۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. بازاردا بۇلارنىڭ ئۆتىدىغان يوللىرىدىكى ئۆي ۋە دۇكانلار قىممەتلىك گىلەم ۋە پاياندازلار بىلەن زىننەتلەندۈرۈلدى. شائىرلار ئۇنىڭ كېلىشى ھەققىدە قەسىدىلەر ئېيتىپ، شادلىق ئىزھار قىلىشتى. شۇنىڭغا قاراپ ئېھتىمال ئۆزبېك شاھزادىسى بۇ تەنتەنىلەر ئىچىدە ئۆز ھاكىمىيىتىنىڭ قايتىپ كېلىش خىيالىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس.

شاھ ئەبباسنىڭ ماۋەرائۇننەھرنى ئىستىلا قىلىش ئارقىلىق، ئۆز مەملىكىتىگە قوشۇشنى تىلەيدىغانلىقى ئېھتىمالدىن يىراقراق. ئۇ پەقەت ئۇنىڭ ھۆكۈمدارى بىلەن چىرايلىق مۇناسىۋەت باغلاپ، ئىراننىڭ شىمالىي چېگراسىنى ھەر دائىم دىگۇدەك بولۇپ تۇرغان تاجاۋۇزچىلىقلاردىن ساقلاش پىكرىدە ئىدى. ئاز بىر مۇددەتتىن كېيىن شاھ ئەبباس سەكسەن مىڭ ئىرانلىق [11] بىلەن ۋەلىيمۇھەممەدخاننى كىر ۋە ئامۇ بويىغا ئەۋەتتى. بۇ قېتىمدا بۇخارانىڭ بۈيۈك روھانىيلىرىنىڭ پەۋقۇلئاددە بىر نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقلىرى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ئېغىر كېسەللىكلەر ۋاقتىدا ئۇلاردىن تېببىي ياردەم سورىشاتتى. بۇ قېتىمدا بولسا ئۇلار ئەسكىري ياردەم كۆرسىتىشكە تەۋسىيە ئېتىلدى.

ئىمامقۇلىخان دۈشمەن ئەسكىرىنىڭ كۆپلۈكى ھەققىدە خەۋەر ئېلىپ، پەۋقۇلئاددە خەۋپسىرەش ئىچىدە قالدى ۋە بۇ خۇسۇستا مەسلىھەت سوراپ مەخدۇم ئەزەمنىڭ نەسلىدىن بولغان خاجە مۇھەممەد ئەمىنگە مۇراجىئەت قىلدى. لېكىن ئىمامقۇلىخان تەۋەلىكىدىكى ئەسكەرلەرنىڭ ئازلىقى ئۈچۈن بۇ دىيانەتپەرۋەر زات ئەسلا قايغۇرمىدى. ئۇ شەخسەن ئۆزى جەڭگە ئارىلىشىشنى قارار قىلىپ، مۇقەددەس لىباسىغا ئوق ۋە ئوقلۇق (ئوق ساۋۇتى) تاقىدى. بىرىنچى ئوقنى ئۆزى ئاتتى ھەم دۈشمەن ئۈستىگە بىر ئوۋۇچ تۇپراق تاشلاپ، ئۇلار ئۈستىدە قاراڭغۇلۇق ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، ئومۇمىي ھۇجۇم ئۈچۈن ئىشارەت بەردى. ئىككى ئارىدا ۋەھشىيانە ئۇرۇش باشلاندى. مەن پايدىلانغان «تارىخى مۇقىم خانىي»

ناملىق كىتابتا چوڭ ئەھمىيەت بىلەن بايان قىلىنىشقا قارىغاندا، قاراڭغۇلۇق جەڭچى ئۆزبېكلەرنى خۇددى بىر تامدەك قورشاپ ئالغان ھەم دۈشمەن ئوردىسى ماھىيان كۆلى يېنىدا ھەر تۈرلۈك مۇداپىئە ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالغان.

ئەمدى بۇ جەڭنىڭ تارىخىي جەھەتتىكى ھەقىقىتىگە قارايدىغان بولساق: ئىمامقۇلىخان باشتا قورقىنىدىن پايتەختنى دۈشمەنگە قالدۇرۇپ چىقتى. لېكىن، ھىجرىيە 1020 (مىلادىيە 1611) - يىلى رەجەپ ئېيىنىڭ بېشىدا يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئورۇندىكى [12] جەڭدە غالىبىيەت ئۇنىڭ تەرىپىدە بولدى. ۋەلىيمۇھەممەد ساق - سالامەت ھالدا ئۇنىڭ قولىغا ئەسىر بولۇپ چۈشۈپ، مۇۋەپپەقىيەت قازانغان شەيخنىڭ ئەمرى بىلەن بېشى كېسىلدى. بۇ ۋاقىت ئۇنىڭ سەلتەنىتىگە ئالتە يىل بولغان ئىدى. بۇندىن كېيىن ئىران بىلەن ماۋەرائۇننەھر ئارىسىدا ئۇزۇن مۇددەت سۈلھى ۋە تىنچلىق دەۋرى داۋام قىلدى. تۈركلەر ئۈستىدىن قازانغان زور غەلىبىسى تۈپەيلىدىن شاھ ئەبباس ئۆزىنىڭ بارلىق دۈشمەنلىرى، شۇ جۈملىدىن ئۆزبېكلەر نەزىرىدە كاتتا بىر ئورۇنغا ئىگە بولدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئىرانغا قارىتىلغان ئاددىي كىچىك تاجاۋۇزلار پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بۇ ۋاقىتلاردا ئاندىخۇي يېنىدا سەھرا تەرىپىدىن كاسپىي دېڭىزىنىڭ شەرق ساھىلىغا قەدەر بىر زەنجىر ھاسىل قىلغان تۈركمەنلەر شاھتىن ياكى ئۇنىڭ ئىتتىپاقداشلىرىدىن مائاش ئېلىپ تۇر ۋۋاتاتتى.

ئىمامقۇلىخان تۈركىستاننىڭ شىمالىدىكى قازاق ۋە قالماق باسمىچىلىرىغا قارشى يالغۇز بىر كىچىك ئۇرۇش قوزغىدى. بىز بۇنى مۇسۇلمان رىياكارلىقىنى ئوچۇق كۆرسەتكەن بىر ھالەت تۈپەيلىدىن بۇ ئورۇندا بايان قىلىپ ئۆتىمىز. بۇ ۋەقە مۇنداق: يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان كۆچمەن قەبىلىلەردىن ئىبارەت كۆپ بىر خەلق ھىجرىيە 1021 (مىلادىيە 1612) - يىلى ھەممە نەرسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ سەمەرقەندكە بېسىپ كىردى. ئۇلار بۇنىڭ ئۈچۈن ئىمامقۇلىخان تەرىپىدىن تېگىشلىك بولغان جازاغا دۇچار قىلىندى. يەنە مۇشۇنداق پالاكەتلىك ۋەقەلەرنىڭ بولماسلىقى ئۈچۈن، ئىمامقۇلىخان چېگرادىكى تاشكەنت شەھىرىنى ئۆزىنىڭ ئوغلى ئىسكەندەرگە بەردى. ئېھتىمال تاشكەنت شەھىرى ئۆزىمۇ مەزكۇر بۇلان - تالانغا ئىشتىراك قىلغان بولسا كېرەك. ئىسكەندەر بۇ يەردە ئۇزاق تۇرالمىدى. قوزغىلاڭ يۈز بېرىپ، شۇ مەزگىلدە ئاسىيلار تەرىپىدىن قەتلى قىلىندى. بۇ ھەقتە خەۋەر ئالغان ئىمامقۇلىخان دەرھال تاشكەنت ئۈستىگە يۈرۈش قىلدى ۋە ئاسىيلارنىڭ قېنى ئىگەرنىڭ ئۇزەڭگىسىگىچە يەتكەنگە قەدەر ئىنتىقامنى داۋام قىلدۇرۇشقا قەسەم ئىچتى.

تاشكەنت مۇستەھكەم بىر قەلئە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە ۋە ئۇرۇشتىن كېيىنلا ئىشغال قىلىش مۇمكىن ئىدى. ئاخىر قەلئە ئېلىندى ۋە خەلق دەھشەتلىك سۈرئەتتە قەتلى قىلىنىپ، يالغۇز قېرىلار بىلەن بالىلارلا سالامەت قالدى. لېكىن ئىمامقۇلىخان ئۆزىنىڭ قەسىمىنى يادىغا ئېلىپ ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ قېنى ئىگەرنىڭ ئۇزەڭگىسىگىچە ئەمەس، بەلكى يالغۇز ئېتىنىڭ تۇياق سۆڭەكلىرىگە قەدەر يەتكەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن، قەسىمىدىن يانغان بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن قالغان كىشىلەرنىمۇ قەتلى قىلىشقا پەرمان بەرمەكچى بولدى. بەرىكەت تاپقۇر ئۆلىمالار بۇنىڭغا قارشى چارە تاپتى. بۇ چارە مۇنداق: بىر چوڭقۇر ئورەك قېزىلىپ ئۆلگەنلەرنىڭ قېنى بىلەن تولدۇرۇلدى. ئىمام قۇلى ئات ئۈستىدە ئولتۇرغان ھالدا، شۇ ئۆرەككە كىردى. شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ قېنى ئۇنىڭ ئۇزەڭگىسىگىچە يەتتى. شۇ ئۇسۇلدا «دىيانەتپەرۋەر» ھۆكۈمدار ھانىسلىقتىن (قەسەمنى بۇزغانلىق گۇناھىدىن)، قېرىلار ۋە بالىلار بولسا ئۆلۈمدىن قۇتۇلدى. چۈنكى ئىمامقۇلى شۇندىن كېيىن ئۆلتۈرۈشنى توختىتىشقا پەرمان قىلدى. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىككى، ئەخلاق ۋە دىنىنى شۇ قەدەر خاتا چۈشەنگەنلىكىگە قارىماي، بۇ ئىمامقۇلىخان ھېچبىر ئىشغالىيەت ۋە جەڭگى - جېدەلسىز ھالدا ئۆزىنىڭ ئۆلكىسىنى بەختىيار، گۈزەل

www.uyghurkitap.com

ۋە ئاۋات قىلغان بىردىن بىر ماۋەرائۇننەھر خاندۇر. ئۇ ئىلاھىي ھۆكۈملەرنىڭ ھەممىسىنى پۈتۈنلەي ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە سەۋەب بولغان ئىسلام ھۆكۈمدارلىرىنىڭ پىرى سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوتتۇز سەككىز يىللىق ھۆكۈمرانلىق دەۋرىدە يوللار پەۋقۇلئاددە بىر سۈرئەتتە تىنچ ـ ئامان بولغان. ئۇ ئالىملار، ئەدىبلەر ۋە شائىرلار بىلەن ئارىلىشىپ كۆپ لەززەت تاپاتتى ۋە كۆپ ۋاقىتلاردا ھۆكۈمدارلىق لىباسىنى تاشلاپ دەرۋىشلەرچە كىيىنەتتى. ھەممە ئىشلارنى شەخسەن ئۆزى بىلىش ئۈچۈن ۋەزىرى نەزەر دىۋان بېگى ۋە يېقىن كۆرگەن كىشىسى ئەبدۇلۋەسى بىلەن شەھەردە كېزىپ يۈرەتتى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئۆلىمالىرىدىن ئەڭ كاتتىسى بولغان موللا يۇسۇپ قاراباغىي بىلەن ئارىلىشاتتى. شائىرلار ئارىسىدىن موللا تۇرابى بىلەن موللا نەخلىنى ئايرىم تەقدىرلەپ ۋە ھۆرمەتلەپ كەلگەنىدى. بىر چاغدا بۇ كېيىنكى شائىرنىڭ بىر قەسىدىسىنىڭ ئېغىرلىقىغا تەڭ ئالتۇن بەردى. ئىمامقۇلىنىڭ ئۆزىنىڭمۇ غايەت گۈزەل شېئىرلىرى بار ئىدى.

ئۇنىڭ پۇقراچە كىيىنىپ يۈرگەنلىكىگە ئائىت كۆپ ۋەقەلەردىن تۆۋەندىكىسىنى ئايرىم بايان قىلىش لازىم كۆرۈندى: مەدرىسىلەرنىڭ بىرىدىكى بىر داموللا بىر گۈزەلگە ئاشىق بولغان، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنىڭ سەمىمىي بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن گۈزەل ئۇنىڭدىن بىر ئىسپات كۆرسىتىشىنى تىلەپ، ئالدىدىكى بايرام ئۈچۈن ئۆزىگە يېڭى بىر قۇر كىيىم ھەدىيە قىلىشنى تەلەپ قىلغان. داموللا بولسا پېقىر بولغانلىقى ئۈچۈن بۇنى بېجىرىش قولىدىن كەلمىگەن. مەيۇسلەنگەنلىكى تۈپەيلىدىن پەۋقۇلئاددە ئىزتىراپقا چۈشكەن داموللا «مۆمىنلەر ئۈچۈن كاپىرنىڭ مېلى ھالالدۇر» [13] دېگەن ماقالنى ئېسىگە ئېلىپ، جاۋاھىر ساتقۇچى بىر ھىندى مەجۇسىنىڭ دۇكىنىغا چۈشۈشكە ۋە ئۆزىگە يېتەرلىك ئەشيانى ئوغرىلاشقا ھازىرلانغان. ئاخىر بىر كېچىسى موللا ئۆزىگە سادىق ئىككى كىشى بىلەن دۇكانغا چۈشكەن ۋە ئىچىدە جاۋاھىراتلار بولغان بىر ساندۇقنى ئېلىپ كوچىغا چىقىدىغان ۋاقتىدا، دۇكان ئىگىسى ھىندى ئويغىنىپ قېلىپ ۋارقىرىغان ۋە دەرۋازىنىڭ يېنىدا موللىنى تۇتقان. دەل شۇ پەيتتە قولىدا چىرىغىنى كۆتۈرگەن ھالەتتە كېچە ساقچىسى (مىرشەب) كېلىپ قالغان. موللا دەرھال ئۇنىڭ قولىدىكى چىراغنى بىر ئۇرۇپ چۈشۈرگەن ۋە قاراڭغۇلۇقتىن پايدىلىنىپ: «ئاھ نەزەر دىۋان بېگى، سەن بىر پانادا ئويۇن ئويىنىدىڭ» دەپ ۋارقىرىغان. بۇنىڭغا قارشى: «ئەي شەۋكەتلىك ئىنسان، مەن نەزەر دىۋان بېگى ئەمەس، كۆرۈپ قالغۇچى ئابدۇلۋەسى» دەپ جاۋاب بېرىلگەن. ئىمامقۇلىنىڭ نەزەر دىۋان بېگى ۋە ئابدۇلۋەسى بىلەن قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ يۈرۈشى خەلق ئارىسىدا ھەممىگە مەلۇم بولغان بىر ئەھۋال بولغانلىقى ئۈچۈن، ساقچى ھۆكۈمدارنىڭ بىر لەتىپىسىنى بۇزدۇم دەپ تەنە قىلغان ۋە قورقۇنچىدىن دەرھال قېچىپ كەتكەن. جاۋاھىرنى ئوغرىلىغان موللىمۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھىيلىسى تۈپەيلىدىن سالامەت قېچىپ قۇتۇلغان. ھىندى سودىگەر: «ئۆز ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىمىدى» دەپ ساقچى ئۈستىدىن شىكايەت قىلغاچقا مەسىلىنىڭ ماھىيىتى ئاشكارىلىنىپ، موللا ئۆزىنىڭ ئوغرىلىغان نەرسىسىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا ھۆكۈم چىقىرىلغان. كېيىن موللا خاننىڭ ھۇزۇرىغا چاقىرىلغان، خان ئۇنى كەچۈرۈم قىلىپ ھەدىيە بىلەن خۇشال قىلغان.

سىياسىي ئەھۋالنىڭ ئازلىقى تۈپەيلىدىن ئاشتەرخانىيلارنىڭ تارىخچىلىرى ئىمامقۇلىخاننىڭ زامانىسىدىكى ئاشتەرخانىيلار ھۆكۈمىتىنى بىر قاتار سەرگۈزەشتىلەر ۋە تارىخىي ۋەقەلەر بىلەن زىننەتلەيدۇ. بىزمۇ بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى بۇ يەردە بايان قىلىپ ئۆتۈشنى مۇناسىپ كۆرمىز. چۈنكى بۇلار شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەھۋالىنىڭ قانداق روھتا بولغانلىقىنى ئوچۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇلار جۈملىسىدىن ھىندىستاندىكى موغۇل دۆلىتى بىلەن بۇخارا ئارىلىقىدىكى بولغان سىياسىي مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە دىققەتكە سازاۋەر بولغان كۆپ ۋەقەلەر بايان قىلىنىدۇ.

ئىمامقۇلى ئۆزىنىڭ تەختكە ئولتۇرغانلىقىنى رەسمىي رەۋىشتە ئېلان قىلىش ئۈچۈن،

تاشكەنتتىن قايتقاندىن كېيىن، ھىندى ھۆكۈمدارى جاھانگىر ھۇزۇرىغا بىر ئەلچىلەر ئۆمىكىنى يوللىدى. بۇ ۋاقىتتا ھىندىستاننىڭ يېرىمىدا، يەنى ئۆز ئاتىسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدە ئۆز تەختىگە ئولتۇرغان جاھانگىرخان ئۆزىنىڭ تاجىدار ئۆزبېك قېرىنداشلىرىنىڭ ئەلچىلەر ھەيئىتىنى پەۋقۇلئاددە ياخشى بىر مۇئامىلە بىلەن قارشى ئالدى. ھەتتا بەزى چاقچاقلارنىمۇ قىلىشتى.

ئىسمى «جاھاننى ئىشغال قىلغۇچى» دېگەن مەنىدە بولغان جاھانگىر شۇ ۋاقىتتا ئۆزىنىڭ ئىنتايىن يېقىملىق ۋە گۈزەل خوتۇنى نۇرى جاھاننىڭ مۇھەببىتىگە ئەسىر بولغان ۋە يالغۇز شۇنىڭ ئىشقى ھەققىدە تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، ئەلچىلەردىن ئىمامقۇلىنىڭ مەھبۇبلىرى ھەققىدە سوراشتۇرۇشقا باشلىدى. ئىسلامىيەت ئەدەبلىرىگە خىلاپ بولغان بۇ ئىش [14] ئەلچىلەرنىڭ ھاقارەت ھېسسىياتىنى ئويغاتتى. شۇڭا ئۇلار: «مېنىڭ ھۆكۈمدارىم دۇنياۋى لەززەتلەردىن ئازادتۇر، ئۇ ھېچقاچان دۇنيا نەرسىلىرى ھەققىدە ئويلىمايدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنىڭغا قارشى جاھانگىر تەبەسسۇم قىلىپ: «سېنىڭ ھۆكۈمدارىڭ قاچانلاردا ئۆزىدە ئۇنىڭغا قارشى نەپرەت ھاسىل قىلغۇدەك بىرەر دۇنيانى كۆردى؟» دېدى. ئەلچى قايتقاندىن كېيىن بۇ سۆھبەتنى ئىمامقۇلىغا بايان قىلغان. ئۇمۇ بۇ تۆپەيلىدىن ئۆزىدە بىر ھاقارەت ھېس قىلغان. بىر ئاز ۋاقىتلاردىن كېيىن جاھانگىر ئىمامقۇلىنىڭ نازاكەت كۆرگۈزگەنلىكىگە قارشى جاۋابەن ئۇنىڭ ھۇزۇرىغا بۇخاراغا ئەلچى ئەۋەتىپ، ناھايىتى ئۆتكۈر ۋە ھېيلىگەر بىر تېۋىپنى يوللىغان. بۇنىڭ ئىمامقۇلىغا ئېلىپ كەلگەن كۆپ قىممەتلىك ھەدىيىلىرى ئارىسىدا ئالماس ۋە قىممەت باھالىق تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن ئۇچۇق قىزىل رەڭدە بىر چېدىر بولغان. بۇنىڭ باھاسى پۈتۈن ھىندىستاننىڭ بىر يىللىق باج خىراجىتىنىڭ قىممىتىدە ئىكەن. شۇنداق بولغان بولسىمۇ، ئىمامقۇلى جاھانگىر تەرىپىدىن سادىر بولغان ئۆزى ھەققىدىكى ھاقارەتنى ئېسىدە تۇتۇپ، ئۇنىڭ ئەلچىسىنى ئۆز ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلماي ئالتە ئاي كۈتكۈزگەن. دىۋان بېگى ۋاستە بولۇپ ئەلچىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن ھەرقانچە ھەرىكەت قىلغان بولسىمۇ، ئىمامقۇلى: «ئەگەر مەن ئۇنىڭ ھەدىيەلىرىنى قوبۇل قىلسام، مىننەتدار بولۇش لازىم بولىدۇ، ئەگەر مىننەتدارلىق كۆرسەتمىسەم، ئەدەپ - ئەخلاق مىزانىغا خىلاپ ھەرىكەت قىلغان بولىمەن. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىلىسىنى خالىمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى ئۇنى ھۇزۇرۇمدا ئەسلا قوبۇل قىلمىغىنىم تۈزۈك» دېگەن سۆزلەرنى تەكرارلىغان.

ئاخىر دىۋان بېگىنىڭ يېڭىدىن تۈزگەن پىلانى بىلەن ئىمامقۇلى ئەلچى بىلەن يالغۇز ھالەتتە تاسادىپىي رەۋىشتە مەسلەن: ئوۋدا كۆرۈشۈشكە رازىلىق بىلدۈرگەن. شۇنىڭغا بىنائەن ھېيلىگەر تېۋىپ ئۆزىنىڭ چېدىرىنى ئىمامقۇلىنىڭ ئوۋ دائىرىسىدە قۇرۇپ، ئېلىپ كەلگەن ھەدىيىلىرىنى شۇنىڭ ئىچىدە قويغان. لېكىن ئىمامقۇلى ئۆز ۋاقتىدا چېدىرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەندە ئۇنىڭغا قارىماي يۈزىنى ئەتەي ئىككىنچى تەرەپكە بۇراپ، ئۆزىنىڭ يېنىدىكى بىر ئادەم بىلەن سۆزلىشىپ ماڭغان. تېۋىپ: «ئەي قىبلەئى ئالەمىيان (ئالەملەرنىڭ قىبلىگاھى)، ھېچبولمىسا بۇ تەرەپكە نەزەر سالسىڭىز» [15] دېگىنىدە ئىمامقۇلى ئۇنىڭ ئۈستىدىن بىر كۆز سېلىپلا يېنىدىكى رەھىم پەرۋانچىگە: «ئال، ھەممىسىنى ساڭا ھەدىيە قىلدىم» دېگەن. ئەلچى تېڭىرقاپ قالغان. لېكىن ئۇ ئېلىپ كەلگەن ھەدىيەلىرى ئارىسىدا ئىنتايىن ئالىي بىر قىلىچنى چېدىرغا قويماي قالدۇرغانىكەن، شۇنى تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئىككىنچى كۈنى ئىمامقۇلىنىڭ ھۇزۇرىغا كىرىشكە رۇخسەت سورىغان. كىرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا تەقدىم قىلىپ: «ئەكبەر شاھتىن ئىنتايىن نادىر ئىككى قىلىچ قالغانىدى. ھۆكۈمدارىم شۇلارنىڭ بىرىنى ئۆزىگە ئېلىپ قالدى. ئىككىنچىسىنى دوستلۇق بەلگىسى سۈپىتىدە سىزگە ئەۋەتتى» دېگەن. ئۆزبېك خانى بۇ ھەدىيەنى رەت قىلالمىدى. لېكىن قىلىچنى قېنىدىن تارتىپ ئالىدىغان چاغدا قىلىچ باشتا قىنىدىن چىقماي بىر ئاز تۇرۇپ

قالدى. ئىمامقۇلى جاھانگىرنىڭ بەدەخشاننى ئىشغال قىلىشتا تەلەپكە مۇۋاپىق بولالمىغانلىقى بىلدۈرۈش قەستى بىلەن: «بەللى، سىزنىڭ قىلىچلىرىڭىز قىنلىرىدىن تەستە چىقىدۇ» دېدى. زېرەك تېۋىپ مەقسەتنى ھېس قىلىپ: «يالغۇز مۇشۇ قىلىچلا تەس چىقىدۇ، چۈنكى بۇ سۇلھى قىلىچىدۇر، ئەگەر ئۇ جەڭ قىلىچى بولسا تېز چىققان بولار ئىدى» دەپ جاۋاب قايتۇردى. ئىمامقۇلىنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەرنىڭ ھۆرمەت ئېھتىراملار بىلەن ئۇزاتقانلىقى بۇ تېۋىپتا تېخىمۇ كۆپ ئەستىلىكلەرنى قالدۇرغان. شۇلار جۈملىسىدىن بىرى: بىر كۈنى بۇخارا ھۆكۈمدارىنىڭ سارىيىدا شائىرلاردىن نەخلى بىلەن تۇرابى شېئىر مۇسابىقىسى ئۆتكۈزگەن. شۇ ۋاقىتتا بۇ ئەقىللىق تېۋىپتىن: «سىزنىڭچە بۇلاردىن قايسىسى ئۈستۈندۇر؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئەي ھۆكۈمدار، ھەممىگە مەلۇمكى، خورما يەردىن ئۆسىدۇ» دېگەن. شۇ ئېتىبار بىلەن تۇرابى ① ئايرىم بىر ئېھتىرام دەرىجىسىگە ئىگە بولغان.

جاھانگىرنىڭ بۇ ئەلچىلەر ئۆمىكى ھىندىستانغا ھىجرىيە 1036 (مىلادىيە 1626) ـ يىلىدا قايتتى. شۇندىن بىر يىل كېيىن جاھانگىر ۋاپات بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئوغلى شاھى جاھان تەختكە ئولتۇردى. بۇ ئۆزىنىڭ ئىستىلا ھېرىسمەنلىكىنى بەلخنى ئېلىش بىلەن تەسكىن تاپقۇزۇش يولىغا كىرگەنىدى. لېكىن ئىمامقۇلى ناھايىتى ئەپچىل سۈرئەتتە بۇنىڭغا قارشى چىقتى. شۇنىڭ بىلەن شاھى جاھان ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىدىن پۇشايمان قىلىپ، مەسىلىنى سۇلھى يولى بىلەن ھەل قىلىش ئۈچۈن، بۇخارا ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەلچى قىلىپ ئەۋەتىلگەن دادخا ھاجى مەنسۇرغا ⑯ ئۆزىنىڭ مەقسىتى ئىستىلاچىلىق ئەمەس، بەلكى چوڭ بىر ئوۋ قىلىشتىن ئىبارەت ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى.

ئىمامقۇلى سۇلھىنى قوغداشقا چوڭ ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇنىڭ سايىسىدا بۇ سۇلھى ئۇزۇن مۇددەتلەرگىچە داۋام قىلىشى مۇمكىن ئىدى. ئىران بىلەنمۇ سۇلھىدە ياشىدى. گەرچە بۈيۈك ئەبباسنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بەلخ نائىبىنىڭ قېرىندىشى نەدىر مۇھەممەد سەۋەبىدىن ئىران بىلەن ئىككى ئارىدا قىسقا بىر مۇددەت ⑰ سۇلھى بۇزۇلغان بولسىمۇ ئۇ ئۇزاق داۋام ئەتمىدى. نەدىر مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئىمام رىزانىڭ نەسەبىدىن ئىكەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ۋاقىتلار ئىران ھەم شاھ ئەبباس ھەققىدە دۈشمەنلىك ھەرىكىتىنى باشلىغانىدى. لېكىن ئىمامقۇلى دوستانە مۇناسىۋەتنى يېڭىلاپ، شاھقا ئەلچىلەر ئەۋەتتى ھەم ھىجرىيە 1031 (مىلادىيە 1621) ـ يىلىدا ئۆزىنىڭ ئەلچىسى پايەندە مىرزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭغا كۆپ ھەدىيىلەرنى، شۇلار جۈملىسىدىن ئەللىك تۈركستان ئېتىنى يوللىدى.

## ئىزاھلار

① رۇس تارىخچىلىرىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، توقتامىش قۇتلۇق تېمۇرنىڭ ئىز باسارى شادى بەگنىڭ پەرمانى بىلەن سىبىرىيىدە سومبىدىن ئۇزاق ئەمەس بىر يەردە قەتلى قىلىنغان. ھامبىرنىڭ: «ئالتۇن ئوردا تارىخى» ناملىق كىتابىنىڭ 366 ـ بېتىگە قاراڭ.

② قولۇمدا پايدىلىنىۋاتقان ئىككىنچى دەرىجىدىكى مەنبەلەردە قۇتلۇق تېمۇرنىڭ نەسەبى ھەققىدە مۇنداق ئىختىلاپلار بار: «تارىخى مۇقىم خاني» ناملىق ئەسەرنىڭ مۇئەللىپىنىڭ بايان قىلىشىغا قارىغاندا، ئۇنىڭ نەسلى مۇنداق: چىڭگىز، جۇجى، ئۇرۇس، بۇغا سۇلتان، قۇتلۇق تېمۇر. ئەبۇلغازى بۇ ھەقتە مۇنداق يازىدۇ (100 ـ بەت): چىڭگىز، جۇجى، توقاي تېمۇر، ئۆز تېمۇر، ئاباي، تومغان، قۇتلۇق تېمۇر. ھالبۇكى ھامبىر تەرىپىدىن جۇجىنىڭ

---

① تۇرابى ـ «تۇراب»، يەر، تۇپراق دېگەن مەنىدە بولۇپ، شائىر تۇرابى شۇ سۆزنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلغان.

www.uyghurkitap.com

ئون تۆت ئوغلى زىكىر قىلىنغان نەسىل جەدۋىلى (شەجەرە) دە يۇقىرىدىكى ئىككى بايانىدىن شۇ قەدەر چەتنەپ كەتكەنكى، بۇنىڭغا بىنائەن ھەتتا قۇتلۇق تىمۇرنىڭ ھەقىقىي نەسەبىنى بىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

③ ھازىرقى (ئاستەراخان) سۆزى پارسچىدىكى (ئەجدەرھان) دېگەن سۆزدىن ئېلىنغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن ئوتتۇرا ئاسىيا قولىيازمىلىرىدا «ش» ۋە «ت» بىلەن «ئاشتەرخان» شەكلىدە يېزىش قەدىمدىن قالغان «ھاجى تارخان» سۆزىنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

④ يارمۇھەممەدخاننىڭ نەسەبى ھەققىدىمۇ «تارىخى مۇقىم خانىي» بىلەن ئەبۇلغازى ئارىسىدا مۇھىم پەرق بار. بىرىنچىسىگە قارىغاندا: قۇتلۇق تىمۇر، باھادىرخان، مۇھەممەدخان، غاراق، نەگىشلان، مانغىشلاق، يارمۇھەممەد. ئىككىنچىسىگە ئاساسلانغاندا: قۇتلۇق تىمۇر، ئەلى تىمۇر، تىمۇر قۇتلۇق، تىمۇر سۇلتان، مۇھەممەدخان، جوراق، مانغىشلاق، مۇھەممەد سۇلتان، جان، دورۇستى جانى سۇلتان. بۇ ئىككىنچى بايان دورۇسراق بولسا كېرەك. لېكىن كېيىنكى ئىككىسى ئارىسىدا يارمۇھەممەدخان زىكىر قىلىنماي قالغان.

⑤ «رەۋزەتۇسسەفا» دا ئۇنىڭ ھىرات يېنىدا ۋاپات بولغان چاغدىكى كەيپىياتىنى قىلچە شۇبھى قالمايدىغان دەرىجىدە تەپسىلات بىلەن بايان قىلىدۇ. ھالبۇكى، «تارىخى مۇقىم خانىي» نىڭ بايانىغا قارىغاندا جەڭ پالاكەتلىك نەتىجە بىلەن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دىنمۇھەممەدخان قارايى ۋە ئەندىخۇي قەبىلىلىرى ئارىسىدا كەزگەن ۋاقىتلىرىدا دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن تونۇلۇپ قېلىپ، ئۇلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن. لېكىن بۇنىڭ ئەسلى سەۋەبىنى ئىزدەپ تېپىش قىيىن. چۈنكى باقىمۇھەممەدخان ئىنتىقام ئۈچۈن كېيىن بۇلار ئۈستىگە يۈرۈش قىلغانلىقتىن، بۇ ئىش ئۇلار ئۆزلىرى ئۈچۈن پالاكەتلىك بولغان.

⑥ بۇ ھازىرقى ئەندىخۇيدۇر. تۈرك تىلىدىكى تاۋۇشلارنىڭ ئۆزگىرىشىگە بىنائەن سۆز ئاخىرىدىكى ساكىنلىق «ي» نىڭ «ت» ھەرپىگە ئالمىشىدىغانلىقى كۆپ ئۇچرايدۇ. «ئانداخۇد» ياكى «ئانداخۇت» دېگەن سۆز موغۇل تىلىدا «بىرلەشكەن، بەختلىك» دېگەنلىك بولىدۇ.

⑦ ئەلى قەبرى دەپ ئاتالغان بۇ زىيارەتگاھنىڭ تارىخى «تارىخى سەئىد راقىم» نىڭ بايانىغا قارىغاندا مۇنداق: سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا بايقارا زامانىدا ئۆلىمالاردىن بىر زات ئەلى ئىبنى ئەبى تالىبنىڭ قەبرى بەلختىن ئۇزاق ئەمەس، خاجە ھەيران قىشلىقىدا سەلجۇقى سەنجەر ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا تېپىلغانلىقىنى تارىخ كىتابلىرىدىن كەشىپ قىلغان. شۇنىڭغا بىنائەن ئۇ يەرنى قېزىشقا باشلىغانلارمۇ بىر بىناغا قەدەر قازغان. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى بىر تاش لەۋھەدە مۇنداق يېزىق بولغان: «بۇ قەبرە ئاللانىڭ ئارسلانى، بەيغەمبەرنىڭ قېرىندىشى، خۇدانىڭ دوستى، ئەلىنىڭ قەبرىسىدۇر». بۇ خەۋەر يۇقىرىدا زىكرى قىلىنغان سۇلتان ھۇسەيىن مىرزا بايقاراغا يەتكەندىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كۆپ كىشىلىرى بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ ھىجرىيە 858 (مىلادىيە 1480) ـ يىلىدا بىرىنچى قېتىم بۇ يېڭى كەشىپ قىلىنغان قەبرىنى زىيارەت قىلغان. كېيىنكى ۋاقىتلاردا بۇ يەرگە ئەلا دەرىجىدىكى بىر بىنا سېلىنغان. گەرچە ھازىرقى مازارى شەرىپتە بۇنىڭ ئىزناسى ئاز قالغان بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيالىقلار نەزىرىدە بۇ قەبرىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ھەققىدە ھېچبىر شەك ـ شۈبھى يوقتۇر.

⑧ چىراي ۋە قىياپەت جەھەتتىن يۇمۇدلارغا ئوخشايدىغان قارا تۈركمەنلەر ھەققىدە مەلۇمات ئالماق ئۈچۈن، مېنىڭ «ئوتتۇرا ئاسىيادا ساياھەت» ناملىق ئەسىرىمنىڭ 245 ـ بېتىگە مۇراجىئەت قىلىنسۇن.

⑨ «رەۋزەتۇسسەفا» نىڭ بايانىغا قارىغاندا، پەۋقۇلئاددە ئىسسىقلىق ۋە ئۇسسۇزلۇققا دۇچار بولۇپ، زەئىپلەشكەن ئىران ئەسكەرلىرى سەھرانىڭ ھەر تەرەپلىرىدىن ھۇجۇم قىلغان كۆچمەنلەرگە تاقابىل تۇرۇشقا ئاجىز كەلگەن.

⑩ دوستۇم ئارغۇن، شاھ كىچىك ۋە ھاجى نايمان ئىسمىدىكى بۇ ۋەزىرلەر ئابدۇللاخان ۋاقتىدىن بېرى مۆھتىرەم ھېسابلىنىپ باقىيمۇھەممەد زامانىدا ئەمىرلەر ئەمىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەنىدى. «تارىخى سەئىد راقىم» دىن.

⑪ گەرچە مېنىڭ نەزىرىمدە بۇ ساندا بىر ئاز مۇبالىغە بولۇشقا تېگىشلىك بولسىمۇ، مەن بۇنى «تارىخى مۇقىم خانىي» نىڭ كۆرسەتكىنىگە ئاساسەن يازدىم. «رەۋزەتۇسسەفا» دا ۋەلىيمۇھەممەدخاننىڭ بۇخارانى يېڭىدىن ئالغانلىقى يېزىلىدۇ. لېكىن، ئىران ئەسكەرلىرىنىڭ مىقدارى ياكى ھىمايە قىلغۇچى شاھ ئەبباسنىڭ مەغلۇبىيىتى ھەققىدە سۈكۈت قىلىنىدۇ.

⑫ «رەۋزەتۇسسەفا» دا ئىران ئەسكەرلىرىنىڭ دەريا بويىدا تۇرغانلىقى يېزىلىدۇ. زور ۋە كەسكىن جەڭ ھەققىدە ھېچبىر نەرسە بايان قىلىنمايدۇ. جەڭنىڭ ۋاقتى ھەققىدىمۇ مۇھىم ئىختىلاپلار بار. ئىران تارىخ مەنبەسى بۇ جەڭنىڭ باشلانغان كۈننى ئون بىرىنچى مۇھەررەم دەپ كۆرسىتىدۇ.

⑬ بۇنىڭ پارسچىسى «مالى كافىرىن ھەست بەرمۇئمىنىن ھەلال» بولۇپ، گەرچە قۇرئان ھۆكمىگە بىنائەن كۇپپارلار تەبىقىسىنىڭ مال - مۈلكى تەئەررۇز قىلىشتىن قوغدىلىدىغان بولغاچقا، ئىسلامىيەتتە مەزكۇر قائىدە كۆپ ۋاقىت ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن.

⑭ مۇسۇلمانلار نەزىرىدە يېقىن بىر دوست بولمىغان كىشى تەرىپىدىن ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ سالامەتلىكى ھەققىدە گەپ سورىماق ھاقارەتتىن باشقا ھېچنەرسە ئەمەستۇر. سورىغان تەقدىردىمۇ «ئايال» ۋە «خوتۇن» سۆزلىرىنى ئىشلىتىش ئەدەپ - قائىدىگە خىلاپ ھېسابلىنىدۇ. «سىزنىڭكىلەر»، «ئائىلىڭىز»، ياكى «يۇرت ئىچىڭىز» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنى ئىشلىتىش لازىمدۇر.

⑮ ھازىرقى ئىران ھۆكۈمدارلىرىنى ئۇلارنىڭ تەۋەلىرى «قىبلەئى ئالەم» (ئالەمنىڭ قىبلىگاھى) دەپ ھۆرمەتلەيدۇ. ھىندى ئەلچىسىنىڭ ئۇنىڭغا «قىبلەئى ئالەميان» دەپ خىتاپ ئەتكەنلىكى شۇ ۋاقىتتىكى بۇخارا ھۆكۈمدارلىرىنى تېخىمۇ شەۋكەتلىكراق بولۇشلىرىنى تىلىگەنلىكىدۇر.

⑯ «دادخاھ» ئۇنىڭدىن ئادالەت تەلەپ قىلىنىدىغان زات دېگەنلىك بولۇپ، ھازىرغىچە «ھاكىم» دېگەن مەنادا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ دەسلەپتە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نائىپ مۇئاۋىنلىرىنىڭ مەخسۇس بىر ئۇنۋانى ئىدى. ھازىر بۇ مەرتىۋە پەقەت قوقەنتتە ھەم تۈركىستاننىڭ شەرقىدە ساقلىنىپ قالغان.

⑰ شاھ سەپەۋىي ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدا بولغان بۇ ۋەقە مۇنداق: مەرۋىدە ئىنتايىن كۆپ مىقداردا بولغان ئۆلۈم جازالىرى سەۋەبىدىن ئىراننىڭ نوپۇزى ۋە ئېتىبارى توسالغۇغا ئۇچرىغاچقا، مەرۋگە ئىمامقۇلى بۇخارادىن ئونبەشمىڭ كىشى، نەدىر مۇھەممەد ئۆزىنىڭ ئوغلى ئەبدۇلئەزىزنىڭ باشقۇرۇشىدا بەلختىن يىگىرمە مىڭ كىشى ئەۋەتتى. بۇلار بۇ شەھەرنى ئۇزۇن مۇددەت مۇھاسىرە قىلدى. لېكىن ئۇلارغا قارشى يېتەرلىك مىقداردىكى ئىران ئەسكەرلىرى يېقىنلاشقاچقا، ئۆزبېكلەر ئارقىغا چېكىندى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

www.uyghurkitap.com

# «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» ھەققىدە

## نەتەن مەللەيۋ

«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەجەبلىنىشى) ژانىر خۇسۇسىيىتى ۋە كومپوزىتسىيە تۈزۈلۈشى جەھەتتە «خەمسە» نىڭ باشقا داستانلىرىدىن ئاساسەن پەرقلىنىدۇ. «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» پەلسەپىۋى ـ تەلىم داستانىدۇر. بۇ ئەسەردە نەۋائى پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي ـ سىياسىي ۋە ئەخلاق ـ تەلىم قاراشلىرىنى بايـان ئېتىشنى، كىشىلەرگە تەلىم ـ تەربىيە بېرىشنى ئۆز ئالدىغا مەقسەت قىلىپ قويىدۇ. ئادەتتە بۇنداق داستاندا، كۆپىنچە تېما بىرەر ۋەقە سۇژىتىنى ھېكايە قىلىشتا ئەمەس، بەلكى يازغۇچىنىڭ پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى بايان قىلىش ئاساسىدا يارىتىلغان بولىدۇ. بۇ ھالەت «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» نىڭ ژانىرگە خاس ئىككىنچى بىر خۇسۇسىيەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرىدۇ. لىرىك ئىپادىنى، سۇپەت ۋە تەرىپنى ئاساسىي ۋە يېتەكچى ئىپادە ئۇسۇلىغا، ئېپىك تەسۋىرنى بولسا قوشۇمچە ۋە ياردەمچى ئۇسۇلغا ئايلاندۇرىدۇ. «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» دا ھايات، ۋەقەلىك شائىرنىڭ ئېپىك بايانى ــــ ھېكايىسى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرى، ھېس ـ تۇيغۇسى ۋە تەرىپ ـ تەۋسىپ ئارقىلىق يارىتىلغان. ئەنە شۇ مەنادا «ھەيراتۇل ـ ئەبرار» لىرىك سۈپەتلىك داستاندۇر. بىراق، بۇ ھالەت ئۇنىڭدىن ئېپىك تەسۋىرنى، ھېكايە ۋە مەسىلىلەرنى مۇستەسنا قىلىپ قويمايدۇ. چۈنكى، ۋ. گ بېلىنىسكى ئېيتقىنىدەك، شېئىرىيەتنىڭ ئۈچ تۈرى: «مۇستەقىل ئامىللار سۈپىتىدە ئايرىم ـ ئايرىم مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن ئالاھىدە ئەسەرلەردە روشەن ھالدا بىر ـ بىرىدىن كەسكىن چېگرا بىلەن ئاجرالمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇلار كۆپىنچە ئارىلاش ھالدا ئۇچرايدۇ»①.

«ھەيراتۇل ـ ئەبرار» نىڭ بۇنداق ژانىر خۇسۇسىيىتى ئۇنىــڭ كومپوزىتسىــيە تۈزۈلمىسىنى بەلگىلەيدۇ. «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» نىڭ ھەر بىر بابى مەخسۇس بىر مەسىلىگە بېغىشلىنىدۇ. 7976 مىسرادىن تەشكىل تاپقان «ھەيراتۇل ـ ئەبرار» 64 بابقا بۆلۈنگەن. بۇلاردىن 21 بابى مۇقەددىمە، 20 بابى تەمسىل، 20 بابى ھېكايە ۋە مەسەل، ئاخىرقى 3 بابى بولسا داستانىنىڭ خاتىمىسىدۇر. داستانىنىڭ ئاساسىنى 20 تەمسىل تەشكىل ئېتىدۇ، ھېكايە ۋە تەمسىللەر بولسا ئىلاۋە تەرىزىدە بېرىلگەن.

مۇقەددىمە خۇدا، پەيغەمبەر ۋە خەلىپەلەر ھەققىدىكى ئەنئەنىۋى قىسىملاردىن تاشقىرى نىزامىي گەنجىۋى، خۇسرەۋ دېھلەۋى ۋە ئابدۇررەھمان جامىلارغا بېغىشلانغان بابلارنى، ھۈسەيىن بايقارا مەدھىيىسى، سۆز تەرىپى، سۆزنىڭ مەنىسى، كۆڭۈل تەرىپى ۋە باشقا بابلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تەمسىللەر ۋە ئۇلارغا ئىلاۋە قىلىنغان ھېكايە ھەمدە مەسەللەرنىڭ تەرتىپى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىمان ھەققىدە، ئىلاۋە ـ سۇلتان بايەزىد ھېكايىسى.
2. ئىسلام بابىدا، ئىلاۋە ـ ئىبراھىم ئەدھەم ھېكايىسى.

---

① بېلىنسكى: «تاللانغان ئەسەرلەر»، تاشكەنت. 1955 ـ يىلى نەشرى، 151 ـ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

3. سەلاتىن (سۇلتانلار) بابىدا، ئىلاۋە ـ شاھ غازى ھېكايىسى.
4. رىيايى خىرقەپۇشلار (شەيخلەر) يولىدا، ئىلاۋە ـ غوجا ئابدۇللا ئەنسارى ھېكايىسى
5. كەرەم ۋەسفىدە، ئىلاۋە ــ ھاتەمى تاي ھېكايىسى.
6. ئاداب ھەققىدە، ئىلاۋە ــ نۇشىرۋان ھېكايىسى.
7. قەنائەت بابىدا، ئىلاۋە ــ قانائەت ۋە تەمەگەر ھېكايىسى.
8. ۋەفا ھەققىدە، ئىلاۋە ــ ئىككى ۋاپادار يار ھېكايىسى.
9. ئىشق ئوتى تەئرىفىدە، ئىلاۋە ــ شەيخ ئىراقى ھېكايىسى.
10. راستلىق تەرىپىدە، ئىلاۋە ــ شىر ۋە كەكلىك مەسەلى.
11. ئىلىم ھەققىدە، ئىلاۋە ــ ئىمام فەخرىددىن رازى ھېكايىسى.
12. قەلەم ۋە قەلەم ئەھلى ھەققىدە، ئىلاۋە ــ ياقۇت ھېكايىسى.
13. سەھاپەتەك نەفئىر سانلار بابىدا، ئىلاۋە ــ ئايۇپ ھېكايىسى.
14. فەلەكنىڭ شىكايەت، ئىلاۋە ــ ئىسكەندەر ھېكايىسى.
15. مەيخورلار ھەققىدە، ئىلاۋە ــ بەنى ئىسرائىل رىند ھېكايىسى.
16. خۇدنەمالار ھەققىدە، ئىلاۋە ــ ئەبدۇللاھ مۇبارەك ھېكايىسى.
17. تەبىئەت تەسۋىرىدە، ئىلاۋە ــ ئىمام زەينۇل ئابىدىن ھېكايىسى.
18. فەلەك غەمخانىسىدە، ئىلاۋە ــ چىن گۈزىلى ھېكايىسى.
19. خۇراسان تەئرىفىدە، ئىلاۋە ــ بەھرام ھېكايىسى.
20. بەدىئۇززەمان تەئرىفىدە، ئىلاۋە ــ خوجا مۇھەممەد پارسا ھېكايىسى.

«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» نىڭ ئۈچ كومپوزىتسىيە زەنجىرى بار:
ئا) داستاننىڭ ئومۇمىي كومپوزىتسىيىسى. ب) تەمسىللەرنىڭ كومپوزىتسىيىسى. ۋ) ھېكايە ۋە مەسەللەر كومپوزىتسىيىسى.

«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» غايىۋى مەزمۇنى، بابلارنىڭ ئۆزئارا غايىۋى باغلىنىپ بېرىشى، بىرىدىن يەنە بىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى، تاكامۇللىشىشى ۋە خۇسۇسەن باش قەھرىمان شائىر ۋە مۇتەپەككۇر نەۋائى ئوبرازى بىلەن ئومۇمىي، يىگانە كومپوزىتسىيە زەنجىرىگە ئىگىدۇر. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا، ھەتتا داستاننىڭ ئەنئەنىۋى مۇقەددىمىسى بولغان ھەمدۇ سانا، مۇناجات ۋە سۇپەتلەشلەر ھەم ئۇنىڭ ئاساسىي بابلىرى تەمسىللەر بىلەن مەلۇم دەرىجىدە ئورگانىك باغلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلاردا داستانغا يېتەكچى بولغان ئىنسانپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ۋە دىداكتىك كۆرۈنۈشلەرنىڭ بىخلىرى بار. مىسال ئۈچۈن تۆتىنچى مۇناجاتنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى ئالايلى:

لۇتفۇ كەرەم گەنجىنى نېتكۈك دۇرۇر؟
كىمگە ئەتاۋۇ كەرەم ئەتكۈك دۇرۇر؟
بىر نېچە مۇھتاجۇ ئەسىرۇ گەدا؟
يۈزلەرى سىللى گۇنەھدىن قەرا...

خان ئاتا يايغىلكى ئىرۇر مۇشتەھما،
توق ئەمەس، ئەر ئىسە بولۇر مۇمتەھا...
ئەنسەپ ئاتا لۇقمەكى ئۇل ئاچ ئىرۇر،
ئەۋلى ئاتا تونكى يالانغاچ ئىرۇر.

بۇ مىسرالاردا نەۋائى بىچارىلەرنىڭ، ئاچ ـ يالىڭاچلارنىڭ ئەھۋالىغا ئېچىنىپ، ئۇلارنىڭ پاراۋان بولۇشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. نىزامى، خۇسرەۋ دېھلەۋى، ئابدۇراخمان جامى، سۆز ۋە كۆڭۈل تەرىپىگە دائىر مۇقەددىمە بابلىرى بولسا، داستاننىڭ ئاساسىي قىسمى بىلەن بىۋاستە ۋ ئورگانىك باغلىنىدۇ. دىئالوگلار ئۆزىنىڭ ئىچكى كومپوزىتسىيىسىگە ئىگە

بولۇپ، ئۇلارغا ئىلاۋە قىلىنغان مۇستەقىل كومپوزىتسىيىلىك ھېكايە ۋە مەسەللەر دىئالوگلارنىڭ، شۇنىڭ بىلەن بىللە داستاننىڭ ئومۇمىي كومپوزىتسىيىسىنى تولدۇرىدۇ ۋە تاكاممۇللاشتۇرىدۇ.

«ھەيرەتۇل - ئەبرار» ــــ مۇتەپەككۇر، دانىشمەن ۋە تەربىيىچى شائىرنىڭ داستانىدۇر. بۇ داستاندا نەۋائىنىڭ تۈرلۈك مەسىلىلەرگە دائىر پىكىر - مۇلاھىزىلىرى بايان ئېتىلگەن. داستاننىڭ بابلىرىدا يارىتىلغان مەسىلىلەرنى شەرتلىك رەۋىشتە ئۈچ تۈركۈمگە ــــ پەلسەپىۋى، ئىجتىمائىي - سىياسىي، ئەخلاق - تەلىم مەسىلىلەرگە ئاجرىتىش مۇمكىن.

ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ۋە ئىلاھىيەت، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇدىيىتى، دىن، تەسەۋۋۇر ۋە باشقا مەسىلىلەر نەۋائى، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئاساسىي مەسىلىلەر دائىرىسىنى تەشكىل ئېتىدۇ. بۇ مەسىلىلەر «ھەيرەتۇل - ئەبرار» دا مەلۇم دەرىجىدە ئۆز ئورنى ۋە ئىپادىسىنى تاپقان.

نەۋائى فېئودال ئوتتۇرا ئەسىردە ئىسلام ئىدىيىسى ھۆكۈمرانلىق ئورۇندا تۇرغان شارائىتتا ياشىدى. قارىغاندا نەۋائىنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ئىنتايىن مۇرەككەپ ۋە زىددىيەتلىك بولغان. نەۋائى ئايرىم ماتېرىيالىستىك ئامىللارغا قارىماي، تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھادىسىلىرىنى ئىدېئالىستلارچە كۆزىتىدۇ، خۇدا ۋە دىننى ئېتىراپ قىلىدۇ. لېكىن، بۇنىڭغا قارىماي ئۇ ئۆزىنىڭ ئىنسانپەرۋەرلىكى، ئەقلىي كۆزىتىشى ۋە خەلقپەرۋەرلىك خاھىشى بىلەن پەلسەپىۋى تەرەققىيپەرۋەر ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ.

نەۋائىنىڭ پىكرىچە، ئىلاھىيەت ــــ خۇدا پۈتۈن مەۋجۇداتنىڭ يېگانە ئاساسى سۇبستانىيەسىدۇر. باشتىلا يالغۇز ئاللانىڭ ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم ۋە ھېچ نەرسە بولمىغان. خۇدا چەكسىز كۈچ - قۇدرەت ۋە ئىمكانىيەتلەرگە ئىگە بولغان. خۇدا ئۆز كۈچ - قۇدرىتى ۋە ئىمكانىيەتلىرىنى نامايىش قىلىپ پۈتۈن مەۋجۇداتنى ياراتتى. بۇ مەۋجۇدات خۇددى بىر ئەينەك بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىلاھىيەت نامايەن بولىدۇ.

نە بولۇپ ئەۋۋەلدە بىدايات سەڭا، ئەۋۋەل ئۆزۈڭ، ئاخىرۇ مابەين ئۆزۈڭ،
نە كېلىپ ئاخىردا نىھايەت سەڭا. بارچەگە خالىق، بارىغا ئەين ئۆزۈڭ.

شۇنداق قىلىپ، نەۋائى بىر تەرەپتىن ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئىككىنچى تەرەپتىن ئۇنى ئىلاھلاشتۇرىدۇ. بۇنداق دۇنيا قاراش پەلسەپىدە پان ئىلاھچىلىق دېيىلىدۇ. نەۋائىنىڭ پان ئىلاھچىلىقى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئىلاھلاشتۇرۇشقا، ئىدېئالىزملىق ماھىيىتىگە قارىماي مەۋجۇت ئالەمگە، خۇسۇسەن ئىنسانغا سەمىمىي مۇھەببەت بىلەن يېقىنلىشىشى، ئىنسان ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىگە ئۈمىدۋار قارىشى جەھەتتىن ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. چۈنكى، نەۋائى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئىنكار قىلغۇچى سوپىلارغا ۋە ئۇنى رەت قىلغۇچى زاھىتلارغا قارشى ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەتنى ئېتىراپ قىلىش بىلەنلا چەكلەنمەي، بەلكى ئۇنى سۆيۈشكە، ئۇنى ياخشىلاشقا، ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەشكە ئىنتىلەتتى ۋە كىشىلەرنى شۇنىڭغا دەۋەت قىلاتتى.

ئىنسان پۈتۈن مەۋجۇدىيەتنىڭ گۈزىلى ۋە شەرىپى. ئالەمنىڭ ئالەم بولۇپ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە غەرەز ھەم مەنا شۇ ئىنساندۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مۇنچە غەرايىبكى مىسال ئەيلەدىڭ،
بارچەنى مىرئاتى جەمال ئەيلەدىڭ.
گەنجىڭ ئەرا نەقد فەراۋان ئىدى،
لېك بارىدىن غەرەز ئىنسان ئىدى.

كانىيۇ ھەيۋانى ئەگەر خۇد نەبات،
ھەر بىرى بىر گەۋھەرى ئالىي سىفات،
بارچەسىنى گەرچىن لەتىف ئەيلەدىڭ
بارچەدىن ئىنساننى شەرىف ئەيلەدىڭ.

ئىنساننىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن، كامالىتى ئۈچۈن كۈرىشىش «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» نىڭ ئاساسىي يېتەكچى غايىسىدۇر.

ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ۋە ئىلاھىيەت مەسلىسى نەۋائىنىڭ، خۇسۇسەن «لىسانۇت ـ تەيىر» پەلسەپۋى داستانىدا كەڭ يارىتىلىدۇ. شائىر ئۆزىنىڭ پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى راۋاجلاندۇرىدۇ، تاكامۇللاشتۇرىدۇ.

نەۋائى دىننى ئېتىراپ قىلىدۇ، ئىسلام ۋە ئىمان شەرتلىرىنى تەرىپ ۋە تەۋسىپ قىلىدۇ، تەسەۋۋۇپنىڭ بەھاۋىددىن نەقشبەند ۋە خۇجا ئەھرار كەبى يىرىك نامايەندىلىرىنى مەدھىيىلەيدۇ. نەۋائىدەك فېئودال ئوتتۇرا ئەسىر مۇتەپەككۇرى ئۈچۈن بۇ تەبىئىي بىر ھالەت ئىدى. بىراق، نەۋائىنىڭ دىن ۋە تەسەۋۋۇر ئىنكاسىغا تەنقىدىي قارىشى، خۇسۇسەن، جاھىل، ئىنساپسىز ۋە ھىيلىگەر دىن ـ شەرىئەت پېشىۋالىرىنى، شەيخ ـ زاھىتلارنى پاش قىلىشى ئىنتايىن زور ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. نەۋائى ئىنساننى ئېزىپ ـ تالىغۇچى، ئۇنى جاھالەت ۋە نادانلىق كۆلپىتىگە يېتەكلىگۈچى، جەننەت ۋەدىلىرى بىلەن ئالداپ، دوزاخ قىيناقلىرى بىلەن دەھشەت سالغۇچى روھانىيلارنى، سوپىلارنى قاتتىق قارىلايدۇ، مەسخىرە قامچىسى بىلەن ساۋايدۇ. بۇ جەھەتتىن «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» نىڭ تۆتىنچى بابى ـ «خىرقەپۇش شەيخلەر» دىققەتكە سازاۋەردۇر. نەۋائى بۇ بابتا خىرقەپۇش شەيخلەرنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئۇستىلىق بىلەن تەسۋىرلەپ ئۇلارنى شەرمەندە قىلىدۇ، شەيخنىڭ لىباسى ھىيلە يىپى بىلەن تىكىلگەن، پۈتۈن ۋۇجۇدى ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن تولغان، ساقىلى كۆلكە قوزغايدۇ. ئۇ ئۆچكىگە ئوخشاش ئەگرى ياغاچقا چىقىدۇ، بىراق بۇ ئۆچكە ئويۇندا ئۆچكە ئوغرىنى تۇتۇپ بېرىدۇ، شەيخ بولسا ئوغرى، بەڭگى. چېكىملىك ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدۇ. سىرتى پاك كۆرىنىدۇ، ئەمما ئىچى ئىپلاس، سىرتى ئازادە، ئىچى ئەخلەتخانا، كىيىمگە ئەنبەر سەپكەن، لېكىن قەلبىدە توڭگۇز قاترايدۇ. ئۇ زىكىر قىلغاندا پىلدەك تىپىرلايدۇ، نەپسى ئالدىدا قەپەسدىكى ھايۋاندەك خار، بۇنداق كىشىگە دوزاخ ئوتى راۋا، بىراق بۇ ھالدا ئۇ ئۆزىنى خىزىر ـ پەيغەمبەر قىلىپ كۆرسىتىدۇ ... خانىقاسى پىتنە ـ پاسات ئۇۋىسى. ئۇ مۇرىت تاللايدۇ، بىرىنى پىنھان قىلسا، يەنە بىرىنى زورلۇق بىلەن چەتكە قاقىدۇ. مۇرىتلىرى ئۆزىگە ئوخشاش نادان ۋە ئالدامچى، باشقىلار ئۇنىڭغا يالغان چۈشىنى ئېيتسا، شەيخ ئۇنىڭ چۈشىگە يالغان تەبىر بېرىپ ئالدايدۇ. ئەپسۇسكى، بۇنداق شەيخلەر ئابرۇي ـ ئېتىۋارغا ئىگە بولۇپ، ھەتتا شاھلارنىمۇ ئالداپ مۇرىت قىلىۋالىدۇ، ئىنئام ۋە تۆھپىگە، مال ـ مۈلۈككە ئىگە بولىدۇ، خالاس.

بۇ ئەل ئېرۇر بارچە ياماندىن ـ يامان،
كىمسەكى يوق ئاندىن يامان، ئاندىن يامان.

نەۋائى بۇنداق مەككار شەيخ ـ زاھىتلار بىلەن بىللە باشقىلارغا بالا تىلەيدىغان تەركىدۇنيا شەيخ ـ زاھىتلارنىمۇ پاش قىلىدۇ. ئۇلار خام خىيال بىلەن ئۆزلىرىنىمۇ، ئۆزگىلەرنىمۇ

خاراب قىلىدۇ، دەيدۇ.

خانىقالار بارغانسېرى ئۇلۇغلاپ بارغان، شەيخلەرنىڭ نوپۇزى كۆتۈرۈلگەن فېئودال جەمئىيەت شارائىتىدا نەۋائىنىڭ شەيخ - زاھىتلارنى يورەكلىك ۋە كەسكىنلىك بىلەن پاش قىلىشى غايەت زور ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە ئىدى. نەۋائى كىشىلەرنى خانىقا تۇزىقىدىن قۇتقۇزۇشقا ئىنتىلەتتى ۋە ھىيلىگەر، باشقىلارغا بالا تىلەيدىغان زاھىتلارغا قارشى ئۇلارنىڭ غەزەپ ۋە نەپرەتلىرىنى كۈچەيتەتتى.

نەۋائىنىڭ ئوبيېكتىپ مەۋجۇدىيەت ۋە ئىلاھىيەتكە دائىر قارىشى، دىن ۋە تەسەۋۋۇپ مۇناسىۋىتى، قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا شۇنداق ئىدى.

× × ×

نەۋائى باشقا ئەسەرلىرىدىكىگە ئوخشاش «ھەيرەتۇل - ئەبرار» دىمۇ ياشىغان دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي مەسىلىلىرىگە كەڭ ئورۇن بەردى. ئۇ 15 - ئەسىرنىڭ رېئال ھايات ھادىسىلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ، فېئودال - دىنىي ھوقۇقچىلىق مۇھىتىنىڭ ئايرىم ئىللەتلىرىنى دادىللىق بىلەن تەنقىد قىلىدۇ، خەلقىنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرىنى كۈيلەيدۇ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى تەرىپ ۋە تەۋسىپ قىلىدۇ، ئۇلارنى بىر - بىرىگە سېلىشتۇرىدۇ، قارىمۇقارشى ياكى تەڭ قويىدۇ. بەزىلىرىنى ئالقىشلىسا، بەزىلىرىنى تەنقىد قىلىدۇ، بەزىلىرىنى پەزىلەت ۋە كامالەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا، يەنە بەزىلىرىنى خاتا ۋە خەتەرلىك يولدىن، تۈرلۈك نۇقسانلاردىن قۇتۇلۇپ توغرا يولغا مېڭىشقا دەۋەت قىلىدۇ، بەزىلىرىگە تەبەسسۇم، بەزىلىرىگە قەھرى - غەزەپ ياغدۇرىدۇ. شائىر ئۇلارنىڭ ئەپتى - بەشىرىسىنى، كىيىم - كېچەكلىرىنى، خۇي - پەيلىنى، مەقسەت ۋە مۇددىئا، زوقى ياكى غەزىپىنى يارىتىشتا سەنئەتكارلىق ماھارىتىنى ئىشقا سالىدۇ. مۇبالىغە ۋە ئوخشىتىش، كىنايە ۋە ئىستىئارىگە ئوخشاش ئەدەبىي ئۇسۇل ھەمدە بەدىئىي تىل ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىدۇ.

دۇرۇس، نەۋائى ئىجتىمائىي - سىياسىي ھايات ۋەقەلىرىنى تەھلىل قىلىشتا پروفېسسور زاھىدۇپ تەكرار ئېيتقىنىدەك، جەمئىيەتنىڭ ماددىي ھايات شارائىتلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنى ئاساس قىلمايدۇ، جەمئىيەت ئەزالىرىنى سىنىپلارغا ئەمەس، بەلكى «ياخشى» ۋە «يامان» لارغا ئايرىيدۇ. بىراق، ئەڭ مۇھىمى ۋە يېتەكچى بولغىنى شۇكى، نەۋائى ئىجتىمائىي - سىياسىي ھايات ۋەقەلىرىنى ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەر ۋە پېشقەدەم مەرىپەتپەرۋەر مۇتەپەككۇر سۈپىتىدە، ئەلنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھىمايە قىلىش ئاساسىدا يارىتىشقا ئىنتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇ 15 - ئەسىر ھاياتىدا تۇرۇپ قالمايدۇ. بەلكى ھەر قايسى دەۋرلەرگە مەنسۇپ بولۇپ قالىدۇ.

«ھەيرەتۇل - ئەبرار» دىكى:

ئادەمى ئەرسەڭ دېمەگىل ئادەمى،
ئانكى يوق خەلق غەمىدىن غەمى.

دېگەن بېيتى نەۋائىنىڭ پۈتۈن پائالىيىتى ۋە ئىجادىيىتى ئۈچۈن يېتەكچى بىر شۇئار بولۇپ قالىدۇ. نەۋائى ئىنساننى سۆيىدۇ، ئۇنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىدۇ ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ. نەۋائى سۆيگەن ئىنسان يارىماس خىسلەت ۋە

www.uyghurkitap.com

ئىللەتلەردىن خالىي، بىغۇبار، ئالىم ۋە كامالەتكە يەتكەنلەردۇر. ئۇ ئەمگەكچى، ئىجادكار، ئۆز كەسپىنى، لاۋازىمىنى مۇكەممەل ئىگىلىگەن، ئەمگىكى ۋە ئۆتكۈر زېھنى، پائالىيىتى ۋە ئىنتىلىشلىرى بىلەن ئۆزىگە، ئۆزگىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزگۈچى ئىنساندۇر.

تەڭدىشى يوق سېخىي ھاتەمى تايىنى ئۆز ئەمگىكى ۋە قانائىتى بىلەن تاڭ قالدۇرغان، مويسىپىت، بىلىملىك ۋە ئۆتكۈر زېھنى بىلەن خارەزم شاھىنى لال قىلغان ئالىم فەخرىددىن رازى ۋە باشقىلار شۇنداق ئىنسان جۈملىسىدىندۇر. نەۋائى ھەممىنىڭ شۇنداق ئىنسان بولۇشىنى ئىستەيدۇ.

بىراق، نەۋائى ياشىغان مۇھىت تۇرلۇك زىددىيەتلەر، ئادالەتسىزلىكلەر بىلەن تولۇپ ـ تاشقان ئىدى، زۇلۇم ۋە جاھالەت، تەكەببۇرلۇق ۋە مەئىشەتپەرەسلىك، خۇسۇمەت ۋە ئاداۋەت ئەۋج ئالغان ئىدى. ئەمگەكچىلەر ئاچ ـ يالىڭاچ، مەرىپەت نامايەندىلىرى خار ـ زار، جاھىل ۋە زالىم كىشىلەر مەنسەپ ـ مەرتىۋىلىك ئىدى. شائىرنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ياشىغان مۇھىتنىڭ ئىللەتلىرىگە قارىمۇقارشى كېلىپ، ئۇنىڭ ئەلەملىك، قايغۇلۇق مىسرالىرىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. بىراق، شائىر چېكىنمەيدۇ، ئۇ ئەنە شۇ ئىللەتلەرنى تەنقىد قىلىشقا كىرىشىدۇ، ئۇلارنى مەسخىرە قامچىسى بىلەن ساۋايدۇ، ھاياتنى، مۇھىتنى تۈزەش، ياخشىلاش يوللىرىنى ئىزدەشكە باشلايدۇ.

ئىشرەتپەرەس پادىشاھ بەھرام ئوۋغا چىقىپ بىر قىشلاققا كېلىپ قالىدۇ، قىشلاق خاراب، بەھرام چۈشكەن دېھقان ئۆيى ۋەيرانە ۋە مۇڭلۇق:

چاتمە دېمە، ھەجر قازە شامى دە،
زۇلمۇ تەئەب قۇشلەرىنىڭ دامى دە.
ئاشىقلەر كۆڭلى ئۆيىدەك يىقۇغ،

تىرلەرى ھەر تەرەفتىن چىقۇغ.
بارچە يالەڭ ھادىسە تاراجىدىن،
بارچە نىگۇن زۇلم ئىلىگى كاجىدىن …

بۇ مەنزىرە نورغۇن قىشلاقلارنىڭ، كۆلبىلەرنىڭ تىپىك مەنزىرىسى ئىدى.

جىسمانىي ئەمگەك ئەھلىلىرى ـــ دېھقانلار، چارۋىچى ۋە كاسىپ ـ ھۈنەرۋەنلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى ئىلىم ـ مەرىپەت ئەھلىلىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ كۆپ مۈشكۈل ئىدى. مەدرىسە تالىپلىرىنىڭ ئەھۋالى تېخىمۇ ئېچىنىشلىق ۋە مۇڭلۇق ئىدى. مانا بۇ مۇساپىر تالىپ ئەھۋالىنىڭ رېئال تەسۋىرى:

زۇلم دۇرۇر ئۇشبۇ نې بىر ناتەۋان،
ئىلم تىلەپ شەھرىدىن ئولغاي رەۋان.
ئەينى فەلاكەتدىن ئاياغى يالاڭ،
تونى يوقىدىن تاشما داغى يالاڭ.
خەلق كۆپۈ يوق بىرى يارى ئانىڭ،
كۆزىدىن ئۇچۇپ شەھرۇ دىيارى ئانىڭ.
كوچا كويۇ ئەۋ كۆپۈ بازار ھەم،
بىلمەيىن ئۇلكىم، قايان ئۇرغاي قەدەم…
سەير ئېتىپ ئاقشامغەچە بىتۇشەئى،
چۈن بولۇپ ئاقشام تۇتۇبان گۇشەئى.

زەئىف ھۇشى ئۆزىگە كەلمەيىن،
تاڭغەچە ئۇيقۇ كۆزىگە كەلمەيىن …
نە تاپىلىپ كۇندۇز ئانىڭ مەسكەنى،
نە بىلىنىپ كېچە ئانىڭ مەئمەنى …
بۇيلە غەمۇ مېھنەتى دەۋران چېكىپ،
ئونۇ ئون بەش يىل يۇگۇرۇپ، جان چېكىپ،
بەئزى ئۆلۈپ بەئزى ئىلتىپ ھەر تەرەف،
بەئزى ئېتىپ دائىياسىن بەرتەرەف …
ئەۋرۇلۇپان دائىرەنى ماھۇ سال،
زاھىر بولۇپ بىر ـ ئىككى ساھىب كەمال…

كۆپ مۇشەققەتلەر بىلەن ئىلىم ئالغان ئالىمنىڭ ئەھۋالى ۋە ئىستىقبالى ئۇنىڭ تالىپلىق دەۋرىدىن دېيەرلىك پەرق قىلماس ئىدى.

ساراي ئەھلى، ئەمىر - ئەمەلدارلار، قازى ۋە مۇپتىلار بولسا زۇلۇم - زورلۇق بىلەن مال - دۇنيا توپلاپ، ئەيش - ئىشرەت، ھۇزۇر - ھالاۋەت بىلەن ھايات كەچۈرەتتى. مانا، زالىم ۋە جاھىل فېئودال ھۆكۈمرانىنىڭ ساراي مەنزىرىسى، ساراي ئەھلىنىڭ قىلمىشلىرى ۋە پائالىيىتى:

... بەزمىلەر مەۋجۇد بولغان جەننەت بېغىدەك ئۇ قەسىرلەرنىڭ زىننىتى نېمىلەردىن ۋۇجۇدقا كەلگەن؟ پەردىلىرىنىڭ يىپى ئەلنىڭ جېنىدىن، گۈزەل ۋە قىزىل بويىقى خالايىقنىڭ قېنىدىن، قۇياش تۇسلۇك نەقىشلەر ئەل مېلى بىلەن نەقىشلەنگەن، ئەلنىڭ دۇرلىرى بىلەن زىننەتلەنگەن. خىشلىرىنى مەسچىتتىن بۇزۇپ ئېلىپ كەلگەن، تاشلىرىنى ئەلنىڭ قەبرىستانىدىن ... شاھ شۇنداق جايدا شاھانە ئەيش - ئىشرەت قىلىسەن ... يېرىم كېچىگىچە شۇنداق ئەيش - ئىشرەت قىلىسەن. بۇ ئەھۋالىڭغا قەدەھ قان يىغلايدۇ، شام كۆيۈپ كۆز يېشى قىلىدۇ (شامنىڭ ئېرىپ ئېقىشى)، خوراز كۆككە پىغان قىلىدۇ (تاڭ ئېتىپ خوراز قىچقىرىدۇ) ... بەزمىدىكى قېرى بولسۇن، ياش بولسۇن ھەر بىرى بىر تەلۋە ئىتقا ئايلىنىدۇ ... مەستلىكتىن چارچاپ ئۆلۈككە ئوخشاش يىقىلىپ يېتىپ قالىدۇ. تاڭ ئاتىدۇ، بىراق شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۇيقىدا، كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىگەندە ھەر بىرى بىر زۇلۇم بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەيش - ئىشرەتلىرى ئەلگە جاپا ياغدۇرىدۇ. يەنە ئەيش - ئىشرەت ئەسۋابىمۇ بار، يەنە بەزمە باشلىنىدۇ ... ھەر كۈنى كېچىچە بۇ يامانلىق داۋام قىلىدۇ، تاڭ ئاتقانغا قەدەر غەپلەت ھۆكۈم سۈرىدۇ ...

قازىغا كەلسەك:

ئەۋۋەل ئېرۇر كاتىبى دارۇل قەزا،
ئىش ئەڭا ناشەرئىگە بەرمەك رىزا،
شاھىدى ئادىل ئەڭا يالغان تانۇق،
تۆھمەت ئېتەرگە دىرەم ئالغان تانۇق...
ناھەق ئۇچۇن يازىپ ئۆزۈن ماجەرا،
ئۆز يۈزىدەك سەفھەنى ئەيلەپ قەرا.
بارچە خىيانەتنى دىيانەت بىلىپ،
بارچە دىيانەتدە خىيانەت قىلىپ...
خوشە ئۆزۈمكىم، كىشى رىشۋەت دېسە،
كۆيدۈرۈبان باغنى جەننەت ئېسە.

مۇپتى قازىدىن قېلىشمايدۇ، ئۆزىگە پايدىلىقلا بولسا ھەرقانداق ناھەق ئىشقا، تۆھمەتكە پەتىۋا چىقىرىدۇ. دېۋە سۈپەت دىۋان ماھىرى، سېلىق يىغقۇچى ئەمەلدار قەيەرگە بېرىپ چۈشسە، ئۇ يەرنىڭ تىنچلىقىنى بۇزىدۇ، دېھقانلارنىڭ ئۆي - جايلىرىنى ئاياغ ئاستى قىلىپ، پىتنە بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، جېنىغا قەست قىلىدۇ:

بىرى يەنە ئامىلى دىۋان بولۇپ،
دېۋ ئەنىڭ ئەئمالىدە ھەيران بولۇپ.
چەرخ ئېتىپ ئىسىم ئەمەلدار ئەڭە،
بەھرە قىلىپ ئۇنىسۇ ئەمەلدار ئەڭە...
قايىسما ۋىلايەتغەكى ئەزم ئەيلەبان،
ئەل ھەرەمۇ باغىدە بەزم ئەيلەبان ...
چەھدەغى تۇزىم ئەرپەسىنى ئاتى يەپ،
...........
ھاسىل ئوشۇل ئۆيگە بەلا دارىبان،
قايىسما بەلا، بەلكى ۋەبا دارىبان.

خۇلاسە، مەنسەپدارلارنىڭ ئىشى ھەممىنى يوق قىلىش، ئوتقا ئوخشاش

www.uyghurkitap.com

كۆيدۈرمەكدۇر ... ئادىتى قەتلى قىلىش، ھەربىرى ئۆلۈم مەنبەسىدۇر ... ئۇلار شۇنداق پەسكەشكى، ئىت بىلەن ھەمنەپەس، ياق، بەلكى ئىت ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئىنساندۇر، ۋەھاكازا.

شۇ تەرىقىدە نەۋائى ياشىغان مۇھىتنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي ۋەقەلىكلىرىنى راستچىللىق بىلەن تەسۋىرلەيدۇ، ئىللەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇ، رېئال تەنقىدىي مەنزىرىلەرنى، كارتىنىلارنى يارىتىدۇ. بىراق، ئۇ مۇھىتنىڭ سىلىشتۇرمىسى، قاباھەتلىرىنىڭ سەۋەبلىرىنى تاپالمايدۇ، فېئودال جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي - ئىقتىسادىي ماھىيىتىنى ساقلىغان ھالدا بۇ جەمئىيەتنى تۈزەش، ئۇنىڭ ئىللەتلىرىنى يوق قىلىش مۇمكىن، دەپ ئويلايدۇ. بۇنىڭغا ئۇ كىشىلەرنىڭ خۇلق - ئېتىقادىنى تەربىيىلەش ۋە ئادالەتلىك پادىشاھ باشلىق مەركەزلەشكەن دۆلەتنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش ئارقىلىق ئېرىشىش مۇمكىن، دەپ ھېسابلايدۇ. شۇ رەۋىشتە نەۋائى ئەقىلچىلىق تەرەپدارى ۋە پادىشاھنى قوغدىغۇچى سۈپىتىدە گەۋدىلىنىدۇ. «ھەيرەتۇل - ئەبرار» نىڭ 3 - بابى «سەلاتىن بابىدە» مەخسۇس شۇ مەسىلىگە بېغىشلانغان، باشقا بابلاردا بۇ مەسىلە سالماقلىق ئورۇن ئالىدۇ.

نەۋائى ئېيتىقىنىدەك، خۇدا پادىشاھلىقنى ئاتا قىلغان كىشى ئەسلىدە ئادەدىي بىر بەندىدۇر:

بىل، مۇنىكىم، سەن داغى بىر بەندە سەن، ئېرمەس ئۇلەر تۇپراغۇ سەن نۇرى پاك،
كۆپرەگىدىن ئاجىزۇ ئەفغاندە سەن، خىلقەت ئۇلەرغە، ئۇ سەنگە تىيرى خاك...

دۆلەت باشلىقى ئادىل، ئاقىل، مەرىپەتلىك ۋە ئەل يۇرتقا غەمخور بولۇشى لازىم:

خۇددى رەئىيەت گەلەۋۇ سەن شۇبان، ئاچ بۆرى تۇئمەسىدۇر بارى بىل.
ئول شەجەرى سەمەرى سەن باغبان. بۆرىنى داغى گەلەدىن دۇر قىل،
قوينى شۇبان ئاسراماسا ئايۇ يىل، سۇۋۇ بېربان باغنى مەئمۇر قىل...

نەۋائىنىڭ تەبىرىچە، پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمىر - ئەمەلدارلىرى ئىككى تۈرلۈك: «ياخشى» (ئادىل، مەرىپەتپەرۋەر) ۋە «يامان» (زالىم، جاھىل) بولۇشى مۇمكىن، ئادىل ۋە مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھلارنى، ئەمىر - ئەمەلدارلارنى ماختىغان، توغرىراقى، ئەنە شۇنداق كىشىلەرنى ئارزۇ قىلغان نەۋائى زالىم ۋە جاھىل پادىشاھلارنى، ئەمىر - ئەمەلدارلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ، قارىلايدۇ. مەملىكەت ۋە خەلقنىڭ تەقدىرىنى ئۇلارنىڭ پائالىيىتى ۋە ھەرىكىتى ئاقىۋىتىگە باغلايدۇ.

شاھكى ئىش ئەدل ئىلە بۇنياد ئېتەر، كافىرى ئادىل يەنى ئاباد ئېتىپ،
ئەدل بۇزۇق مۇلكنى ئاباد ئېتەر. مۆئمىنى زالىم ئەنى بەرباد ئېتىپ...

زالىم ۋە جاھىل پادىشاھلار زۇلۇم جاھالەت يولىدىن قايتىشى ۋە ئادىل بولۇشى مۇمكىن:

زۇلمنى تەرك ئەيلەۋۇ داد ئەيلەگىل، سەھۋۇڭگە دە ئۆزر تەۋەھھۇم بىلە،
مەرگ كۈنىدىن داغى ياد ئەيلەگىل... زۇلمدىن ئەت تەۋبە تەزەللۇم بىلە.

كىمنىكى بىدادلىڭ ئېنىدۇر ئەسىر، بول ئەگە ئەدل ئىلگى بىلە دەستگىر...

ئوۋغا چىقىپ دېهقاننىڭ خارابە كۆلبىسىگە مېهمان بولغان بەهرام بۇ خارابىلىقنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، دېهقان:

دېدى: بۇرۇن ياخشى ئىدى ھالىمىز، جۇز مايۇ مۇترىب ئەگا دىلخاھ ئېمەس.
زۇلم خەراب ئەيلەدى ئەھۋالىمىز. خەيلى ئاچىبان تەمە ئاغزىنى كەڭ
شاھ ئۇلۇس ھالىدىن ئاگاھ ئېمەس، ئەيلەدىلەر مۇلكىنى يەر بىرلە تەڭ.

دەپ جاۋاب بەرگەن ئىدى. دېهقاننىڭ سۆزلىرى بەھرامنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ، ئۇ مەست ـ بىھوشلىقتىن، ئەيش ـ ئىشرەتتىن ۋاز كېچىدۇ، ئادالەت بىلەن مەملىكەت ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ، ئۇ قىشلاق ئاۋات، باغ ـ بوستانلىق بىر جايغا ئايلىنىدۇ. نەۋائىنىڭ مەقسىتى مانا شۇلار ئىدى. نەۋائى ياشىغان دەۋردە فېئودال ئىختىلاپلار مەملىكەتنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى زەئىپلەشتۈرمەكتە، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىي ھاياتقا زور زەربە بەرمەكتە ئىدى. دۆلەت باشلىقى ھۇسەيىن بايقارا ئەيش ـ ئىشرەت ۋە ساراي پىتنىلىرىگە گىرىپدار بولۇپ بارماقتا ئىدى. نەۋائى ھۆكۈمرانلىقنىڭ، خۇسۇسەن دەسلەپكى يىللاردا مەملىكەتنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش، ئىگىلىكى ۋە مەدەنىيىتىنى راۋاجلاندۇرۇشتا زور خىزمەتلەرنى قىلغان. ھۇسەيىن بايقارانى ئەيش ـ ئىشرەت گىردابىدىن، ساراي پاساتلىرى گىردابىدىن ئېلىپ چىقىشقا ئىنتىلگەن ۋە ئۇنىڭ پائالىيىتىگە زور ئۈمىد بىلەن كۆز تىككەن ئىدى. نەۋائى ئەنە شۇ ئارزۇ بىلەن «ھەيراتۇل ـ ئەبرار» دا ھۇسەيىن بايقارانى مەدھىيىلەش بىلەن چەكلەنمەي، بەلكى «شاھ غازى» ھېكايىسىدا ئۇنىڭ ئەڭ يۇكسەك مەقسەت سىگدۇرۇلگەن ئوبرازىنى يارىتىدۇ.

شاھ غازى تەختكە چىقىدۇ، ئۇ:

ئەدل ئىشكىن ئەلگە كۇشاد ئەيلەدى، تۇزدى بۇزۇقلەرنى ئىمارەت بىلە،
تەخت ئۇزە ئولتۇردىيۇ داد ئەيلەدى. زۇلمنى دەفئ ئەتتى ئەدالەت بىلە...

شۇ چاغدا بىر تۇل موماي: «سەن مېنىڭ ئوغلۇمنى جەگدە ئۆلتۈردۈڭ، سەندە قان قەرزىم بار»، دەپ ئەرز قىلىدۇ. شاھ بىلەن موماي قازى ئالدىغا بارىدۇ. قازى موماي قانغا قان ئالماقچى بولسا «پادىشاھنى ئۆلتۈرۈش، يا بولمىسا شاھ ئۇنى رازى قىلىشى كېرەك» دەپ ھۆكۈم چىقىرىدۇ. شاھ بويىنغا سىرتماق سېلىپ سىرتماقنى مومايىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ ئۇنىڭ ئايىغى ئاستىغا تەگگە تۆكىدۇ ۋە:

دېدى: قەساس ئەيلەسەڭ ئالىڭدە باش، مەن ئىدىم ئول ئەمردە بىئىختىيار،
سىيمنى ئال گەر غەرەزىڭدۇر مەئاش. ھەر نە سەن ئەتسەڭ ماڭا نە ئىختىيار.

موماي شاھنىڭ ئادىللىقىنى كۆرۈپ، خۇرسەن بولىدۇ، ئۇنىڭ قېنىدىن كېچىپ ئالتۇن ـ كۈمۈشنى ئېلىپ نام چىقىرىدۇ. نەۋائى ھۇسەيىن بايقارا ۋە بارلىق بايقارالارنىڭ شۇنداق بولۇشىنى ئارزۇ قىلاتتى. ھېكايىدىكى قازى ئالىي مەقسەت

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇجەسسەملەشتۈرۈلگەن قازى ئۇبرازىدۇر.

ھۈسەيىن بايقارا بىلەن ئۇنىڭ ئوغۇللىرى، خۇسۇسەن تۇنجى ئوغلى بەدىئۇززەمان ئوتتۇرىسىدىكى ئىختىلاپلار ئەۋج ئېلىپ دۆلەت ئىشلىرىغا، ئەل - يۇرتنىڭ ئاسايىشلىقىغا سەلبىي تەسىر كۆرسەتمەكتە ئىدى. نەۋائى سەۋر - تاقەت ۋە تەدبىر بىلەن بۇ ئىختىلاپلارنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئىنتىلىدۇ، ئۇ «ھەيرەتۇل - ئەبرار» نىڭ خاتىمىسىدە:

شاھغە سۆزۈمدىن بار ئېسە ئېئتىبار،
گەر سەڭا ھەم پەند دېسەم ئېدى بار.

دەپ بەزەن ئىسيانكارلىق بىلەن باش كۆتۈرۈپ تۇرغان ۋەلىئەھد شاھزادە بەدىئۈززامانغا نەسىھەت قىلىدۇ، ئۇنى ئەيش - ئىشرەتكە ۋە مەنسەپپەرەسلىككە بېرىلمەسلىككە، ئالىيجاناپ پەزىلەتلەرگە ئىگە بولۇشقا چاقىرىدۇ. شۇنداق قىلىپ نەۋائىنىڭ ئىجتىمائىي - سىياسىي قاراشلىرى ھادىسىلەر دائىرىسىدە چېگرالانغان، خىلى زىددىيەتلىك بولسىمۇ، ئىنسانپەرۋەرلىك خاھىشىغا، خەلقپەرۋەرلىككە ئاساسلانغانلىقى ھەمدە ئەمەلىي مەقسەتلەرنى كۆزەتكىنى بىلەن خاراكتېرلىنىدۇ.

دانىشمەن، تەربىيىچى ئەلشىر نەۋائى «ھەيرەتۇل - ئەبرار» نىڭ بىر نەچچە بابىنى بىۋاستە ئەخلاق ۋە تەلىم - تەربىيە مەسىلىلىرىگە بېغىشلايدۇ. ئۇ دانا سۆزلىرى بىلەن ياخشى خۇلقىنى، ئەزگۈ خىسلەتنى تەرغىب قىلىدۇ. يارىماس ئادەت، خىسلەتلەرنى شەپقەتسىزلەرچە تەنقىد قىلىدۇ.

بەشىنچى باب ھىممەتكە بېغىشلانغان، نەۋائى بۇ بابتا سېخىيلىق بىلەن بېخىللىقنى بىر - بىرىگە قارىمۇقارشى قويىدۇ، ئۇلاردىن ھەر بىرىنىڭ ماھىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. ساخاۋەت ئىنساننىڭ ئەڭ ياخشى سۈپىتى ۋە پەزىلىتىدۇر. بىراق، ساخاۋەتنىڭ ئۆز شەرتلىرى بار. سېخىي كىشى ھاجەتمەنلەرگە ياردەملىشىشى، ساخاۋەت غەرەزسىز، تەنىسىز بولۇشى كېرەك. مەن سېخىي دەپ، بۇزۇپ - چېچىش ياخشى ئەمەس، بۇ ئىسراپچىلىق بولىدۇ:

نەقدنى داغى گۈلدەك ساۋۇرماغىل،
غۇنچە كەبى داغى گىرىھ ئۇرماغىل.

ھەرقانداق ھىممەت ۋە ساخاۋەتتىن ئۆز ئەمگىكى بىلەن كۈن كەچۈرۈپ قانائەت قىلماق تېخىمۇ ئۇلۇغلۇق ۋە ئالىيجانابلىقتۇر. نەۋائى بۇ پىكرىنى تولاراق ئىپادىلەش ئۈچۈن ھاتەمى تاي ھېكايىسىنى مىسال قىلىدۇ. ھاتەمدىن: «سەن ئۆزۈڭدەك باشقا بىرەر ھىممەتلىك كىشىنى كۆرگەنمۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ بۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: بىر كۈنى زور زىياپەت ئالدىدىن دالىغا چىقىپ ئايلىنىپ يۈرگىنىمدە، ئوت - خەشەك كۆتۈرۈپ بازارغا كېتىۋاتقان مۇكچىيىپ قالغان بىر مويسېپىتنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا: «ھاتەمى تاينىڭ ئۆيىگە بېرىپ ناز - نېمەتتىن بەھرىمەن بولسىڭىز، بۇ مۇشەققەتلىك ئەمگەكنى سىزگە كىم راۋا كۆردۇ؟» دېسەم، مويسېپىت بۇنداق جاۋاب بەردى:

سەن داغى چەككىل بۇ تىكەن مېھنەتىن،
تارتماغىل ھاتەمى تاي مىننەتىن.
بار دىرەم ئالماق چېكىبان دەست رەنج،
ياخشىراق ئاندىنكى، بىراۋ بەرسە گەنج.

ھاتەم ھېكايىسىنى:

ئۆلكى بۇ يەڭلىغ سۆزى مەۋزۇن ئىدى،
مەن، دەپ ئەنىڭ ھىممەتى ئەفزۇن ئىدى.

سۆزلىرى بىلەن تاماملايدۇ.

«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» نىڭ ئالتىنچى بابى ئەدەپ مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان. نەۋائى بۇ بابتا كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە مۇئامىلە مىزانى، ئۆزىنىڭ ئۆلگە بولۇشى، بالا تەربىيىسى ۋە باشقىلار ھەققىدە ھېكمەتلىك پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىدۇ. ئەخلاق بىلەن كەمتەرلىك بىر پۈتۈنلۈكنى تەشكىل قىلىدۇ. كىشى ھەربىر كىشىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا يارىشا مۇئامىلە قىلىشى، چوڭلارغا خىزمەت، كىچىكلەرگە شەپقەت قىلىشى لازىم:

ھەر كىشىنىڭ تەۋرىغە لايىق كېرەك، / كىمكى ئۇلۇغراق ئەڭە خىزمەت كېرەك،
سۈرەتى ھالىنە مۇۋاپىق كېرەك. / ئۆلكى كىچىكراق ئەڭە شەفقەت كېرەك.

نەۋائى بالا تەربىيىسى، ئۇنى ئۆستۈرۈش، ئوقۇتۇش ۋە بالاغەتكە يەتكۈزۈش ھەققىدە كەڭ توختىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە ئۇ بالىلارغا قارىتىپ:

باشنى فىدا ئەيلە ئاتا قاشىغە، / تۈن ـ كۈنۈڭگە ئەيلەتىل نۇر فاش،
جىسمنى قىل سەدقە ئانا قاشىغە... / بىرىسىن ئاي ئەڭلە بىرىسىن قۇياش.

دەپ نەسىھەت قىلىدۇ.

تەربىيىچى شائىر ئۆزىنى تۇتالماسلىق، ئورۇنسىز كۈلكە ۋە باشقا خىلدىكى سەلبىي خىسلەتلەرنى قاتتىق قارىلايدۇ. جۈملىدىن ئۇ ئورۇنسىز كۈلكە ھەققىدە شۇنداق دەيدۇ:

تەركى ئەدەبدىن بىرى كۈلگۈ دۇرۇر، / يىغلىماق ئاندىن كۆپ ئېرۇر ياخشىراق...
كۈلگۈ ئەدەب تەركىگە بىلگۈ دۇرۇر... / قەھقەھە كىم ھەزلەنىڭ يارى دۇر،
كۈلگۈكى ئۆز ھەددىدىن ئولدى يىراق، / قۇربەقە سەۋتى بىلە رەفتارىدۇر...

«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» نىڭ يەتتىنچى بابىدا:

ئىككى قەرا پۇل چېكىبان دەست رەنج، / تىنچ كۆڭۈل بىرلە قاتىقسىز ئۇماچ،
ياخشىراق ئەندىنكى، شەھ ئىنئامى گەنج، / بېھكى بىراۋ مىننەتى بىرلە كۇلاچ، ـ

دەپ قانائەت ۋە مېھنەتنى تەرىپلىگەن نەۋائى تائام يېمەك، كىيىم ـ كىيمەك ۋە باشقا مەسىلىلەر ھەققىدە قىممەتلىك پىكىر يۈرگۈزىدۇ، نەسىھەت قىلىدۇ، جۈملىدىن ئۇ بۇنداق دەيدۇ:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىمگە نېچە زەبۇ تەمەدىن يىراق،
زىمىندە ئاسايىش ئېرۇر ياخشىراق.
گەۋھەرۇ دۇرنى قۇلاق ئازارى بىل،
سۆزنى قۇلاقنىڭ دۇرى شەھۋارى بىل.

ئالتۇن ئىسرىغەكى قۇلاق ئاغرىتۇر،
زەرھەل ئەتۇكدۇركى، ئاياغ ئاغرىتۇر،
نۇكتە دۇررىن بىل قۇلاق ئارايىشى
كەڭ ئەتۇك ئۇلدى ئاياغ ئاسايىشى ...

بۇ بابتا ئۇلاۋە قىلىنغان «قەنا ئەھلى ۋە تەمەگىر» ھېكايىسىدا نەۋائى «خام تەمە دەھردە رەنجۇر ئېرۇر» غايىسىنى ئىلگىرى سۇرىدۇ.

«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»نىڭ سەككىزىنچى بابىدا ۋاپا ۋە ساداقەتنى تەرىپ ۋە تەۋسىپ ئەتكەن نەۋائى، كىشىلەرنى ياردەملىشىشكە، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىشقا چاقىرىدۇ. چۈنكى:

يوق ھۇنەرى يالغۇز ئېسە ئۆز كىشى،
قايدا كىشى ساندا يالغۇز كىشى.
فەرد كىشى دەۋردە تاپماس نەۋا،

يالغۇز ئاۋۇچدىن كىم ئىشتمىش سەدا!!
تاق كىشى ئەيشى ئۆيىن بىل نىگۇن،
ئۆيگە قەچان ھامىل ئۇلۇر بىر ستۇن؟

شائىر ۋاپا ۋە سۆيگۈنى ئورگانىك رەۋىشتە بىر ـ بىرىگە باغلايدۇ. سۆيگۈسىز ھايات يوق، ۋاپا بولسا سۆيگۈنىڭ شەرتىدۇر:

بەس كىشىگە ئۇمر خۇشى يار ئېمىش،
ئۇمر دېگەن يارى ۋەفادار ئېمىش.

ياركى، ئايىنى ۋەفا يوق ئاڭا،
شەم كىبىدۇركى زىيا يوق ئاڭا.

بابنىڭ ئاخىرىدا شائىر ئۆز مۇھىتىدىن، بىۋاپا ۋە ئىنساپسىز كىشىلەردىن ئاچچىق شىكايەت قىلىدۇ. ۋاپا ۋە ساداقەتنىڭ ماھىيىتى، خاسىيىتىنى كۈچەيتىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ۋاپادارلىقى تۈپەيلى ئەمىر تېمۇرنىڭ قەتلى قىلىشىدىن ئامان قالغان ھىندىستانلىق ئىككى ۋاپادار يار ھەققىدە ھېكايە قىلىدۇ. توققۇزىنچى بابتا نەۋائى سەمىمىي سۆيگۈنىڭ ماھىيىتى، قۇدرىتى ۋە شەرتلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ:

«بولماسا ئىشق، ئىككى جەھان بولماسۇن،
ئىككى جەھان دېمەكى، جان بولماسۇن»
«ئىشقسىز ئۇل تەنكى، ئانىڭ جانى يوق»
«پىل بولۇر ئىشق ئاڭا كەلتۇرسە زور،
پىل ئەياغى ئاستىدا ئانداقكى مور»
«ئاشىق ئەنى بىلكى، ئېرۇر دەردناك،
ھەم تىلى، ھەم كۆزىيۇ ھەم كۆڭلى پاك»

«ئاشىق ئۆزىن كىم دېسە، ئاشىق ئېمەس،
بارچە كىشى ئىشقىدە سادىق ئېمەس.
ئۇلكى كېزىب ھۇسىن پىسەند ئەيلەگەي،
سوڭرە كۆڭۈلنى ئاڭا بەند ئەيلەگەي.
ئانى كۆڭۈل دېمەكى، بىر پارە تاش،
نە قىزىغاي شەم ئۆيىدىن خارە تاش»

قا ئوخشاش ئاجايىپ ھېكمەتلىك سۆزلەرنى يارىتىدۇ.

راستچىللىق ۋە توغرىلىق مەسىلىلىرىگە بېغىشلانغان ئونىنچى بابىدا نەۋائى خىلمۇ خىل ئوخشىتىشلار ياردىمى بىلەن راستچىللىق ۋە توغرىلىقنىڭ پايدىسى، يالغان سۆزلەش ۋە ناتوغرىلىقنىڭ زىيانلىرىنى بايان قىلىدۇ:

ھەر كىشىكىم، تۇزلۇك ئىرۇر پىشەسى،
كەجرەۋ ئىسە چەرخ نە ئەندىشەسى.
ئۇقكى تۇز ئولدى تەيارانى ئانىڭ،
بولسە پەر ئەگرى، نە زىيانى ئەنىڭ؟
يول نىچە تۇز، يولچىغە مەقسەد قەرەب،
خەملىغىدىن تۇشسە يىراق يوق ئەجەب.
نەي تۇز ئۇچۇن ئىستەر ئەنى ئەھلى ھال،

چۇن تۇز ئىمەس، جەڭ كۆرەر گوشمال ...
بىر خەتى گەر ئەگرى تۇشەر بىر نۇقەت،
خۇسخەدەر ھەر سەفھەدەدۇر ئەگرى خەت ...
تا رىجە چەكمەس يەرىگە باغبان،
باغ ھەمان زەبدە جەنگال ھەمان.
مالەسىز ئۇل تۇخمكى، دىھقان ساچەر،
سۇۋنى تەڭ ئىچمەس نىچە يەكسان ساچەر ...

شائىر شۇ بابتا يالغان سۆزلەش ئاقىۋىتىدە ئۇۋچىنىڭ قىلتىقىغا چۈشكەن دۇرراج (كەكلىك) ھەققىدە «شىر بىلەن دۇرراج» مەسىلىنى ھىكايە قىلىدۇ.

ئىلىم ۋە ئىلىم ئەھلىگە يۇكسەك باھا بېرىپ، كىشىلەرنى ئىلىم ئىلىشقا، ئالىملارنى ھۆرمەتلەشكە چاقىرغان نەۋائى «ھەيرەتۇل - ئەبرار» نىڭ ئون بىرىنچى بابىدا:

ئىلم نەۋائى، ساڭا مەقسۇد بىل،
ئەمدىكى ئىلم ئولدى، ئەمەل ئەيلەگىل.

دەپ ئىلىمنى ئەمەلىي پائالىيىتى بىلەن باغلايدۇ ھەمدە ئىلىمنى شەخسىي ئىنتىلىش يولىغا سەرىپ قىلغان كىشىلەردىن غەزەپلىنىپ:

ئىلىمنى كىم ۋاستەن جاھ ئىتەر،
ئۆزىنىيۇ خەلقىنى گۇمراھ ئىتەر.

ئالىم ئەگەر جاھ ئۇچۇن ئولسا زەلىل،
ئىلمى ئانىڭ جەھلىغە بولغاي دەلىل.

دېدى.

نەۋائى ئۆز دەۋرىدە ئىلىم ئىلىشنىڭ نەقەدەر مۇشەققەتلىك ئىكەنلىكىنى، ئىلىم - پەن ئىگىلىرىنىڭ خارلانغانلىقىنى ھەسرەت بىلەن بايان قىلىدۇ.

بۇ بابتىن كېيىن «ئىمام فەخرىددىن رازى بىلە سۇلتان مۇھەممەد خارەزم شاھ» توغرىسىدىكى ھېكايە بايان قىلىنىدۇ. سۇلتانىنىڭ ئۇ دۇنيادا ئالىم قانداق مەرتىۋىدە، شاھ قانداق مەرتىۋىدە بولىدۇ، دېگەن سوئالىغا ئالىم:

كىم ساڭاكىم ھەشەر سۆزى كام ئىرۇر،
بىل ئاڭا مانەند بۇ ھەممام ئىرۇر.
ئاندا گەدا شاھ بىلە يەكسان بولۇپ،
شاھۇ گەدا بارچەسى ئوريان بولۇپ.
جاھۇ جەلال ئەھلى سەنىڭدەك بارى،

ئىچكەرىيۇ بارۇ يوقى تاشقارى.
ئىلمۇ ئەمەل ئەھلى مېنىڭدەك تەمام،
ھەر نە يىغىپ، ھەمراھ ئەتىپ ۋەسسەلام.
يوق ساڭا سۇلتانىڭ ئىلە سۇد كۆپ،
لىك ماڭا ئىلىم ئىلە بىھبۇد كۆپ.

دەپ ئۇنى يېڭىدۇ.

ئون ئۇچىنچى بابىنى نەۋائى ئەلگە مەنپەئەت يەتكۈزۈش مەسىلىلىرىگە بېغىشلايدۇ. ھەقىقىي ئىنسان ئەل - يۇرتقا پايدا يەتكۈزۈشكە ھەرىكەت قىلىش، قول كۆچى ياكى مەبلىغى بىلەن، شىرىن سۆزى ۋە مەسلىھەتى بىلەن مەدەت بېرىشى لازىم. بۇنداق كىشى ئۆزگىلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ئەينى چاغدا ئۆزىگىمۇ پايدا يەتكۈزگەن بولىدۇ.

نەفىڭ ئەگەر خەلققە بىشەك دۇرۇر،

www.uyghurkitap.com



بىلكى بۇ نەف ئۆزۈڭگە كۆپرەكدۇرۇر.

ئەكسىچە، ئەگەر كىشى ئۆزگىلەرگە يامانلىق قىلسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرىنچى نۆۋەتتە ئۆزىگە يامانلىق قىلغان بولىدۇ:

ئۆلكى زەرەر شىۋەسىنى تەۋر ئېتەر، قىلمەس ئەياغ زەخمىدىن ئەندىشەنى.
ئەلگە دېمەكىم، ئۆزىگە جەۋر ئېتەر. كىمكى فەلەك سارى ئاتار تاشنى،
ئۆلكى ئۇشەتۇر باسىب شىشەنى، تاش ئىلە ئازۇردە قىلۇر باشىنى...

كۆرۈلگەن بابلاردا كىشىنىڭ ياخشى ۋە يامان سۈپىتى، خىسلىتى ۋە ئادىتىنى بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇپ، بىرىنى ياقىلاپ تەرغىب قىلغان، ئىككىنچى بىرىنى قارىلاپ رەت قىلغان. نەۋائى كېيىنكى بىر نەچچە بابلاردا يارىماس ۋە يىرگىنىشلىق سۈپەت، خىسلەت ۋە ئادەتنى، بىمەنە خۇلقنى پاش ئېتىشكە بېغىشلايدۇ. ئۇ ن بەشىنچى بابتا مەيخورلۇق ۋە مەيخورلارنى، ئۇ ن ئالتىنچى بابتا شەخسىيەتچىلىك ۋە شەخسىيەتچىلەرنى ئاچچىق تەنقىد قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلايدۇ، ئىچكى دۇنياسىنى پاش قىلىدۇ.

مەرىپەتپەرۋەر شائىر نەۋائىنىڭ يارامسىز خىسلەت، ئادەت ۋە خۇلقلارنى شەپقەتسىزلەرچە قارىلاش، ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەرنى ھارماي ـ تالماي تەرغىب قىلىشى، شۈبھىسىز زور ئىلغار ئەھمىيەتكە ئىگە. نەۋائىنىڭ بىر قاتار ئەخلاق ـ تەلىم قاراشلىرى ھازىرقى كۈندە ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە.

«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» ئوبراز سىستېمىسىنىڭ خاراكتېرى داستاننىڭ ژانىر خۇسۇسىيەتلىرى ۋە كومپوزىتسىيىلىك تۈزۈلۈشى بىلەن باغلانغان. «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» مەسىلىلەرنى سۇژېت بايانى ئارقىلىق ياراتمايدۇ. بۇ جەھەتتىن قارىغاندا ئۇ «خەمسە» نىڭ باشقا داستانلىرىدىن پەرقلىنىدۇ. «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» نىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيىتى زور ئېپىك ئوبراز يارىتىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ. لېكىن، ئۇنىڭغا قارىماي، «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» دا كۆپ ۋە خىلمۇ خىل ئوبرازلار، تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەبىقىلەرگە مەنسۇپ بولغان، تۈرلۈك خاراكتېردىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي، ھەجۋى ۋە مەجازىي ئوبرازلار بار. بۇ ئوبرازلارنى داستاندىكى مەسىلىلەرنىڭ راۋاجلىنىشىدىكى، ئەسەرنىڭ كومپوزىتسىيىسىدىكى ئورنىغا قاراپ ئۈچكە بۆلۈش مۇمكىن: بىرىنچى، داستاننىڭ باش قەھرىمانى؛ ئىككىنچى، بابلاردىكى تەسۋىرىي ئوبرازلار پورترېت ۋە خاراكتېرلار؛ ئۈچىنچى، ھېكايە ۋە مەسەللەردىكى ئېپىك ئوبرازلار.

داستاننىڭ باش قەھرىمانى نەۋائىنىڭ ئۆزى. ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسىدىن تارتىپ خاتىمىسىگە قەدەر شائىر ئوبرازى كىتابخاننىڭ دائىمىي ھەمراھى، ھەتتا ھېكايىلەردە بىر نەچچە دەقىقە «چېكىنگەن» بۇ ئوبراز دەررۇ شۇ ھېكايىنىڭ خاتىمىسىدە، لىرىك مەسىلىلەردە، ساقىغا قارىتا ئېيتىلغان سۆزلىرى ياكى قىسسىدىن تۈيغۇ چىقىرىشى بىلەن قايتا نامايان بولىدۇ. كىتابخاننى يېڭى مەسىلىلەر، ئوي ـ پىكىرلەر، زىددىيەتلەر، كۆرەش دۇنياسىغا ئېلىپ كىرىدۇ. كىتابخان بۇ ئوبرازنىڭ سەرگۈزەشتىسى، تاشقى قىياپىتى ياكى باشقا جەھەتلىرى بىلەن تونۇشالمايدۇ، لېكىن دائىم دېگۈدەك ئۇنىڭ قەلبى ۋە چۈشەنچىسى، ھېسسىياتى ۋە تۇيغۇسى، ھاياجىنى ۋە ئارزۇسى، شادلىقى ۋە غەزىپى بىلەن بىللە بولىدۇ، ھەممە نەرسىنى ئۇنىڭ ئارقىلىق بىلىپ ئالىدۇ، چۈشىنىدۇ، ئويلايدۇ، خۇلاسىلەيدۇ، نەۋائى پۈتۈن مۇرەككەپلىكى، زىددىيەتلىرى بىلەن گەۋدىلىنىدۇ. بىراق، شۇنىڭغا قارىماي، ئىنسانپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، مەرىپەت ئەربابى، دانىشمەن ۋە تەلىم بەرگۈچى نەۋائى ئوبرازى

كىتابخانىنىڭ كۆز ئالدىدا ئۇلۇغۋار بىر ھەيكەل بولۇپ گەۋدىلىنىدۇ.

شائىر داستانىنىڭ ھەرقايىسى بابلىرىدا مەلۇم بىر ئىجتىمائىي ـ سىياسىي، ئەخلاق ـ تەلىم مەسىلىلىرى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزگەن ئىكەن، شۇ پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇش مەقسىتىدە تەۋسىپىي ئوبرازلار، پورترېت ۋە خاراكتېرلارنى يارىتىدۇ. بۇنداق ئوبرازلار مەسىلىنى ئۇنىڭ تۈرلۈك جەھەتلىرى بىلەن بىللە تولاراق ئېچىشقا خىزمەت قىلىدۇ. ئەسەرنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى، ئۇسلۇبىنى بېيىتىـــدۇ، مۇكەممەللەشتۈرىدۇ. «سەلاتىن» بابىدىكى زالىم شاھلار، «خىرقەپۇش شەيخلەر» بابىدىكى مۇساپىر تالىپلار، «قەلەم ئەھلى» بابىدىكى جاھىل مەيخورلار، «خۇدنەمالەر» بابىدىكى تەكەببۇر ئەمەلدارلار ئوبرازلىرى ۋە باشقىلىرى ئەنە شۇلار جۈملىسىدىندۇر.

بىز بۇلاردىن ئىككى ھەجۋى تەۋسىپى ئوبراز بىلەن تونۇشايلى:

نەۋائى ئون ئالتىنچى بابىدا تەكەببۇر ۋە زالىم فېئودال ئەمەلدار ئوبرازىنى تەسۋىرلەپ ئۇنىڭ پورترېتى ۋە خاراكتېرىنى تىپىكلەشتۈرىدۇ. ئۇنىڭ قىياپىتى، كىيىم ـ كېچىكى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، ئۆي ـ پىكرى ۋە باشقا تەرەپلىرىنى قورشايدۇ. ساتىرا ۋە يۇمۇردىن كەڭ پايدىلىنىدۇ.

ئەمەلدار ئۆزىنى باتۇر، ئېتىنى دۇلدۇل، دۇلدۇللا ئەمەس، بەلكى چاقماق، دەپ بىلىدۇ، رۇستەمنى نەزىرىگە ئىلمايدۇ. گويا ئۇنىڭ بېشى كۆكتىن بەكمۇ ئېگىز، خالاس. ئەسلىدە ئۇ زۇلۇمدا يولۋاستەك يىرتقۇچدۇر. ئۇ ئۆزىنى قاپلان دەپ بىلىدۇ ۋە ئىت گۆشى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ، كىبىر ئۇنىڭ پېشانىسىدا قورۇق پەيدا قىلغان ... لەنەت تامغىسى بېسىلغان، ھەتتا كوچىدىكى لالما ئىتمۇ ئۇنىڭغا زەنجىرلىنىپتۇ دەپ تەنە قىلىدۇ ... بۇرۇتى ئىككى تەرەپكە شاخلاپ چىققان توزاق، بۇ توزاق نەپسى قۇشلىرىنى ئۆز دامىغا چۈشۈرىدۇ. ئاغزىدىن ئازراقمۇ بىمەنە سۆز چىقمايدۇ. ئەمما يالغان ئېيتىپ چارچىمايدۇ، ئۆككىسىنى ھۇۋقۇشنىڭ بېشىدىن يۇلۇپ ئالغان بولسىمۇ، تۇزنىڭ تاجىسى دەپ نام بەرگەن ... قالپىقىنىڭ جىيىكىنى ئىچىگە پۈككەن، بۇ گويا ھەۋەس قۇشلىرىغا ئاشنا بولغان. ئەگەر تونى يىپەكتىن بولمىسا كۆڭلى بىئارام بولىدۇ، يىپەك چىن يىپىكى بولمىسا، قىشى ئۈستىدە قورۇق پەيدا بولىدۇ. ئارزۇ ـ ھەۋەس بىلەن كۆينەك تىكتۈرىدۇ ... بەلۋېغى يىپەك، تونى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن، ئۆتىكىنىڭ نالىسى زەر بىلەن بېزەلگەن، ئىگىرى ئالتۇن بىلەن زىننەتلەنگەن.

بۇ ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى، ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسى بولسا:

مۇنچە سۆيۈز مۇنچە زەرافەت بىلە،
قايىسى زەرافەتكى، قەباھەت بىلە،
دىۋ جەمالىنى پەرىدەك ياساپ،
خارنى گۈلبەرگى تەرىدەك ياساپ،
جىلۋە قىلىپ شاھىدە رەئنا كەبى،
بادە ئىچىپ گۈلرۇخى زىيبا كەبى ...
نەچە لەۋەند ئالىدە بارچە نىجىس،
بىرىدە نە ئەقلۇ نە ئىدراكۇ ھىس.

نۇكتە ياقەردەك ئاڭا بېھەد دەبان،
بەھۇدۇ ئەندازە خۇشامەد دەبان،
ئۇل قىلىبان ئۇشتۇلۇمۇ خەيلى رېۋ،
خەيلى شەياتىن ئۆزى ئور قەدەر دېۋ ...
مۇنچە فەزىلەتلىك ئېمەس ئەردى بەس،
كىم ئۇرە ئالماي چاغىر ئولماي نەفەس ...
يەر ـ ئىچەرى بارچە ھەرامۇ خەرىش،
بۇ يېمەك ـ ئىچمەكدىن ئاڭا پەرۋەرىش ...

بۇ تەۋسىپىي ئوبراز فېئودال مۇھىتتىكى بەگلەرنىڭ، ئەمەلدارلارنىڭ، رېئالىزىملىق ئومۇملاشتۇرۇلغان تىپىك ئوبرازىدۇر.

مەلۇمكى، فېئودال ھۆكۈمرانلارنىڭ سارىيى، ئىمتىيازلىق شەخسلەرنىڭ ئۆي ـ جايى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئەيش ـ ئىشرەت ۋە مەيخورلۇقنىڭ بىر ماكانىغا ئايلانغان، مەخسۇس مەيخانا كوچىلىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن ئىدى. «سەلاتىن» بابىدا پادىشاھ سارىيىدىكى مەيخورلۇق ۋە مەئىشەتۋازلىقنى قارىلىغان نەۋائى «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»نىڭ ئون بەشىنچى بابىدا مەيخورلۇقنىڭ زىيىنى ۋە مەنىسىزلىكىنى ھەر تەرەپلىمە پاش قىلىپ، مەيخورلۇق بالاسىغا مۇپتىلا بولغان كىشىنىڭ كۈلكىلىك پورترېتى ۋە ئېچىنىشلىق ۋە يىرگىنىشلىك ئەھۋالىنى تەسۋىرلەيدۇ. شائىر مەيخورغا مۇراجىئەت قىلىدۇ: قاچانغىچە جاھالەت جامىنى ئىچىسەن، مەغرۇرلىنىسەن، پىتنە ـ پاسات قىلىسەن، ئۆلۈمنى، پەيمانىڭنىڭ تولۇشىنى ئويلاپ قويمايسەن ... كوچىدا بىر تالىپدەك كۆرۈنۈشۈڭ بىلەن بالىلار بېشىڭغا تاش ياغدۇرىدۇ، ماڭلىيىڭ تاشقا تېگىپ يارىلاندى، سەللەڭنىڭ پېتى بۇزۇلدى، كىشىلەرگە لالما ئىتتەك ھۇجۇم قىلىسەن ... گاھ يىقىلىپ، گاھ تۇرۇپ، توغرا كەلگەن جايغا قول تىقىسەن ... قورسىقىڭ ساقىلىڭنى بۇلغايدۇ ... ئىت كېلىپ يالاپ، ئۇنى تازىلايدۇ، مەستلىكىڭ تارقالغاندا يەنە شاراب ئىچىشكە باشلايسەن، بېشىڭدىكى سەللەڭنى، بېلىڭدىكى ئاقچاڭنى تاپالمايسەن. ئۆلۈكتىن كېيىن تەمە قىلغۇچى ئوغرىلار تونىڭنى يېشىۋالغان بولىدۇ. غىلاپتىكى پىچىغىڭدىن ئايرىلىسەن. پۇتۇڭدا بىر پاي ئۆتۈكۈڭ قالدى، ئىككىنچىسىنىمۇ يوقىتىسەن، ئۆتۈكۈڭ لاي، ئالدىڭ ھۆل، ئالدىڭدا كۆل ... ئۆيۈڭنى ئىزدەيسەنۇ ئۇزۇن كوچىدىن باشقىنى تاپالمايسەن ... ئەزا ـ بەدەنلىرىڭ قاقشاپ تىترەيدۇ، ئاغزىڭنىڭ تەمى لاۋزا ... بېشىڭ ئايلانغان، ھوشۇڭ يوقالغان ...

شائىر بۇ تەسۋىرنى تۈگىتىپ شۇنداق خۇلاسىلىغۇچى مىسرالارنى يازىدۇ:

ھەر كىشىكىم قىلسە بۇ سۇۋدىن تەرەب، سۇۋ دېمەگىل ئانكى بىر ئوت ئەرۇر،
خانە سىياھ ئولماغى ئەرمەس ئەجەب. كىم يەتتە كۆك خىرمەنىنى كۆيدۇرۇر...

نەۋائى ئۆز ئەسىرىدە مەسىلىلەرنى تولاراق يارىتىش، پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنى تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇش ئۈچۈن، بىر كۆرگەزمە ـ نەمۇنە سۈپىتىدە ئەسىرىگە ھېكايىلەرنى قوشىدۇ. شائىر لىرىك ئىپادىدىن تەۋسىپىي بايانغا، تەۋسىپىي باياندىن ئېپىك ۋەقەگە ئۆتىدۇ. كىچىك ھەجىملىك ھېكايىدە بىرەر سەرگۈزەشتىنى سۆزلەيدۇ، ئارتۇقچە تەپسىلاتقا بېرىلمەيدۇ، سەرگۈزەشت كۆپىنچە بىر ئېپىزوتتىن ئىبارەت بولىدۇ. ۋەقە كۈرەش ۋە نىزا تەسۋىرىدە تۈرلۈك خاراكتېرلىق ئوبرازلارنى يارىتىدۇ. ئۇلار مۇكەممەللەشكەن ئوبراز دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلىدۇ. شاھ غازى، ھاتەمى تاي، مويسىپىت فەخرىددىن رازى ۋە باشقىلار شۇنداق ئوبرازلاردۇر.

«ئاداب» بابىدا ئەدەپنىڭ ئەھمىيىتىنى ئېنىق كۆرسىتىش، كىتابخانىغا يەنىمۇ كۈچلۈكرەك تەسىر قىلىش مەقسىتىدە «نۇشىرۋان» ھېكايىسىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ. نۇشىرۋان شۇنداق ئەدەپلىك بولغانكى، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ يارىنىڭ يەلكىسىگە قولىنى قويۇپتۇيۇ كۆزى نەرگىسكە چۈشۈپتۇ، نەرگىس ئۇنىڭغا ئادەمنىڭ كۆزىنى ئەسلىتىپتۇ ۋە نۇشىرۋان: «مەن كۆز ئالدىدا بىئەدەپلىك قىلىپ قويدۇم» دەپ قولىنى تارتىپ ئاپتۇ.

«ۋەفا» بابىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان «ئىككى ۋەفالى يار» ھېكايىسىدا ۋاپا ئۆلۈمنى يېڭىدۇ، ۋاپادار ئىككى يار ئەمىر تېمۇردىن غالىب چىقىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش «چىن گۈزەلى» ھېكايىسىدا (ئون سەككىزىنچى باب) سەمىمىي سۆيگۈ ئۆلۈمنى يېڭىدۇ. جەڭدە بىر گۈزەل قىز بولغان ئىكەن، خاقان ئۇنى كۆرۈش، سۆيۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا نامىنى تىلغا ئېلىشنى مەنئى قىلغان ئىكەن. لېكىن، بۇ قىزنى سۆيگەن يىگىتنىڭ قەلبىنى يېڭەلمەپتۇ. خاقان ئۇ يىگىتنى ئىمارەتنىڭ ئاستىغا باستۇرۇپتۇ. شۇنىڭدا يىگىت يارىنىڭ نامىنى ئېغىزدىن چۈشۈرمەپتۇ، ئۇنى تەرىپلەپتۇ، بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن خاقانىنىڭ كۆڭلى

يۇمشاپ يىگىتنى ئازاد قىلىشقا مەجبۇر بوپتۇ.

ئاينى يارۇغ، چەرخنى دىمەك بەلەند،
تەبئى بەلەند ئەلگە ئىمەس دىلپىسەند.

دەپ سۆز سەنئەتكارلىرى ئالدىغا، كىتابخانىلارنىڭ ئىھتىياجىغا مۇكەممەل جاۋاب بېرىپ، ئۇلارنىڭ پىكرى، دىت ۋە زوقىنى راۋاجلاندۇرغۇچى ئەسەر يارىتىش لازىم دېگەن تەلەپنى قويغان نەۋائى «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»دا شۇ تەلەپكە ئەمەل قىلىدۇ. ئۇ كىتابخانىلارغا يېڭى پىكىر ـ مۇلاھىزىلەر تەقدىم قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ بەدىئىي دىتى ۋە زوقىنى ئاشۇرىدۇ. نەۋائى لىرىك ئىپادىنى تەۋسىپ بىلەن، تەۋسىپنى ئىپىك بايان بىلەن ئۆزگىچە خاس باغلايدۇ، تەھلىل قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىنى تولدۇرۇپ، راۋاجلاندۇرىدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بەدىئىي قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. شائىر رەڭگا رەڭ تەسۋىر ۋە ئىپىك ئوبراز يارىتىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى باش قەھرىمان ـــ نەۋائى ئوبرازى، ئۇنىڭ تەپەككۇرى ۋە ھېس ـ تۇيغۇلىرى بىلەن بىر چوڭ بەدىئىي يىپقا باغلىنىدۇ. شائىر داستاندىكى ھەممە مەسىلىلەرنى كىنايە ئۇسۇل بىلەن يارىتىدۇ، ھەل قىلىدۇ. ئادالەت ـ زۇلۇمغا، ھىممەت ـ بېخىللىقا، قانائەت ـ تەمەگەرلىككە، ۋاپا ـ ۋاپاسىزلىققا، ئىلىم ـ جاھالەتكە، راستلىق ـ يالغانچىلىــــقا قارىمۇقارشى قويىلىدۇ ۋە ھاكازا. پىكىر ـ مۇلاھىزىلەرلا ئەمەس، بەلكى ئــوبرازلارمــۇ شــۇ تــەرىــقــدە بىر ـ بىرىگە قارىمۇقارشى قويۇلىدۇ. شائىر زىت ئۇسۇل بىلەن بىللە تەدرىجىي، پاراللېل ۋە باشقا ئۇسۇللاردىن، سۆزلەرنىڭ ۋە ھەرپلەرنــىڭ يېزىلــش شەكىللىرىدىن كەڭ پايدىلىنىدۇ. بۇنىڭ بىلەن مەزمۇننى تولۇقلايدۇ، بېيىتىدۇ. مەسىلەن، ئۇ قانائەتنى ئۇلۇغلاش ۋە پادىشاھلارنى باشقىلارنىڭ مال ـ مۈلكى ۋە ئايالىـغا قەست قىلماسلىققا دەۋەت قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكىدەك سۆز ئويۇنى قىلىدۇ:

شاھ ئۇل ئىمەسكىم، باشىغە قويىدى تاج،
شاھ ئانى بىلكىم، يوق ئاڭا ئىھتىياج ...
ساز باشىنىڭ شەرەفى تاج ئىمەس،
ئاڭلا ئەنى شاھنى، مۇھتاج ئىمەس.

شاھ ئەگەر ئۇل بولسەكى، مۇھتاجدۇر،
ھەرف ئىلە مۇھتاجۇ ھەم تاجدۇر.
شاھ دىسەڭ كىمدە كۆرۈپ تاجنى،
شاھ دېگىل بۇ ۋەجھ ئىلە مۇھتاجنى.

(تاجىغا قاراپ كىشىنى شاھ دەپ ھېسابلىما، ئەگەر تاج بىلەنلا كىشى شاھ بولغان ئىكەن، ئۇ چاغدا موھتاجنى شاھ دېگىن، چۈنكى «موھتاج» سۆزىدە «تاج» بار).

نەۋائى باشقا ئەسەرلىرىدە بولغىنىغا ئوخشاش «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» دىمۇ بەدىئىي تىل ۋاستىلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىدۇ. داستانىنىڭ دېيەرلىك ھەربىر بېيىتىدە يېڭىدىن ـ يېڭى بەدىئىي ئوبرازلار يارىتىدۇ. شائىر ئوخشىتىشلارنى كۆپ قوللىنىدۇ، ئوخشىتىش مەلۇم بىر پىكىر ـ چۈشەنچىنى تەدبىقلاش، رەت قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، تۆۋەندە بىر پاراللېل ۋە ئوخشىتىش ئاساسىدا يارىتىلغان بىر پارچىنى كۆرەيلى، شائىر ئورۇنسىز (خۇشامەت مەقسىتىدە) قىلىنغان ھىممەتنى رەت قىلىپ:

... ھەم يىبەرۇر لەئل بەدەخشان سەرى،
ھەم كېتۇرۇر زىرەنى كىرمان سەرى.
خىزرغە يەتكەچ تۇتار ئابىھەيات،
مىسر شەكەر رىزىغە ھەببى نەبات.

شەمئىنى كۈندۈز يارۇتۇر بىئەدەد،
مېھر زىياسىغە بېرەي دەپ مەدەت،
مۇشكنى ھەر كېچە ساچەر بىدەرەڭ،
تۈن ساچىغە بەرمەك ئۈچۈن بويۇ رەڭ ...

www.uyghurkitap.com

ئۇيلە بۇلۇتدەككى قۇرۇق باغ ئۇزە،
ياغماي ئۆتۈپ، سۇۋنى تۆكەر تاغ ئۇزە

دەيدۇ، پىكىر زىچلىقى ۋە بەدىئىي مۇكەممەللىكى بىلەن «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» نىڭ كۆپلىگەن بېيتلىرى ھېكمەتلىك سۆزلەر دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. ئايرىم سەھىپىلەر گويا پۈتۈنلەي ھېكمەتلىك سۆزلەر تىزمىسىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن. مانا بۇ يىگىرمىنچى بابتىكى بېيتلار:

لۇتفۇ كەرەم گەرچە ئېرۇر دىلپەزىر،
قەھرۇ سەياسەت ھەم ئېرۇر ناگۇزىر.
نېچە مەرەزغە گەر ئېرۇر سۇد قەند،
نېچەگە ھەم زەھر ئېرۇر سۇدمەند،
مەددەكىم، بەرمەسە مەرھەم كۇشاد،
نىشتەر ـ ئوق ئەيلەر ئاڭا دەفئى فەساد،
بارماق ئۇچى بىرلە چۇ چىقماس تىكەن،

ئىگنە بىلەن قۇتۇلۇر ئاندىن بەدەن ...
كىمنىكى، ئىنسان دېسەڭ ئىنسان ئەمەس،
شەكلدە بىر، فېئلدە ئىنسان ئەمەس،
نەفل سىفەت شەم ئىلە مۇز شوشەسى.
............
كىمنىكى، ئەيلەي دەر ئېسەڭ مەھرەمىڭ
كۆپ سىناماي ئەيلەمەگىل ھەمدەمىڭ ...

بۇ ھېكمەتلىك سۆزلەر خەلق ماقاللىرىغا يېقىن ۋە ئوخشاشكى، ئايرىم ماقاللار نەۋائىنىڭ ھېكمەتلىك سۆزلىرىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسا، شۈبھىسىز، نەۋائىنىڭ ئايرىم ھېكمەتلىك سۆزلىرى خەلق ماقاللىرىغا ئايلانغان، «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» دا:

«تار ئىنا سىچقانغە سالىب ئېردى غەم،
قۇيرۇقىغە باغلەدى غىربال ھەم»

«سىچقان سىغماس ئىنگە، غەلۋىر باغلار دومىگە» ) ئوخشاش شۇ كۈنگىچە ساقلىنىپ كەلگەن ماقاللارمۇ بار.

نەۋائى پەقەت خەلق ماقاللىرىنىلا ئەمەس، بەلكى «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» دا خەلق ئىجادىيىتىنىڭ باشقا ژانىرلىرى ۋە ئۇسۇللىرىدىن كەڭ بەھرىمەن بولغان. مەسلەن، «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» دىكى «ھاتەمى تاي»، «شىر بىلەن دۇرراج»، «ئىسكەندەر» ۋە باشقا ھېكايە ھەمدە مەسەللەر خەلق ئىجادىي ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يارىتىلغان. نەۋائى خەلق ئىجادىگە خاس قاپىيەلىك پروزا ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، بابلارنىڭ سەرلەۋھەسىنى قاپىيەلىك نەسىر ئۇسۇلىدا يازىدۇ. خەلق ئىجادىنى، جۈملىدىن خەلق قوشاقلىرىنى پۈتۈن زېھنى بىلەن سۆيگەن نەۋائى «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» دا:

تۈرك سۇرۇرى بىلە سالىب قولۇم،
قىلسام ئاندا ھەي توللۇگۇم، ھەي تۇلۇم.

دەپ بىھۇدە ئېيتمىغان ئىدى. ئۇ خەلق ئېغىز ئىجادىدىن يىراق بولغان، خەلق ئەسەرلىرىنى مەنسىتمىگەن شائىرلارنى قاتتىق تەنقىد قىلىدۇ.

«ھەيرەتۇل ـ ئەبرار» ئارۇزنىڭ سەرئى بەھرىدە (مۇفتەئىلۇن ـ مۇفتەئىلۇن فائىلۇن) يېزىلغان، مەسنەۋى ئۇسۇلىدا قاپىيەلەنگەن.

«سۆز سەنئىتىنىڭ گۈل تاجى» دېگەن كىتابدىن نەشرگە تەييارلىغۇچى:

**ئابدۇللا مۇھەممەد**

# چاغاتاي ئەدەبىياتى[①]

## كۆپرۈلۈزادە مۇھەممەد فۇئاد

تۈركچىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: **تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى**

**يۇسۇف ئەمىرى** ــ تۈركىي تىلىدىكى غەزەل، قەسىدە ۋە مەسنەۋىلىرى بىلەن شاھرۇخ دەۋرى شائىرلىرى ئىچىدە ئورۇن ئالغان ئەمىرنىڭ شۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا توغرا كېلىدىغانلىقى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى يوقاتمىغانلىقى، نەۋائىينىڭ «تۈركىي تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىنىڭ گۈزەل بولۇش بىلەن بىرگە، شۆھرەت قازىنالمىغانلىقى» شەكلىدىكى ئىپادىسىدىن مەلۇم. ئىستانبۇلدىكى دىۋانى بىلەن بىرىتانىيە مۇزېيىدىكى «دىھنامە» ناملىق مەسنەۋىسى ۋە «بانگ (Bang) ۋە چاغىر» مۇنازىرىسى سايىسىدا ئەدەبىي ئىقتىدارى ھەققىدە پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر بولغان بۇ شائىرنىڭ بەزى گۈزەل تۆيغۇلىرى، ساموئىلوۋىچ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىدى. بەزى مەجمۇئەلەردە ۋە قەدىمكى چاغاتاي لۇغەتلىرىدىمۇ بەزى پارچىلىرى ئۇچرايدۇ. دەۋلەتشاھمۇ شاھرۇخ دەۋرى شائىرلىرى ئارىسىدا ۋە شۇنداقلا بايسۇنغۇر مىرزىنىڭ قىزىقچىلىرىدىن قىلىپ كۆرسەتكەن ھەمدە كېيىنكىلەرگە تەقدىم قىلىنغان پارسچە گۈزەل بىر قەسىدىسىنى ئەسىرىگە كىرگۈزگەن يۇسۇف ئەمىرىنىڭ بىزنىڭ شائىرلىرىمىزدىن بىرى ئىكەنلىكى ناھايىتى ئېنىق. گەرچە دەۋلەتشاھ ئۇنىڭ تۈركىي تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرى توغرىسىدا بىر ئازمۇ توختالمىغان بولسىمۇ، نەۋائىينىڭ ئېيتىپ ئۆتكىنىدەك، ئۇلارنىڭ ئاخىرى ئۇنتۇلۇپ كېتىلگەنلىكى، ھالبۇكى پارسچە نەزمىلىرىنىڭ يەنىلا لەززەت بىلەن ئوقۇلغانلىقىنى كۆرسىتىشتىن باشقا بىر شەكىلدە ئىپادىلىنىيەلمىگەن دېگەن مۇھاكىمە توغرا بولۇپ چىقتى.

ئەمىرنىڭ ھىجرىيە 833 (مىلادىيە 1429 ــ 1430) ـ يىلى بايسۇنغۇر مىرزا نامىغا يازغان تۈركىي تىلىدىكى «دىھنامە» سى 14 ـ ، 15 ـ ئەسىرلەردە ئەجەم ئەدەبىياتىدا مودا بولغان ۋە تۈرلۈك شائىرلار تەرىپىدىن يېزىلغان. بۇ ماۋزۇ شائىرىمىزنىڭمۇ شۇ مودا بويىچە قولغا قەلەم ئالغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. پارسچىنى تۈركىي تىلىغا قارىغاندا خېلى مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغان شۇ دەۋر تۈركىي خەلقلىرىنىڭ چاغاتاي تىلى بىلەن كلاسسىك ئەدەبىيات يارىتىش جەھەتتىكى خاھىشلىرىغا ماسلاشقان ئەمىرنىڭ غەزەل، قەسىدىلىرى ۋە بۇ مەسنەۋىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك چىققانلىقى ئۈچۈن قوبۇل قىلىنىدۇ. «دىھنامە» نى ئەجەم ئۆرنەكلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن قىلىپ، «مەفائىلۇن مەفائىلۇن فائىلۇن» ۋەزنى بىلەن يازغان شائىرىمىز بۇ جەھەتتە خېلى زور مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىدى. «بانگ ۋە چاغىر» مۇنازىرىسىگە كەلسەك، نەسىر ۋە نەزم ئارىلاش قىلىپ يېزىلغان بۇ ئەسەردىمۇ يەنىلا شۇ دەۋر ئەجەم ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمىي مودىسىغا ئۇيغۇنلاشقان ئىدى. «پارس ئۇسلۇبى بىلەن تۈركىي تىلىدا مۇشۇنداق ئەسەر يېزىشتا ئۆزىدىن بۇرۇن ھېچكىم مۇۋەپپەق بولالمىغانلىقى» نى ئېيتىپ ئىپتىخارلىق بىلەن سۆزلىگەن بۇ شائىرنىڭ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور كۈچ بىلەن تىرىشقانلىقى مەلۇم. پارسچە ئەسەرلىرىدە بۈيۈك تەسەۋۋۇپ شەيخ كامال خوجەندىنى

---

① بىشى ئۆتكەن ساندا.

www.uyghurkitap.com

تەقلىد قىلغان بۇ شائىرنىڭ تۈركىي تىلىدا يېزىلغان شېئىرلىرىدىمۇ مۇشۇ تەسىردىن باشقا نەرسە كۆزگە چېلىقمايدۇ. شۇ مەزگىلدە ماۋەرائۇننەھىردە زور شۆھرەت قازانغان خوجا ئىسمەتۇللا بۇخارى ۋە شاكىرىلەرنىڭ شېئىرلىرىغا قارىمۇقارشى بولغان خۇراسان، ئىراقتىكى كامال خوجەندى تەرەپدارلىرىنىڭ يەنىلا كۈچلۈك ئىكەنلىكى بىزگە مەلۇم. شۇنداقلا ئەمىرىمۇ شۇلاردىن ھېسابلىنىدۇ. لۇتفى ۋە خارەزمىگە ئوخشاش ئىقتىدارلىق شائىر بولمىسىمۇ، كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى تەرەققىياتىدا ئەمىرىنىڭ ئەھمىيەتلىك ئورنى بولغانلىقى مۇقەررەر. ۋاپات بولغان يىلنى بىلەلمىسەكمۇ شائىرىمىزنىڭ بەدەخشاندىكى ئەرخەڭ سارايىدا بولغانلىقىنى نەۋائى ئەسەرلىرىدىن بىلگەن ئىدۇق.

سەيىد ئەھمەد مىرزا — نەۋائى تېمۇرىيلار ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان سەيىد ئەھمەد مىرزىنىڭ خېلى تالانتلىق بىر شائىر بولۇپ، تۈركىي تىلىدا ۋە پارس تىلىدا يېزىلغان غەزەل ۋە مەسنەۋىلىرىنىڭ خېلى شۆھرەت قازانغانلىقىنى ھەم دىۋان تۈزگەنلىكىنى سۆزلىگەن ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا «لەتافەتنامە» ناملىق تۈركىي تىلىدا يېزىلغان بىر مەسنەۋىسىنىڭمۇ بارلىقى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتكەنىدى. برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان «تەئەششۇقنامە» ناملىق مەسنەۋىسى ئارقىلىق بۇ شائىرنىڭ زۆرۈر تېپىلغاندا سالاھىيىتى ۋە شەخسىيىتى ھەققىدە بىر پىكىرگە ئېرىشىشكە مۇمكىن بولىدۇ. ھىجرىيە 839 (مىلادىيە 1435 — 1436) - يىلى شاھرۇخقا تەقدىم قىلىنغان بۇ مەسنەۋى خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سى ۋە خوجەندىنىڭ «لەتافەتنامە» سىگە ئوخشاش، «مەفائىلۇن مەفائىلۇن فائىلۇن» ۋەزنى بىلەن يېزىلغان. شائىرنىڭ بېشارىتىدىن قارىغاندا، بۇ شېئىر يەتتە كۈندە يېزىلىپ بولغان بولۇپ، مەيلى ئىپادە، مەيلى نەزم تېخنىكىسى جەھەتتىن بولسۇن مۇكەممەل بىر سەنئەت ئەسىرى ئىدى. ئەجەم ئەدەبىياتىنى ناھايىتى ياخشى بىلگەن ھەم پارسچە شېئىرلار يازغان شائىرىمىزنىڭ چاغاتايچىنىمۇ شۇ قەدەر مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغانلىقىغا ھەيران قالمىساقمۇ بولىدۇ. مىرانشاھنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئىكەنلىكىنى بۇ نەزمىسىدە ئىپادىلىگەن سەيىد ئەھمەد مىرزا ئىنتايىن قىسىنچىلىق بىر ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى شىكايەت قىلغان ۋە شاھرۇختىن نىجاتلىق ئىزدىگەن بولۇپ، شۇ زاماندىكى تارىخىي شارائىتلارغا قارىغاندا، بۇنى شۇنداق چۈشىنىش زۆرۈر ئىدى. بارتولد «زەپەرنامە» دە نامى تىلغا ئېلىنغان بۇ شاھزادىنىڭ ئابدۇررەززاق سەمەرقەندىنىڭ مەتلەئىدىمۇ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى سۆزلىگەن ئىدى. ئۇ يەردە نامى تىلغان ئېلىنغان سۇلتان ئەھمەد بىن سەيىد ئەھمەد بىن مىرانشاھ، شائىرىمىزنىڭ ئوغلى بولۇپ، نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» دا بۇ توغرۇلۇقمۇ توختىلىپ، ياخشى مىجەزلىك، دەرۋىش تەبىئەتلىك ھەم ئىنسانپەرۋەر بىر ئادەم بولۇپ، دادىسىغا ئوخشاش ئاندا - ساندا تۈركىي تىلىدا شېئىرلار ئوقۇغانلىقىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەنىدى. شۇ دەۋرنىڭ بارلىق ئەجەم ۋە تۈركىي شائىرلىرىغا ئوخشاش گۈزەل مودىسىغا تەۋە بولغان بۇ شائىرنىڭ «تەئەششۇقنامە» دىكى ئون توققۇز بېيىتلىق بىر پارچىسى ساموئىلوۋىچ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغانىدى. نەۋائىنىڭ شائىرىمىزغا تەئەللۇق دېگەن «لەتافەتنامە» مۇشۇ ئەسەرمۇ ياكى بولمىسا شائىرىمىز شۇ ئىسىمدا باشقا بىر مەسنەۋى يازدىمۇ؟ بۇنى مۇقىملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدۇق.

**گەدائى** — تۈركىي تىلىدا شېئىرلار يېزىش بىلەن تونۇلغان بۇ شائىرنىڭ، بولۇپمۇ ئەبۇلقاسىم بابىر زامانىسىدا، يەنى ئۇنىڭ ئۆلۈم تارىخى بولغان ھىجرىيە 961 (مىلادىيە 1553 — 1554) - يىلىدىن بۇرۇن زور شۆھرەت قازانغان ۋە ھىجرىيە 896 (مىلادىيە 1490 — 1491) - يىلى توقسان ياشقا كىرگەنلىكى ھەم يەنىلا ھايات ئىكەنلىكى نەۋائىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ىسىدا يېزىلغان ئىدى. غەزەللىرى بىلەن بەزى قىتئەلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر دىۋانى پارىژدا ساقلىنىۋاتقان بۇ شائىرنىڭ شۇ ئۇزۇن ھاياتىدا باشقا ئەسەرلەرنىمۇ يازغانلىقىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. چۈنكى، بەزى قەدىمكى چاغاتايچە

لۇغەتلەردە ئۇنىڭ بىرمۇنچە پارچىلىرىنىڭ ئۆچرىشى بۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ دىۋاننى تەتقىق قىلىش پۇرسىتى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، شائىرنىڭ ئەدەبىي ئىقتىدارى ھەققىدە بىر نەرسە دېيىشكە ئىمكانىيىتىمىز بولىسمۇ، قازانغان شۆھرەت دەرىجىسى ھەققىدە نەۋائىنىڭ ئۇنىڭغا بەرگەن باھاسىدىن ئۇنىڭ بۇ دەۋر شائىرلىرى ئارىسىدا ئەھمىيەت بەرمىسە بولمايدىغان بىر شەخس ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شائىرىمىزنىڭ گەدائى تەخەللۇسىنى قوللىنىشى ئۇنىڭ سوپىيانە خاھىشلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ ئەبۇلقاسىم بابىرنىڭ سارايى مۇھىتىدىكى ئومۇمىي خاھىشلارغىمۇ ئۇيغۇن كېلىدۇ.

**ئاتايى** — نەۋائى تەرىپىدىن 15 - ئەسىرنىڭ ئەڭ تەجرىبىلىك (ئىقتىدارلىق) شائىرلىرى قاتارىدا سانالغان ئاتايى بەلخ تۈركلىرىدىن بولۇپ، يەسەۋى دەرۋىشلىرىدىن مەشھۇر ئىسمائىل ئاتانىڭ نەۋرىلىرىدىن ئىدى. نەۋائى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا بۈيۈك شۆھرەت قازانغان بۇ سوپى ۋە بالىلىرى ھەققىدە «نەساھىمۇل مەھەببە»دە خېلى مەلۇمات بەرگەنىدى. 14 -، 15 - ئەسىرلەردە بەلخ ۋە كوھى ساف تەرەپلەردە ئاتا، باب ياكى بابا لەقەملىك تۈركىي دەرۋىشلەرنىڭ كۆپەيگەنلىكىنى، ھەتتا خوراساندىكى تۈركمەن ۋە چاغاتاي قەبىلىلىرى ئارىسىدىمۇ بۇلارنىڭ بۈيۈك (چوڭ) نوپۇزغا ئىگە بولغانلىقىنى بىلىمىز. شۇنداق قىلىپ شائىرىمىزنىڭ ئاتايى تەخەللۇسىنى قوللىنىشى ئىسمائىل ئاتاغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىدى. تۈركىي تىلىدا شېئىرلار سۆزلىگەن (يازغان) بۇ دەرۋىش مىجەزلىك ۋە ئوچۇق تەبىئەتلىك شائىرنىڭ ئەسەرلىرى نەۋائىنىڭ ئىپادىسىگە قارىغاندا، شۇ دەۋردە تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىدى. مازارىنىڭ بەلخ ئەتراپىدىكى بىر يېزىدا ئىكەنلىكىنى سۆزلىگەن نەۋائى ئۇنىڭ قاپىيە بويىچە خاتا كەتكەن بىر بېيىتىنى نەقىل كەلتۈرۈپ، كلاسسىك شېئىرنىڭ نەزم قائىدىلىرىگە ئانچە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ ئۆتكەن ئىدى. ئەمما، شائىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرى بۇ تەنقىدنىڭ بىر ئاز مۇبالىغە بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەردى. ئاتايىنىڭ بەزى مەنزۇمەلىرى سامايلوۋىچ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان ئىدى.

**يەقىنى** — نەۋائىنىڭ تۈركىي ئەمىرلىرى ئىچىدىن يېتىشىپ چىققان شائىرلار قاتارىدا سانالغان (ھېسابلانغان) يەقىنى يەنە ئۇنىڭ ئىپادىسىگە قارىغاندا، يالغۇز تۈركىي تىلىدىلا ئەمەس، پارسچە شېئىرلىرى بىلەنمۇ تونۇلغان ئىدى. بۇ شائىر مىجەزى چۇس ۋە خۇيى يامان بىر ئادەم بولۇپ، كېيىن تۆۋە قىلغانلىقىنى ۋە قەبرىسىنىڭ دارىئى دۇبىراداران دېگەن جايدا ئىكەنلىكىنى نەۋائىدىن بىلگىنىمىزدەك، «رىيازۇل سەئارا» ۋە «سۇبھى گۈلشەن» گە ئوخشاش تەزكىرىلەردىنمۇ ھېراتلىق ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. يەقىنىنىڭ نەزم ۋە نەسىر ئارىلاش يېزىلغان تۈركىي تىلىدىكى «ئوق ۋە ياي مۇنازىرىسى» نىڭ برىتانىيە مۇزېيىدىكى بىر نۇسخىسى بىزگە بۇ شائىر ھەققىدە ئازدۇر - كۆپتۇر بىر پىكىر بېرىدۇ. بىز بۇ ئارقىلىق شائىرىمىزنىڭ تۈركىي ئاقسۆڭەكلەر ئارىسىدا مودا بولغان ئوقچىلىق ۋە ئوقچىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۆگەنگىنىمىزدەك، شۇ دەۋردە ئەجەم ۋە تۈركىي شائىرلار تەرىپىدىن قوللىنىلغان مۇنازىرە شەكلىگىمۇ ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى بىلىمىز. بەلكىم بۇ ئەسەرنىڭ رەتلىنىشىگە ئۇنىڭ زاماندىشى بولغان يۈسۈف ئەمىرىنىڭ «شۇ زامانغا قەدەر تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا تەڭدىشى يوق» دەپ تىلغان ئالغان «باڭ (بانگ) چاغىر» مۇنازىرىسى شەكلىدە بىر ئەسەرنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ۋە باشقىلاردىن كېيىن قالمىغانلىقىنى كۆرسىتىش ئارزۇسى سەۋەب بولغان ئىدى. نەۋائى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئۇنىڭ بىر غەزىلىگە يازغان نەزىرەسىنى قەيت قىلغان بولۇپ، بۇمۇ شۆھرىتىنىڭ داۋامىغا بولغان بىر دەلىل ئىدى.

ھەر ھالدا 15 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا يېتىشكەن ھېرات تۈركىي شائىرلىرى يالغۇز تۈركىي تىلىنى ئەمەس، پارسچىنىمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك قوللانغانلىقى مەلۇم بولغان يەقىنىنىڭ مۇھىم بىر ئورنى بولغانلىقىنى تىلغا ئېلىپ ئۆتتۇق.

www.uyghurkitap.com



**باشقا شائىرلار** — يۇقىرىدا توختىلىپ ئۆتۈلگەن بۇ ئاساسىي شائىرلاردىن باشقا 15 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا تۈركىي تىلىدا شېئىرلار يېزىپ شۆھرەت قازانغان بىرمۇنچە شائىرلار بار بولۇپ، ئەسەرلىرى ياكى يوقالغان ياكى بولمىسا يەنىلا ئوتتۇرىغا چىقىرىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئەدەبىي شەخسىيەتلىرى ۋە ئىقتىدار دەرىجىلىرى ھەققىدە بىرەر پىكىر قىلىشقا ئىمكانىيەت يوق ئىدى. بۇنىڭ ئەكسىچە ئەسەرلىرى زامانىمىزغا قەدەر يېتىپ كەلگەن، ئەمما ئەدەبىي مەنبەلەردە ئىسىملىرى ئۇچرىمايدىغان بەزى نادىر سەنئەتكارلارمۇ يوق ئەمەس. مەسىلەن: تۈرلۈك سازلارنىڭ مۇنازىرىسى شەكلى بىلەن يېزىلغان ناھايىتى گۈزەل بىر مەسنەۋىسى برىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان ئەھمەدىنىڭ نامى تەزكىرە ۋە تارىخلاردا ئۇچرىمايدۇ. ھالبۇكى، شۇ زامان مۇزىكا ئەسۋابلىرى ئىچىدە قوللىنىلغان ئۇد، چەنگ (چاڭ بولۇشى مۇمكىن)، قوپۇز (قوۋۇز)، راۋاب، غىجەك ۋە كىنگىر ناملىق سازلار توغرىسىدا توختالغان بۇ گۈزەل ھەم سەنئەتكارانە مەسنەۋى قىسقا نەسرىي مۇقەددىمىسى بىلەن بىرگە، ئەھمەدىنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك نەسرچى ۋە نەزمىچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. 1928 - يىلىدىن بۇرۇن تۈركىستاندا مەيدانغا كەلگەن «يۈسۈف - زۇلەيخا» مەسنەۋىسى دۇربەگ ئىسىملىك بەلخلىك بىر شائىر تەرىپىدىن سۇلتان شاھرۇخ نامىغا يېزىلغان. تۈركىي ئاقسۆڭەكلەر سىنىپىغا مەنسۇپ ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان بۇ ئىقتىدارلىق تۈركىي شائىرنىڭ نامىمۇ ھېچقانداق بىر يەردە ئۇچرىمايدۇ.

يۇقىرىدا نامى تىلغان ئېلىنغان تۈركىي شائىرلارنىڭ بۇ دەۋر ئۈچۈن مۇھىم مەنبەسى بولغان «مەجالىسۇن نەفائىس» تا نامى تىلغان ئېلىنغان مۇھىم شائىرلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمىز: سۇلتان مەسئۇد مىرزىنىڭ شائىرلىرىدىن بولۇپ، يالغۇز تۈركىي تىلىدىلا ئەمەس، پارسچىدىمۇ ناھايىتى گۈزەل شېئىرلار يازغان ۋە ئەسەرلىرى قەدىمكى چاغاتاي لۇغەتلىرىدە ئۇچرايدىغان قۇتبى، ئۇنىڭ تۇغقانلىرىدىن بولۇپ، بىر مەزگىل سۇلتان ھۈسەيىن بىن بايقارانىڭ باش ۋەزىرلىك خىزمىتىدە بولغان ھەم سۇلتانىنىڭ ھىراتقا ئورۇنلىشىشىدىن ئىلگىرى ئۆلگەن نەئىمى؛ سەمەرقەندلىك ھەرىمى قەلەندەر؛ ئاندا ھۆت سىپاھلىرىدىن تارخانى، خۇراسان بەگزادىلىرىدىن دەرۋىش نازىكى، ۋەھدەتى ۋۇجۇد (بىرلىك ۋۇجۇد) پەلسەپىسىگە دائىر تۈركىي تىلىدا بىر تەرجىئىبەند يېزىش سەۋەبلىك نەۋائى زامانىسىدا شۆھرىتى قوغداپ (ساقلاپ) قېلىنغان ھەم خۇراساندىكى تارخان قەبىلىسى ئارىسىدا ياشىغان ھىراتلىق مۇقىمى، كۆھى سافىتىكى تۈركىي خەلقلەر ئارىسىدا شېئىرلىرى بىلەن نام چىقارغان بەلخلىق كەمالى، سۇلتان ئەبۇ سەئىد تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن مىرسەئىد ئۇنىڭ قېرىندىشى بولۇپ، يەنە ئەينى ئاقىۋەتكە دۇچار بولغان ۋە شېئىرىدىن باشقا مۇزىكا ھەم يېزىقچىلىق (ھېكايىچىلىقتىمۇ) ماھارىتى غەرايىب، نەۋائى: «تۈرك ۋە سارتتا ئۇنىڭدىن مۇكەممەل ئادەم كۆرمىدىم» دەپ مەدھىيىلىگەن ھەم ئۇنىڭغا ئاتاپ ئايرىم بىر رىسالە يازغان سەيىد ھەسەن ئەردەشىر. نەۋائى ئادەتتە دادىسى ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلەيدىغان بۇ ئادەم ھەققىدىكى كىچىك رىسالىسى شۇ دەۋر ئاقسۆڭەكلىرى ئارىسىدا يېتىشكەن مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنسانلارنىڭ نەقەدەر قۇدرەتلىك بىر مەدەنىيەت ئىگىسى بولغانلىقلىرىنى ھەم ياشلىقلىرىدا ئۆتكۈزگەن رىندلىك (بەڭۋاشلىق) ھاياتىدىن كېيىن، ياشلىرى چوڭايغانچە بۈيۈك شەيخلەرگە قول بېرىپ، قانداق قىلىپ دەرۋىشلىك يولىغا ماڭغانلىقلىرىنى ناھايىتى جانلىق بىر رەۋىشتە سۈرەتلەپ بېرىدۇ. يالغۇز شەخسىي پسىخولوگىيىسى جەھەتتىنلا ئەمەس، شۇ دەۋر جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر تەبىقىسىنىڭ ئورتاق پسىخولوگىيىسىنى يورۇتۇش جەھەتتىنمۇ بۇ رىسالىنىڭ ئەھمىيىتى زور ئىدى.

زور بىر قىسمى شەھەرلەرگە ئورۇنلاشقان تۈركىي ئاقسۆڭەكلەر، يەنى ئەسكەر ۋە ئىدارە قىلغۇچىلار تەبىقىسى ئارىسىدىن يېتىشكەن بۇ شائىرلار ھامان ئومۇمىيۈزلۈك تېمۇرىيلار سۇلالىسىگە مەنسۇپ يۇقىرى مەدەنىيەت ئىگىسى بولغان شاھزادىلەر تەرىپىدىن ھىمايە

قىلىناتتى. پەقەت بۇ شاھزادىلەردىن نۇرغۇنى يالغۇز ئىلىم ۋە سەنئەت ھامىيسى بولۇپلا قالماي، پارسچە ۋە تۈركىي تىلدا شېئىرلار يېزىش بىلەنمۇ شۆھرەت قازىناتتى. ھەتتا بەزىلىرى مۇكەممەل دىۋانلار تۈزەتتى. تېمۇردىن كېيىن بىر مەزگىل سەمەرقەند تەختىنى ئىگىلىگەن خەلىل سۇلتان مانا شۇنداق دىۋان تۈزگەنلەردىن ئىدى. سارىيىغا ھەربىر سەنئەت ساھەسىگە مەنسۇپ ئەڭ مەشھۇر ئادەملەرنى توپلىغان بايسۇنغۇر مىرزا بىلەن شىرازدىكى سارىيى شائىر ۋە سەنئەتكارلارنىڭ بىر مەركىزى بولغان ئىسكەندەر مىرزا يالغۇز پارسچە ۋە تۈركىي تىلدا شېئىرلار يېزىش بىلەنلا قالماي، كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتىنى تەرەققىي قىلدۇرغان ئىدى. شاھرۇخنىڭ ئوغلى جوگىنىڭ بالىسى (شاھرۇخنىڭ نەۋرىسى) ئەبۇبەكرى مىرزا تەسەۋۋۇپقا ۋە تەسەۋۋۇپچىلارغا قارىتا يېقىن ئالاقىدا بولغان قەلەندەر تەخەللۇسى بىلەن نام چىقارغان ئەبۇلقاسىم بابىر تۈركىي تىلدا ھەم پارس تىلىدا شېئىرلار يېزىشقىمۇ ۋاقىت ئاجراتقان ئىدى. شۇنداق قىلىپ چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ بۇ دەسلەپكى كلاسسىك دەۋرىنى تېمۇرىيلارنىڭ سارايلىرى ئەتراپىدا تەرەققىي قىلدى (راۋاجلاندى) دەپ ئۈزۈپ ئېيتالايمىز.

خۇلاسە: 15 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ھېرات ۋە سەمەرقەندنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، تېمۇرىيلار ئىمپېراتورلۇقىنىڭ خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونلىرىدا كۈچلۈك بىر ئەدەبىي تەرەققىياتنىڭ بولغانلىقى ھەم پارسچە بىلەن بىرگە چاغاتايچىنىڭمۇ كلاسسىك ئەدەبىياتنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا باشلىغانلىقىنى يۇقىرىقى ئىزاھلاردىن كېيىن تولۇق بىلگىلى بولىدىغان بولدى، دەپ ھېسابلايمىز. ئەدەبىي مەنبەلەردە تۈركىي تىلدا شېئىرلار يازغانلىقلىرى بايان قىلىنغان سەنئەتكارلاردىن باشقا يەنە بىرمۇنچە شائىرلارنىڭ يېتىشكەنلىكىنى، ھەتتا پەقەت پارسچە ئەسەرلىرى بىلەن تونۇلغان بەزى مۇھىم شەخسلەرنىڭ ئاندا - ساندا چاغاتايچە كىچىك مەنزۇمەلەر، رۇبائىيلار ۋە مۇلەممەلەر يازغانلىقلىرىنىمۇ بىلىمىز. تېمۇر دەۋرىدە بولغىنىدەك، بۇ دەۋردىمۇ چاغاتاي تىلى ۋە ئۇيغۇر ئېلىپبەسى پەقەت تېمۇرىيلارنىڭكىدىلا ئەمەس، ھەتتا بارلىق تۈركىي خەلقلەر سۇلالىلىرىنىڭ، جالايىرلىقلارنىڭ، قاراقويلۇقلارنىڭ ھەم ئالتۇن ئوردا بىلەن ئۇنىڭدىن بۆلۈنۈپ چىققان باشقا خانلىقلارنىڭ سارايلىرىدىمۇ قوللىنىلغان ئىدى.

14 - ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئەدەبىي دىئالېكتى 15 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدىلا دەسلەپكى مۇكەممەللىككە قاراپ يۈزلەنگەن ئىدى. ئەجەم تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا ئەرەب، ئەجەم تىلى ھەم ئەدەبىياتىنىڭ ئامىللىرى داۋاملىق كۆپەيدى؛ ئەجەم گراماتىكىسىنىڭ، ھەتتا سىنتاكسىسىنىڭ تەسىرى داۋاملىق ئاشتى. ئۇسلۇبىنىڭ قېلىپلىرىغا (شەكىللىرىگە) ئوخشاش ھالدا چاغاتاي نەزم ۋە نەسرى ئۈچۈنمۇ ئەينى ماھىيەتتە شەكىللەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. يەنىلا 11 - ئەسىردە خارەزمىنىڭ «مۇھەببەتنامە» سىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈلگەن بۇ ھالەت شۇ ئىستىقامەتنى (يۆنىلىشنى) ئىزىغا چۈشۈرۈپ، لۇتفى ۋە ھەيدەر خارەزمىگە ئوخشاش قىممەتلىك سەنئەتكارلارنىڭ قولىدا زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. شائىرلارنىڭ يېتىشكەن ساھەلىرىگە ۋە مەنسۇپ بولغان ئېتنىك كوللېكتىپقا نەزەر سالغاندا، ئۇلارنىڭ تىللىرىدا بەزى پەرقلەر مەۋجۇت ئىدى. بەزىلىرىدە ئوغۇز - تۈركمەن تىل ئامىللىرى خېلى ئوچۇق كۆرۈنىدۇ. بۇنىڭدىكى مەسىلە ھەسەن ئوغلى ۋە نەسىمىگە ئوخشاش نۇرغۇنلىغان ئەزەرى شائىرلىرىنىڭ تەسىرىنىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ. ئەزەرى ۋە چاغاتاي ئەدەبىي ساھەلىرىنىڭ بىر زامانلار تېمۇرىيلارنىڭ سىياسىي ھاكىمىيەتلىرى ئاستىغا توپلىنىشى، چېگرىلىرىنىڭ ئاساسەن بىر - بىرىگە تۇتاشقان رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى دائىمىي مەدەنىيەت مۇناسىۋەتلىرىمۇ بۇنىڭغا ئامىل (فاكتور) بولغانىدى. تۈرلۈك تۈركىي خەلقلەر دۆلەتلىرىنىڭ سارايلىرىدىن چىققان رەسمىي ۋەسىقە، يارلىقلاردىمۇ، مەھەللىۋى تەقدىر ئەنئەنىلىرىگە ۋە باخشىلارنىڭ شەخسىي مەدەنىيەت

www.uyghurkitap.com

سەۋىيىلىرىگە، ئېغىز تىللىرىغا قارىسا، كۆپلىگەن شىۋە پەرقلىرى كۆزگە چېلىقىدۇ. پەقەت بارلىق مۇشۇ خىلدىكى پەرقلەرنىڭ بولۇشىغا قارىماي، ماۋەرائۇننەھر، خارەزم ۋە خوراسان مەركەزلىرىدە ھامان بىر كلاسسىك چاغاتاي تىلىنىڭ ھەم ئەدەبىياتىنىڭ ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىنى قەتئىيلىك بىلەن سۆزلەيدۇ.

15 ـ ئەسىر چاغاتاي ئەدەبىياتىنى مۇشۇ ئەسىر ئىران ئەدەبىياتىدىن ئايرىپ تەتقىق قىلىشقا زادىلا ئىمكانىيەت يوق. چۈنكى، كۆپ ھاللاردا «ھەر ئىككى تىلنى ئوخشاش ئىقتىدار بىلەن قوللانغان» شائىرلار تەرىپىدىن يارىتىلغان بۇ ئەدەبىيات يەنە ئەينى مەدەنىيەت مۇھىتلىرىدا مۇكەممەللىشىپ ئىزىغا چۈشكەن ئىران ئەدەبىياتىغا تامامەن باغلىنىپ قېلىپ، ئۇنى شۇنچىلىك ساداقەتمەنلىك بىلەن يولغا قويغانكى، بۇ جەھەتتە ھازىرلانغان تارىخىي شەرتلەر نەزەرگە ئېلىنمىدىغان بولسا، باشقىلىرىنىڭ خىلمۇ خىل بولۇشىغا ئىمكانىيەت يار بەرمەيدىغانلىقى ئۆزلۈكىدىن مەلۇم بولىدۇ. غەزەل ۋە قەسىدە تۈرلىرىدىن باشقا، قەدىمكى ۋە ھازىرقى تۈرلۈك مەسنەۋى تىپلىرىدا، مۇنازىلىرىدە، مۇئەمماچىلىقتا ھەم ياخشى كۆرىدىغان تىلنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ بۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئومۇمىي بىر تەسەۋۋۇپ روھىنىڭ (تەسىرىنىڭ) ھاكىم بولۇشى شۇ دەۋر ئەجەم شېئىرىدا بولغىنىغا ئوخشاش چاغاتاي شېئىرىدىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ. خاقانىيە دىئالېكتى ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرلىرى ئاخىر ئۇنتۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنداقلا ئۇزاق بىر خاتىرە ھالىتىدە قېلىۋاتىدۇ. قەدىمكى خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ۋە خەلق مۇزىكىلىرى بىلەن يېڭى ئىران ئامىللىرى ئوتتۇرىسىدا پەقەت مۇشۇنداق ئارىلاش شەكىللەرنىڭ ئېھتىياجلىق بولغانلىقىنى كۆرىمىز. گۈزەللىك قىزىقىشىنىڭ بۇ دەۋردە پۈتۈن ئەجەم ئەدەبىياتىغا ھاكىم بولغانلىقى ئېنىقلانغانچە، تۈركىي شائىرلارنىڭ گۈزەل تۈيغۇلار يېزىش جەھەتتىكى خاھىشلىرىنىڭ «تەئەششۇقنامە» ۋە «دەھنامە» گە ئوخشاش، يۇقىرىدا نامى تىلغا ئېلىنغان تۈركىي تىلىدا يېزىلغان مەسنەۋىلەردىكى گۈزەللىككە بولغان قىزىقىشلارنىڭ تامامەن ئەجەم مودىللىرىنىڭ تەقلىدلىرىدىن ئىلگىرى كەلگەنلىكى يەنىلا ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئوسمانلىلار شائىرلىرىغا ئوخشاش چاغاتاي شائىرلىرىنىڭمۇ خەلق ئەدەبىياتىغا ۋە بوغۇم ۋەزنىگە قارىتا تامامەن ئالاقىسىنىڭ يوقلۇقى، يەنە ئەجەم مودىللىرىغا قارىتا ھېس قىلىنغان ھەيرانلىقىنىڭ بىر نەتىجىسى ئىدى. بۇ دەۋردە خەلق ۋە دەرۋىشلەر ئارىلىقىدا ياشىغانلىقى مۇقەررەر بولغان يەسەۋى ئەنئەنىسىگە قارىغاندا، بوغۇم ۋەزنى بىلەن ۋە تۆتلىكلەر بىلەن يېزىلغان سوپىيانە مەنزۇمەلەر كلاسسىك چاغاتاي شائىرلىرى تەرىپىدىن دائىم ئەدەبىياتتىن سىرتتا بولغان نەتىجىلەر قاتارىدا چۈشىنىلىپ كېلىۋاتىدۇ.

تۈركىيچىگە قارىغاندا يەنىلا پارسچە كۆپ يازغان ئادەملەر تەرىپىدىن تامامەن ئالىي سىنىپلار ئۈچۈن بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بۇ كلاسسىك چاغاتاي شېئىرىنىڭ سىرتىدا تۈركىي تىل چەكلىك بىر دائىرىدە قوللىنىلاتتى. ئىلىم ۋە تەسەۋۋۇپ ئەسەرلىرى، تارىخ كىتابلىرى ئومۇمەن پارسچە يېزىلاتتى. 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بۇنىڭغا ئوخشاش ئەسەرلەردىن تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىنغانلار «سىراجەل مۇلۇك»، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» ۋە 14 ـ ئەسىرگە ئائىت بولمىسىمۇ «مىراجنامە» بىلەن «بەختىيارنامە» گە ئوخشاش ناھايىتى چەكلىك ئەسەرلەر بولۇپ، بۇلارنىڭمۇ پارسچىنى ياخشى بىلمەيدىغان بەزى تۈركىي خەلقلەردىن بولغان چىگلارنىڭ نامىغا ئىشلەنگەنلىكىنى تەخمىن قىلغىلى بولىدۇ. 1432 ـ يىلى ۋاپات بولغان ۋە تەسەۋۋۇپقا ئائىت تۈرلۈك ئەسەرلىرى بىلەن شۆھرەت قازانغان شەيخ ھۈسەيىن خارەزمىنىڭ «كاشفەل خۇدا» ناملىق تۈركىيچە «قەسىدەئى بۇردە» شەرھىنى شۇ دەۋر چاغاتايچىسىنىڭ خارەزم شىۋە خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ئارىلاشما شەكلىنىڭ بىر مەزگىل خارەزمنى ئىستىلا قىلغان ئۆزبېكلەردىن ئابدۇلخەيرخان نامىغا يېزىشى، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تۈركىي تىلدا يېزىلغان ئەسەرلەرنىڭ يەنىلا ئىران مەدەنىيىتى تەسىرلىرىدىن خېلىلا يىراقتا

تۇرغان تۈركىي تىل مۇھىتىدا تۇرۇپ يېزىلغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. تېمۇرىيلار شاھزادىلىرى مۇسۇلمان ئىران مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە شۇنچىلىك كۈچلۈك ئۇچرىغانكى، بايسۇنغۇر مىرزا ھافىز ئابرۇغا «زۇبدەتۇل تەۋارىخ» نى، ئىبراھىم سۇلتانمۇ شەرەفىددىن ئەلى يەزدىگە «زەپەرنامە» سىنى يازدۇرۇش ئۈچۈن، زور پىداكارلىقلارغا قوشۇلغان ھالدا بۇلارنى تۈركىي تىلغا تەرجىمە قىلىش ئېھتىياجىنى بىر ئازمۇ چۈشىنىپ يەتمىگەن ئىدى. ھالبۇكى، تېمۇر دەۋرىدە بۇ ئېھتىياجنىڭ چۈشىنىپ يېتىلگەنلىكىنى يۇقىرىدا كۆردۇق. شائىر لۇتفىنىڭ مەنزۇم «زەپەرنامە» تەرجىمىسىنىڭ تېمۇرىيلار سارايلىرىدا ھېچقانداق ھاجىتى قالمىغان بولسىمۇ، بۇ جەھەتتىن خېلى مەنىلىك بىر ئەھۋال ھېسابلىنىدۇ. شاھرۇخنىڭ بۈيۈك ئەمىرى ۋە قەدىمكى تۈركىي ئەنئەنىلىرىنىڭ مۇتەئەسسىپ تەرەپدارى جالالىددىن فىرۇز شاھقا ئوخشاش ئادەملەر ياكى بولمىسا ئارسلان خوجا تارخانغا ئوخشاش خاقانىيە دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى تەرەپدارلىرى 15 ـ ئەسىردە باشلىغان بۇ يېڭى جەريانىنىڭ ئەمەس، خېلى كېيىنكى دەۋرلەرگىچە داۋاملاشقان قەدىمكى بىر ئەنئەنىنىڭ ۋەكىللىرىدىن ئىدى. 15 ـ ئەسىر تېمۇرىيلار شاھزادىلىرىنىڭ سارايلىرىدا بولسا ئۇلارنىڭكىدىن تامامەن پەرقلىق بولغان يېڭى ئىدىيە، يېڭى ھاۋا (مۇھىت) ھۆكۈمران ئورۇندا ئىدى، ھەممىدە مۇسۇلمان ئىران مەدەنىيىتى ھاياتىنىڭ بارلىق مەۋجۇدىيەتلىرىدە ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا تېمۇر جالايىرلىقلار سۇلالىسىنى «ئىران مەدەنىيىتىنى تامامەن ئەينەن قوبۇل قىلىۋالدى» دېگەن بولسا، ھازىرمۇ تېمۇرىيلار شاھزادىلىرى دالا رايونلىرىدا كۆچمەنچىلىك ئەنئەنىلىرىگە سادىق قالغان تاغىلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى «موغۇل بەربەرلىرى» دەپ چۈشەنگەنىدى. پەقەت بۇلارنىڭ بۇنداق بولۇشىغا قارىماي، 15 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قۇدرەتلىك تۈركىي خەلقلەر سەنئەتكارلىرى تەرىپىدىن ئەجەم ئۆرنەكلىرىگە قاراپ ئىشلەنگەن چاغاتايچىنىڭ ماۋەرائۇننەھر، خارەزم ۋە خۇراسان تۈركىي خەلقلىرى ئۈچۈن كلاسسىك بىر ئەدەبىي تىل شەكلىگە كەلگەنلىكىنى ھەم بۇ تىل بىلەن خېلى باي بولغان مەنزۇم بىر ئەدەبىيات قۇرۇلۇشى ئېلىپ بارغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. بۇنى نەۋائى بۇرادەرلىرى بىلەن ئاخىرقى مۇكەممەل دەرىجىسىگە ئېرىشتۈرگۈسى.

## كلاسسىك چاغاتاي دەۋرى
## (نەۋائى دەۋرى)

### 15 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى

ئىمپېراتورلۇقنىڭ پارچىلىنىشى: شاھرۇخنىڭ ئۆلۈمى ئىمپېراتورلۇقنىڭ ئاساسەن خېلى زامانلاردىن بېرى سۇسلىشىپ كەتكەن ئىچكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ پۈتۈنلەي بۇزۇلۇشىغا ۋە بۇ زور بىنانىڭ يىقىلىشىغا سەۋەب بولدى. دۆلەتنىڭ ئاساسىي ئەسكىرىنىڭ كۈچ مەنبەئىنى تەشكىل قىلغان زور قەبىلە بىرلىكلىرى (مەسىلەن: بارلاسلار، ئارلاتلار، تارخانلار ۋە ئارغۇنلار) بېشىدا تۇرغان ئەمىرلەرنىڭ قولىدىكى ۋاستە بولغان شاھزادىلەر ئارىسىدا زېمىنلىرىنى كېڭەيتىش ياكى ئىمپېراتورلۇقنىڭ ئالىي ھاكىمىيىتىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن، ئەسلىدىلا توختاپ قالمىغان (دائىم بولۇپ تۇرغان) ئىچكى ئۇرۇشلار شاھرۇخنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپەيدى. شۇ ۋاقىتلاردا ئەبۇل قاسىم بابىر خۇراساندا، سۇلتان ئەبۇ سەئىد ماۋەرائۇننەھردە ئۇزۇن ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن ۋە ھەربىرى بىردىن قۇدرەتلىك ھاكىمىيەت قۇرۇشقا مۇۋەپپەق بولۇشتى. بابىرنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئەبۇ سەئىد خۇراسان ۋە ئىراننىڭ شىمال ۋىلايەتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈۋېلىپ، جاھانشاھنى

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۆزگە قارشى تۇرغان تېمۇرىيلاردىن بولغان بەزى شاھزادىلەرنى مەغلۇپ قىلىپ جاھانشاھنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئىراقى ئەجەم ۋە كىرمان تەرەپلەرنىمۇ ئىشغال قىلىپ قەشقەردىن ئىراق ھەم ئەزەربەيجانغا قەدەر سوزۇلغان بىر ئىمپېراتورلۇق قۇردى. لېكىن، ئەزەربەيجاننى ئاق قويلۇقلاردىن ئېلىش ئۈچۈن قىلغان ئۇرۇشتا تارخان ئەمىرلىرىنىڭ ئاھانىتى سەۋەبىدىن زىيانكەشلىككە ئۇچراپ، قەتلى قىلىندى. ئۇزۇن ھەسەننىڭ بۇ غەلىبىسىدىن كېيىن تېمۇرىيلارنىڭ ئىراق، پارس ۋە ئەزەربەيجاندىكى ھاكىمىيەتلىرى تەلتۆكۈس ئاخىرلاشتى ھەم بۇ جايلار ئاق قويلۇقلارنىڭ باشقۇرۇشىغا ئۆتتى. تېمۇرىيلار شاھزادىلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرغان ئۇرۇشلار ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساننى، بولۇپمۇ شەھەر ئاھالىسىنى ئىنتايىن زېرىكتۈردى. تۈركمەنلەر بىلەن بولغان ئۇرۇشلار بولسا چاغاتايلارنىڭ ئەسكىرىي كۈچىنى خېلى ھالسىزلاندۇردى. ئۇلۇغبەگ بىلەن ئالائۇددەۋلە ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشلارنىڭ خۇراساندىكى بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئىزنالىرى مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا بىردىنلا تېپىلىۋاتىدۇ. ئەبۇ سەئىدنىڭ سەككىز يىل ھۆكۈم سۈرگەن ھاكىمىيىتى زامانىسىدا بىر ئاز راھەتكە ئېرىشكەن خۇراسان خەلقى ۋە چاغاتاي ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ كېيىنكى يىللىرىدىكى فۇتۇھات (بويسۇندۇرۇش - كېڭەيمىچىلىك قىلىش) تەشەببۇسلىرىدىن بىر ئازمۇ مەمنۇن بولمىغان ئىدى. نەتىجىدە خۇراسان، سىيىستان، تۇخارىستان، جۇرجان ۋە ئاستىراباد رايونلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، ھېراتنى پايتەخت قىلغان سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا تەرىپىدىن قۇرۇلغان ھاكىمىيەت قىرىق يىلغا قەدەر بۇ يەرلەرنى نىسبىي راھەت ۋە تىنچلىققا ئىگە قىلغان بولۇپ، تېمۇرىيلار تارىخىنىڭ ئاخىرقى پارلاق ۋەزىيىتىنى ياراتتى. پەقەت بۇ پارلاقلىق سىياسىي ۋە ئەسكىرىي كۈچ ئارقىلىق كەلگەن غەلىبە بولماستىن، پەقەت پىكىر ھەم سەنئەت ساھەسىدىكى قۇدرەتلىك تەرەققىياتتىن بۇرۇن كەلگەن ئىدى. ئەڭ مۇھىمى ئىككى ئۇلۇغ شەخس، يەنى تەڭدىشى يوق چاغاتاي ئەدىبى ئەلىشىر نەۋائى بىلەن ئۇنىڭ قۇدرەتلىك ھىمايىچىسى سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا بۇ تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي ئامىلى بولدى. شۇنداقلا پايتەخت بولغان ھېراتتا، يەنى بۇلارنىڭ ئەتراپىدا ئىنتايىن جانلىق بىر پىكىر ۋە سەنئەت پائالىيىتى ئۆزىنى شۇنچىلىك كۆرسەتتىكى، تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى تارىخىدا بۇنىڭغا «ھېرات دەۋرى» ياكى «بايقارا - نەۋائى دەۋرى» دېگەن نام بېرىلسە خاتا بولماس ئىدى.

تېمۇرنىڭ غەلىبىلىرى بىلەن ئاخىرقى قېتىم جەڭگە چىقىپ چاغاتاي ئەسكىرىي كۈچىنىڭ يوقىلىشىغا يۈزلەنگەن بۇ دەۋرى تېمۇرىيلار خاندانى ئۈچۈن شۈبھىسىزكى، ئىنتايىن تەلەيسىزلىك ئىدى. ئىراننىڭ غەربىدە ئاق قويلۇقلار ۋە خېلى كېيىنكى دەۋرلەردە سەپەۋى ئىمپېراتورلۇقلىرىنىڭ ماۋەرائۇننەھرنىڭ يوقىرىسىدىكى دالىلاردا بولسا جۇجى شەيبانىلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ھازىرلىغان بۇ دەۋردىن كېيىن، يەنى 16 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساندىكى ئاخىرقى چاغاتاي ئۆلكىلىرى تېمۇرىيلارنىڭ قولىدىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك چىقىپ كەتتى ھەم بۇ بۈيۈك خاندان پەقەت بابۇرنىڭ ھىندىستاندا قۇرغان يېڭى ئىمپېراتورلۇق سايىسىدا تامامەن يوقىلىشتىن ساقلىنىپ قالدى. پەقەت بۇنىڭ ئەكسىچە چوڭ دادىسىنىڭكىگە سېلىشتۇرغاندا ئىنتايىن كىچىك ۋە ئىنتايىن ئاجىز بولغان ھۈسەيىن بايقارا (1469 - 1506) سەلتەنەتىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى تارىخىدا ئىنتايىن پارلاق بىر دەۋرنى تەشكىل قىلغانلىقى ۋە كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك تەرەققىياتىنى مۇشۇ دەۋردە كۆرسەتكەنلىكى چوقۇم ئىدى. خۇراسان تەختىدە تەخمىنەن قىرىق يىل ھۆكۈم سۈرگەن بۇ تەلەيلىك ھۆكۈمدارنىڭ نەۋائى ۋە جامىنىڭ ئىسىملىرى بىلەن باغلانغان ئۇلۇغ نامى بۇ پارلاق دەۋرگە ئۆز تامغىسىنى باسقان. ھۈسەيىن بايقارا دەۋرى پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى ئارىسىدىلا ئەمەس، ئىران، ھىندىستان ۋە تۈركىيىدىمۇ ھەر جەھەتتىن ئىدىيىۋى بىر دەۋر، بىر ئالتۇن دەۋرگە ئوخشاش چۈشىنىلىپ، ئىشتىياق

ۋە ھەيرانلىق بىلەن خاتىرىلەنمەكتە. ئەدەبىيات تارىخى جەھەتتىن نەۋائىي دەۋرى دەپ نام بېرىلىشى ئىنتايىن توغرا بولغان بۇ دەۋردە چاغاتاي تىلىنىڭ ۋە كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ پارلاق تەرەققىياتىنى پەقەت بايقارا دەۋرىدىكى ھېراتنىڭ يۈكسەك مۇھىتلىرىنى نىشان قىلىپ تۇرۇپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

ھۇسەيىن بايقارا دەۋرىدىكى ھېراتتا شاھرۇخنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنكى دەسلەپكى ھۆكۈمەتسىزلىك يىللىرى بىر قىسىم ئاقسۆڭەكلەرنى باشقا تەرەپلەرگە كۆچۈرۈش ئىنتايىن تەسكە توختىدى. لېكىن، ئەبۇل قاسىم بابىرنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىنمۇ سەمەرقەند ھۆكۈمدارى سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ھېراتقا ئورۇنلىشىشى شاھرۇخنىڭ بۇرۇنقى پايتەختىگە يېڭىۋاشتىن قەدىمكى پارلاقلىقنى بەردى. بابىر زامانىسىدا ئىران ۋە خۇراساننىڭ مۇرەككەپ ئەقىدىلىك دەرۋىشلىرى ھەم قەلەندەرلىرى بىلەن تولغان ھېراتتا باشقا تەرەپتىن شاھرۇخ دەۋرى ئەنئەنىلىرىمۇ داۋاملىشىپ كەلدى. پىرى ھېرى، يەنى ھېرات پىرى دېيىلىدىغان ئابدۇللا ئەنسارى كۆلتۇ (تەڭرىگە، ئىلاھ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قوبۇل قىلىنغان مەۋجۇداتلارغا ۋە ياكى تەڭرىنىڭ مەخسۇس مۇھەببىتىگە سازاۋەر بولغان مەۋجۇداتلارغا كۆرسىتىلگەن ھۆرمەتتىن ئىبارەت) باي ۋەخپىلىرى بىلەن بىرگە خەلق ئارىسىدا ياشاۋاتىدۇ. خۇراسان سوپىلىرىنىڭ پانتېئىست كۆز قاراشلىرىنى ئەپكۈرىيەن (سەنئەتلىك؟) بىر ھايات ئۇقۇمى بىلەن بىرلەشتۈرگەن بابىردىن كېيىن ھېراتقا ھاكىم بولغان سۇلتان ئەبۇ سەئىد سىياسىي ئىشلارنى قىلىش بىلەن بىرگە، نەقشىبەندىلىك تەرىقىتىنىڭ ئەڭ بۈيۈك ۋەكىلى سەمەرقەندلىك شەيخ ئۇبەيدۇللا ئەھرارغا قول بەرگەن تەقۋادار مۇسۇلمان ھۆكۈمدار ئىدى؛ ناھايىتى كۆپ مالىيىگە ئېھتىياجلىق بولۇشىغا قارىماي، ئۇنىڭ سىر ساقلىشى بىلەن سەمەرقەند ۋە بۇخارانىڭ شەھەرلىك خۇسۇسىيىتى ساقلاپ قېلىنغان ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە سەمەرقەندكە كەلگەن يېڭى ئەمەلدارلار، بولۇپمۇ ئارغۇن ئەمىرلىرى ھېراتنىڭ شاھرۇخ ئائىلىسىگە مەنسۇپ قەدىمكى ئاقسۆڭەكلىرىنى ۋە تارخان ئەمىرلىرىنى ئىككىنچى پىلانغا كىرگۈزۈپ، مال - مۈلۈك ۋە كۈچ مەنبەلىرىنى ئۆز ھېسابلىرىغا ئىشلەتمەكچى بولۇشتى. ھۆكۈمدارنىڭ مۇتەئەسسىپلىكىدىن پايدىلىنىپ، دىنسىزلىق ۋە يەھۇدىيلىك تۆھمىتى بىلەن بىرمۇنچە بايلارنى ئۆلتۈرگەن، شەھەرنىڭ ئىشسىز ئابداللىرىنى ئەتراپىغا توپلاپ گۇمانلىق ۋاستىلەر بىلەن باي بولغان چوڭ ئەمەلدارلارنىڭ بۇ دەۋردە يوق ئەمەسلىكىنى تارىخىي مەنبەلەردىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئەمما، سۇلتان ئەبۇسەئىد مۇشۇنىڭغا ئوخشاش يولسىزلىقلاردىن خەۋەر تاپقان ھامان سۈرۈشتۈرۈپ ئۆلتۈرماي دەرھال ئەڭ ئېغىر جازالار بىلەن جازالايتتى ۋە خەلقنىڭ زۇلۇمغا ئۇچرىماسلىقى ئۈچۈن، قولىدىن كەلگىنىچە ئىشلەيتتى. زاماندىش تارىخچىلار ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئېھتىياتچانلىقىنى ۋە ئادالىتىنى ئالاھىدە تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىدى. قەدىمدىن بېرى زور بىر تىجارەت مەركىزى بولغان ھېراتتا، بۇ دەۋردە ناھايىتى كۆپ سەرمايىگە ئىگە بولغان بايلارنىڭ بار ئىكەنلىكى، ھەتتا ئەبۇسەئىدنىڭ بەزىدە ئۇلاردىن قەرز ئالغانلىقى مەلۇم. بۇ دەۋردە سەمەرقەندتىمۇ نۇرغۇن سەرمايىلەرنىڭ توپلانغانلىقىنى ئۇبەيدۇللا ئەھرار ھەققىدىكى ھېكايىلەردىن بىلگىلى بولىدۇ. ئۇ كەڭ زېمىندىن ئالغان زىرائەت مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش ئارقىلىق ئېرىشكەن پۇللىرىنى سودىگەرلەرگە بېرىپ ئىشلەتكەنلىكىنى، بۇلارنىڭ بىر تەرەپتىن ئاناتولىغا ۋە باشقا تەرەپتىن غەربىي تۈركىستانغا كارۋانلار ماڭغۇزغانلىقلىرىمۇ يەنىلا شۇ مەنبەلەردىن مەلۇم بولىدۇ. ئەمما، ھېرات پەقەت سىياسىي ۋە تىجارەت مەركىزى بولۇپلا قالماستىن، سانائەت مەركىزى، بولۇپمۇ زور ئىقتىسادىي پائالىيەتكە سەھنە بولغان ئىدى. ئەبۇ سەئىد دەۋرىدە بۇ يەردە بولغان بىرقانچە قېتىملىق تەبرىكلەش، قۇتلۇقلاشلارغا خۇسۇسىي كەسىپداشلار ئۇيۇشمىسى ۋە بازارلىرى بولغان ھېرات ئۇششاق تىجارەتچىلىرىنىڭمۇ خېلى كۆپ ساندا

www.uyghurkitap.com

قاتناشقانلىقى كۆزگە چېلىقىدۇ. ھەتتا بۇ ھۈسەيىن بايقارانىڭ خېلى كېيىنكى دەۋرىدىمۇ كۆرۈلىدۇ. ھېرات بازارلىرىنىڭ بۇ ئەھمىيىتى ئۇ جايلارنى تەكشۈرۈشكە مەجبۇر بولغان مۇھتەسىبلىك (شەھەرلىك ھۆكۈمەت خىزمەتچىسى) ۋەزىپىسىگە شەرئى ماھىيىتى ئېتىبارى ۋە توغرىلىقلىرى بىلەن تونۇلغان بىرمۇنچە ئالىملارنىڭ ھەم ئاقساقاللارنىڭ تەيىنلەنگەنلىكىمۇ مەلۇم. شەھەر خەلقىنىڭ شەرئەت ھۆكۈملىرىگە رىئايە قىلىشلىرىنى، ئومۇمى كۆڭۈل ئېچىش سورۇنلىرىنى ئېچىشقا كاپالەتلىك قىلغان ۋە ئۇنىڭغا مەسئۇل بولغان خىزمەتچىلەرنىڭ (خادىملارنىڭ) ئەبۇ سەئىد دەۋرىدە ئىنتايىن يۇقىرى ئابرويغا ئىگە ئىكەنلىكلىرى مەلۇم بولۇپ، كېيىن ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدىمۇ خەلقنى رازى قىلىش مەقسىتى بىلەن شۇ ئەنئەنىگە رىئايە قىلغان ئىدى. ھۈسەيىن بايقارا سەلتەنەت سۈرگەن دەۋردە ھېراتنىڭ ناھايىتى كېڭىيىپ، باي بولغانلىقىنى، يەنى يېڭى سارايلار، باغچىلار، جامەلەر، مەدرىسلەر ۋە دوختۇرخانىلار بىلەن بېزەلگەنلىكىنى، شەھەر ئەتراپىدىكى باياشاتلىق ھەم سۇغىرىش ئۇسكۇنىلىرىنىڭ ۋاستىسى بىلەن زىرائەتلەرنىڭ ۋە باغۋەنچىلىكنىڭ ناھايىتى تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلدۇق. باغى سەبز، باغى سەفىد ھەم باغى زاگانغا ئوخشاش قەدىمكى سارايلارغا قوشۇمچە قىلىپ، ھۈسەيىن بايقارا سالدۇرغان باغى جاھانئارا ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، يېڭى دەۋر ئادەملىرى سالدۇرغان سارايلار ۋە داچىلار شېئىرنىڭ، مۇزىكىنىڭ، رەسىم ھەم يېزىقچىلىق سەنئەتلىرىنىڭ تەرەققىيات مەركەزلىرى ئىدى. بابىر بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋە بۇ يەردىكى باياشات ھايات كۆرۈنۈشلىرىنى ئىنتايىن جانلىق قىلىپ تەسۋىرلىگەن ئىدى. شەھەردە توپلانغان نۇرغۇن بايلىق ھەر تۈرلۈك ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرنىمۇ كۆپەيتكەن ئىدى. بۇرۇنقى دۇكان ۋە بازارلار يېڭىدىن قۇرۇلغانلىرى بىلەن قوشۇلۇپ تېخىمۇ كېڭەيدى ھەم قول ھۈنەرۋەنچىلىك ئۇيۇشمىلىرى تېخىمۇ روناق تاپتى. ھېراتقا تۇتاشقان زور تىجارەت يوللىرى ئۈستىدىكى مۇشۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن بىرمۇنچە يېڭى ـ يېڭى مېھمانخانىلار، ئۆتەڭلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بۇنىڭ ئەڭ تىپىك مىسالى ھېسابلىنىدۇ. ھۈسەيىن بايقارا سەلتەنىتىنىڭ دەسلەپكى يىللىرىدا مالىيە خىزمەتچىلىرىنىڭ يولسىزلىقلىرىغا ۋە زۇلۇملىرىغا قارشى ئىسيان قىلغان ھېرات خەلقىنى ئۆزگە بويسۇندۇرۇش ئۈچۈن بەزى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى قوللاندى. يادىگار مۇھەممەدنى قوغلىۋېتىپ، پايتەختنى قايتا ئىگىلىگەن ھامان تېخىمۇ ئادىل بولغان بىر رەھبەرلىك ئورگىنى قۇرۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى ۋە خەلقتىن ئېلىنىدىغان بەزى باج ـ سېلىقلارنى ئىككى يىلغىچە كەچۈرۈم قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بۇيرۇق چىقاردى. لېكىن، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەدبىرلەرنى قوللانغانلىقىغا قارىماي، كەرت سۇلالىسى زامانىسىدىن بېرى ئېلىنىپ كېلىنىۋاتقان بىرمۇنچە ئېغىر باج ـ سېلىقلارنىڭ بايقارانىڭ كېيىنكى يىللىرىغا قەدەر داۋاملىشىپ كەلگەنلىكى، مالىيە باشقۇرغۇچى خادىملىرىنىڭ زۇلۇملىرىنى تەسۋىرلىگەن دەۋلەتشاھنىڭ ئىپادىسى ھەم نەۋائىينىڭ بەزى ئەسەرلىرىدىكى شىكايەتلەر ھېراتتىكى كەمبەغەل سىنىپلارنىڭ، ئومۇمەن خۇراسان دېھقانلىرىنىڭ بۇ دەۋردىمۇ قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلالمىغانلىقىنى كۆرسەتكەن ئىدى. بۇ دەۋرنىڭ بايلىقى ۋە دەبدەبىسىدىن پايدىلانغانلار پەقەت چوڭ يەر ئىگىلىرى، باي سودىگەرلەر ھەم دۇكاندارلار بىلەن بىرگە چوڭ ئەمەلدارلار ئىدى.

پەقەت ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ مۇكەممەل ئىنسانىي ۋە مەدەنىي مۇئەسسەسەسى بولغان ۋەخپىلەر سايىسىدا شەخسىي مال ـ مۈلۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان تەرزدە ئىشلىتىلگەن ئىدى. پەقەت مائارىپ ۋە قاتناش ـ ترانسپورت

مەسىلىلىرى (مەكتەپلەر، مەدرىسىلەر، كۇتۇپخانىلار، يوللار، كۆۋرۈكلەر، كارۋان سارايلار) ئەمەس، ئىجتىمائىي ياردەم مەسىلىسىمۇ (دوختۇرخانىلار، ئىمارەتلەر، مۇنچىلار ۋە دورىخانىلار) ئاشۇ خىل ۋاستە بىلەن بىر تەرەپ قىلىنغان ئىدى. ھۆكۈمداردىن كېيىن دۆلەتنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ھەم ئەڭ باي ئادەملىرىدىن بىرى بولغان ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ھېرات ۋە خۇراساندا ئۈچيۈز يەتمىش خەير - ساخاۋەت مۇئەسسەسەسى قۇردۇرۇپ، بۇلارنى باشقۇرۇش ئۈچۈن خۇسۇسىي ۋەخپە ئىدارىسى قۇرغانلىقىنى، دەۋلەتشاھنىڭ مەلۇماتىدىن قارىغاندا، بۇ ئىشقا بەش يۈز تۈمەن قىممىتىدە مال - مۈلۈك ۋەخپە قىلغانلىقىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، بۇ جەھەتتە ئېنىق بىر پىكىرگە ئىگە بولالايمىز. ھۆكۈمدار ئالدى بىلەن باشلاپ بەرگەن، دۆلەت (ھۆكۈمەت) خىزمىتىدە بولۇۋاتقان بارلىق ئادەملەرنىڭ ۋە بۇرژۇئازىيىنىڭ يۇقىرى تەبىقىسىگە مەنسۇپ بولغان بايلارنىڭمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇئەسسەسەلەر قۇرغانلىقلىرىنى ئۇنتۇپ قالغىلى بولمايدۇ. ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدە ۋەخپىلەرنىڭ شۇ قەدەر كۆپ بولغانلىقى، بۇ مۇئەسسەسەلەرگە ئومۇميۈزلۈك نازارەتچىلىك قىلىش ۋەزىپىسى بىلەن ئىسلام قائىدىسىگە ئاساسەن پىتر ۋە زەكات بېرىش مەجبۇرىيىتى بولغان سادارەت (ئوسمان پادىشاھلىقى دەۋرىدىكى باش مىنىستىرلىككە بېرىلگەن نام) مەمۇرىيىتىنىڭ ئىشلىرىنى نۇرغۇن ئادەمنىڭ كۆرۈشىگە ئىمكانىيەت بولمىغانلىقتىن بۇنى پەقەت ئىككى باشلىق كۆرگەنلىكىمۇ مەلۇم. ھېراتنىڭ مۇشۇ دەۋرىدىكى مەشھۇر مەدرىسىلىرى ئىچىدە قەدىمكى نىزامىيە مەدرىسەسى ۋە گەۋھەرشاد ئاغانىڭ مەدرىسەئى ئۇليا بىلەن ھۈسەيىن بايقارا سالدۇرغان سۇلتانىيە، نەۋائى سالدۇرغان ئىخلاسىيە مەدرىسەلىرى ۋە مەدرىسەئى غىياسىيە ئەڭ مۇھىم ئوقۇتۇش مۇئەسسەسەلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئىخلاسىيە مەدرىسەسىنىڭ ئىككى مۇدەررىسىنىڭ ھەر بىرىگە يىلدا بىر مىڭ ئىككىيۈز ئالتۇن ۋە يىگىرمە تۆت يۈك ئاشلىق، يىگىرمە ئىككى تالىبىنىڭ ھەر بىرىگىمۇ تەھسىل قىلىش دەرىجىسىگە قاراپ يىگىرمە تۆت ئالتۇندىن ئون ئىككى ئالتۇنغا قەدەر ئايلىق ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئاشلىق بېرىلەتتى. پۇلنىڭ ئۇ دەۋرىدىكى ئېلىم - سېتىم قىممىتىدىن قارىغاندا، بۇ خىراجەتنىڭ يۇقىرىلىقى ئىلىم ئەربابىغا بېرىلگەن قىممەتنىڭ دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ. يەنە نەۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» ناملىق ئەسىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ چوڭ شەھەردىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي تەبىقىلەرنى ۋە بۇلارغا تەۋە بولغان ئىقتىسادىي ھەم ئىجتىمائىي شەرتلەرنىمۇ ئۆگىنىۋالدۇق.

بۇ زامانغا ئائىت خېلى باي ئەدەبىي ۋە تارىخىي مەنبەلەر، مەسىلەن: ۋاسىفىينىڭ «بەدايىئۇل ۋەقەئى» غا ئوخشاش خاتىرە تىپىدىكى جانلىق ئەسەرلەر ۋاسىتىسى بىلەن ھۈسەيىن بايقارا دەۋرىدىكى ھېراتتا ياشىغان ئاقسۆڭەك سىنىپلارنىڭ كۈندىلىك ھاياتلىرىنى، ياز ۋە قىشتىكى كۆڭۈل ئېچىش يىغىنلىرىنى، مۇزىكا ۋە شاراب قاتارلىق نەرسىلىرىنى، ۋەز ھەم نەسىھەت مەجلىسلىرىنى، رەسمىي كۈنلەردە ئېلىپ بېرىلغان كاتتا مۇراسىملارنى، ئومۇمىي كۆڭۈل ئېچىشلارنى ۋە زىياپەتلەرنى، ئوۋ ئارقىلىق كۆڭۈل ئېچىش ئىشلىرىنى، ئات بەيگىلىرىنى، پالۋانلارنىڭ چېلىشلىرىنى، ماتەم مۇراسىملىرىنى، مەدرىسە ۋە خانىقا ھاياتىنى، تۈرلۈك تەبىقىلەرگە خاس كوستۇم (كىيىم - كېچەك) لەرنى، ئۆيلىرىنىڭ ياسىلىش (بېزىلىش) شەكىللىرىنى، چالغۇ ئەسۋابلىرىنى، ھەرقايسى سىنىپنىڭ ياشاش قائىدىلىرىنى ۋە سارايلاردا تۈزۈلگەن توختاملارنى خېلى بىلىۋالدۇق. ئەلىشىر نەۋائى كاتتا بايلىقى، سىياسىي نوپۇزى، يۇقىرى مەدەنىيىتى، نازاكەتلىكلىكى، كەمتەرلىكى، خۇش پېئىللىقى ۋە ئۆتكۈر زېھنى بىلەن ھېرات ئاقسۆڭەكلەر جەمئىيىتىنىڭ ھەم سەنئەت ساھەسىنىڭ ئەڭ پارلاق ۋەكىلى، ئەڭ مۇھىمى غۇرورى ۋە پەخرى ئىدى. پىكىر ۋە سەنئەتكە

www.uyghurkitap.com

قارىتا ئىنتايىن سەمىمىي مۇناسىۋەت ئورناتقان بۇ يۇكسەك نوپۇزلۇق مۇھىت ئەدەبىيات ھەم سەنئەت ھەرىكەتلىرىنى ماددىي، مەنىۋى شەكىلدە ھىمايە قىلىدۇ. تېخىمۇ توغرىسى بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ مۇددىئاسىنى بەلگىلەيدۇ. پەقەت خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھرنىڭ باشقا مەدەنىي مەركەزلىرى بىلەن ئەمەس، پارس ۋە ئىراقنىڭ، تەبرىز ۋە ئىستانبۇلنىڭ ئەدەبىي مۇھىتلىرى بىلەنمۇ زىچ ئالاقىلاردا بولغان بۇ ھېرات جەمئىيىتىنى ئېچىدىن بىلمىگىچە، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ ھەم سەنئىتىنىڭ روھىنى بىلىش، بولۇپمۇ كلاسسىك چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرگەن تارىخىي ئامىللار ھەققىدە بىرەر پىكىرگە ئىگە بولۇش مۇمكىن ئەمەس. خۇددى «بابۇرنامە» گە ئوخشاش، ۋاسىفىنىڭ «بەدايىئۇل ۋەقەئى» سىمۇ ئەمدى بۇ جەھەتتىن تەڭداشسىز مەنبەلىك قىممىتىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ يەردە شۇنى مىسال قىلىپ كۆرسىتىش مۇمكىنكى، ھېراتقا يېرىم پەرسەخ كېلىدىغان جايدىكى چاھارباغدا ھىجرىيە 897 (مىلادىيە 1491 ـ 1492) ـ يىلى نەۋائى بىلەن شۇ مەزگىللەردە بىرگە خىزمەت قىلغان خوجا مەجىددىن مۇھەممەدنىڭ بىر قېتىملىق كۆڭۈل ئېچىشقا قاتناشقانلىق ئەھۋالىنى بىلدۈرگەن بولۇپ، بۇ پەۋقۇلئاددە مۇھىم ئىدى. بۇ مەجلىستە ھافىز بەشىر، ھافىز ھەسەن، ئەلى ۋە شاھ مۇھەممەدكە ئوخشاش ئەڭ تونۇلغان ناخشىچىلار، ھەسەن نايى، قۇل مۇھەممەد ئۇدى، ھەسەن بالابانى، ئەھمەد غىجەكى، كىچىك ئەلى تەنبۇرى قاتارلىق ماھىر سازەندىلەر ۋە ھېراتنىڭ گۈزەللىرى قاتارىدا تونۇلغان يەتتە ـ سەككىز ياشمۇ بار ئىدى. باشقا تەكلىپ قىلىنغۇچىلار بولسا بەنائى، ئاشافى، ئەمىر سۇھەيلى، سەيفى بۇخارى، رىيازى تۇربەتى، مىرسەر بەرەھنە، بۇرھان كانىڭ، مىرخەند، مۇئىن ئەسفىزارى، ھۇسەين ۋائىز، خەلىل شەھھاف، خەتتات مۇھەممەد خەۋافى ۋە ئابدۇلۋاسى مۇنشى قاتارلىق شۇ دەۋرنىڭ ئەڭ تونۇلغان شائىر ھەم سەنئەتكارلىرى ئىدى؛ زىياپەتتە تۈرلۈك ـ تۈرلۈك شەربەتلەر، مەجۇنلار، مېۋىلەر ۋە پالۇزە (كراخمال پاراشوكى ۋە شېكەر بىلەن ياسالغان بىر خىل يېمەكلىك) لەردىن باشقا، قىرىق تۈرلۈك نەپىس يېمەك يېيىلگەن ئىدى. بۇ مەجلىستىكى سۆھبەتلەر ۋە لەتىپىلەر بۈگۈنكى چۈشەنچىلىرىمىزگە قارىغاندا، خېلى ئوچۇق ۋە ھېچقانداق مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئالمىغان بولۇپ، شۇ دەۋر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا چوڭقۇر مەنىلىك سۆز ھەم نازاكەتلەر بىلەن تولغان ئىدى. ھالبۇكى، نەۋائى باشچىلىقىدىكى بۇ چاقىرىلغۇچىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ياشلىرى بىر يەرگە بېرىپ قالغان (كامالەتكە يەتكەن)، پانتېست ئەقىدىلىرىگە ئىگە ئادەملەر ئىدى. بۇ دەۋردىكى ھېرات جەمئىيىتىنىڭ بۇ يۇقىرى سىنىپلىرىنىڭ پسىخولوگىيىسىنى بىلىش ئۈچۈن، ۋاسىفى بىلەن بابۇرنىڭ ئەسەرلىرىدىن باشقا ھۇسەين بايقارانىڭمۇ ياكى ئەمىر كامالىددىنىڭمۇ تېخى كىمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكى تېخىچە ئايرىلمىغان «مەجالىسۇل ئۇششاق» تىمۇ ئىنتايىن مۇھىم مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. پىكىر ۋە ھېس ئېتىبارى بىلەن كۆپ تەتقىق قىلىنىش بىلەن بىرگە، كاباخۇرافەلەر (ئاساسسىز ئېتىقادلار) غا ئېتىقاد قىلىنىشتىن قۇتۇلالمىغان. سەمىمىي دىندار ۋە مۇتەسەۋۋۇپ (تەسەۋۋۇپنى تارقىتىشقا تىرىشقۇچى) بولۇشلىرىغا قارىماي، ئەركىن ـ ئازادە، ئويۇن ـ تاماشا بىلەن كۈن كەچۈرگەن بۇ ھېرات ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ ھىمايىلىرى ئاستىدا ئايلىنىپ يۈرگەن بارلىق گۈزەل ـ سەنئەت تارماقلىرىغا ئوخشاش، ئەجەم ئەدەبىياتىنىڭ ۋە كلاسسىك چاغاتاي شېئىرىنىڭمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىششىمۇ تەبئىي ئىدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

# فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى ياكى جەۋانمەردلىك تەرىقەتى
## (مەردانىلىك يوسۇنلىرى)

مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى

مۆھتەرەم كىتابخان! مەۋلانا ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى شەرقنىڭ مەشھۇر ئەللامەلىرىدىن بىرىدۇر. ئۇ ئەخلاق، تارىخ، تەسەۋۋۇپ، نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، رىيازەت، فىقھى ساھەلىرىگە دائىر قىرىقتىن ئارتۇق ئەسەر ياراتقان.

كاشىفىنىڭ كىتابخانلارغا تەقدىم قىلىنىۋاتقان بۇ «فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى ياكى مەردانىلىك يوسۇنلىرى» رىسالىسى «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»، «رىسالەئى ھاتەمىيە» ئەسەرلىرىگە ئوخشاش 500 يىل داۋامىدا ئەدەپ ـ ئەخلاق دەستۇرى سۈپىتىدە قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ، زور قىزىقىش بىلەن ئوقۇلۇپ كەلگەن. بۇ نادىر رىسالە ناھايىتى زور تەربىيىۋى ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئەسەرنى پارس، تاجىك تىلىدىن نەجمىدىن كامىلوف تەرجىمە قىلغان بولۇپ، 1994 ـ يىلى تاشكەنت ئابدۇللا قادىرى نامىدىكى خەلق مىراسى نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

## مەردانىلىك يوسۇنلىرى ھەققىدە

ئۆمرىنى دوستلار خىزمىتىگە بېغىشلاش، پەقەت ياخشىلىقنى ئويلاپ، ھارماي ـ تالماي ياخشىلىق قىلىش، ئېزگۇ خۇلۇق ـ مىجەزگە ئىگە بولۇش، بارىنى ئۆزگىلەر بىلەن بىللە كۆرۈش، موھتاجلارغا ياردەم بېرىش، پىرۇ ئۇستازلار، دوست ـ بۇرادەرلەرنىڭ نومۇسى، شەرىپىنى قوغداش، ئىچكى ـ تاشقى جەھەتتىن پاك بولۇپ، پاكىزە ئىنسانلار سۆھبىتىنى قولغا كەلتۈرۈش ... بۇ خىيال ياكى ئەپسانە ئەمەس. بىرەر بەدىئىي ئەسەرنىڭ ئېدىئال قەھرىمانىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى ھەققىدە سۆزلەۋاتقىنىمىزمۇ يوق. شۇنداق سۈپەتلەرنى ئۆزىدە مۇجەسسەملىگەن ئىنسانلار بىزنىڭ تارىخىمىزدا بولغان. ئۇلار ناگان ـ ناگاندا ئۇچرايدىغان ئالاھىدە قىممەتلىك شەخسلەرمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ خىل كىشىلەر كۆپ ئىدى. جامائەت بولۇپ ئۇيۇشۇپ ئۆز نىيەت ـ ئىقباللىرىنى ئەمەلگە ئاشۇراتتى. ئۇلار جەۋانمەردلەر، ئەخىيلەر، ياكى فەتىيلەر دەپ ئاتىلاتتى. قەدىمكى خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر شەھەرلىرىدە 10 ـ ئەسىردىن باشلاپ جەۋانمەردلىك ياكى فۇتۇۋۋەتچىلىك ھەرىكىتى خېلى كەڭ ئەۋج ئالغانىدى. فۇتۇۋۋەتچىلەر مۇئەييەن قائىدە ـ تەلەپلەرگە رىئايە قىلىپ، مەنىۋى ۋە جىسمانىي يېتۈكلىككە ئىنتىلەتتى. قەيەردە بولمىسۇن، نېمە ئىش بىلەن شۇغۇللانمىسۇن، مەردلىك ۋە ئالىيجانابلىق نەمۇنىسىنى يارىتىپ، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىككە قارشى كۆرەش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دۇنيا بايلىقى ئەمەس، ئىنسان قەدرى ئۈستۈن تۇراتتى. جەۋانمەردلەر ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرگە نەزەر ـ كۆز بىرىنىمۇ سېلىپ قويمايتتى. بەلكى ئۇنى دۇنيا تەرەققىياتى

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

ئۈچۈن بىر ۋاستە، دەپ قارايتتى، خالاس. ئەرەب سەيياھى ئىبن بەتۇتا (13 ـ ئەسىر) «ساۋابنامە» ناملىق كىتابىدا: «مەن دۇنيانى كېزىپ يۈرۈپ، بۇنداق ئادەملەر (جەۋانمەردلەر) دىن باشقا، ياخشى نىيەتلىك ۋە ياخشى خۇلۇقلۇق كىشىلەرنى كۆرمىدىم. شىراز ۋە ئىسپاھان ئاھالىسى گەرچە ئۆزلىرىنى جەۋانمەردلەرگە ئوخشاتسىمۇ، ئەمما ئۇلار (خارەزم ۋە ماۋەرائۇننەھر جەۋانمەردلىرى) غېرىب مۇساپىرلارغا كۆيۈنۈش ۋە مېھماندارچىلىق قىلىشتا ئۇلاردىن ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇلارنى (جەۋانمەردلەرنى) ئىراقتا شاتىر، خۇراساندا سەردەبەر، مەغرىبتە (ئاندالوزىيادا) سوكرا دەپ ئاتىشاتتى. ئۇلاردا تەبىئىي ھالدا ئادالەت يوسۇنلىرى شۇنداق راۋاجلانغان ئىدىكى، ئۇلارنىڭ لەشكەرگاھلىرى، خانەلىرىدە ئالتۇن ـ كۈمۈش ۋە تەڭگىلەر يەردە چېچىلىپ ياتىدۇ. ئىگىسى تېپىۋالمىغۇچە ھېچكىم بۇ پۇللارغا تەگمەيتتى» دېگەنىدى.

جەۋانمەردلەر ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان ھۈنەرۋەنلەر، سىپاھلار، كوچىلاردا ئويۇن قويغۇچى خەلق تىياتىر ۋەكىللىرى، پەھلىۋانلار، قىزىقچىلار ۋە باشقا تائىپىلەردىن تەشكىل تاپقان. ئۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئۆز جامائەسى، پىرى، تەلىم بەرگۈچى ئۇستازلىرى، يېغىلىدىغان جايلىرى بولغان. پىرغا قول بەرگەن ۋە ئۇستاز ئالدىدا ئەھدۇپەيمان قىلىپ، مەردلىك بەلۋېغىنى بېلىگە باغلىغان جەۋانمەردلەر بىر ئۆمۈر ئۆز ئەھدىگە سادىق بولۇشقا ئىنتىلگەن. ئۆز شەخسىي ھاياتىنى ئاۋام ھاياتى، بۇرادەرلىرى ئۈچۈن پىدا ئەتكەن. جەۋانمەردلەر جامائىتىگە قوبۇل قىلىنغان ياش يىگىت («فاتىئى» دېگىنى ھەم جەۋانمەرد، ھەم ياش مەرد يىگىت دېگەن مەنانى بىلدۈرىدۇ) پەرزەنت دەپ ئاتىلىپ، ئۇنىڭ بېلىگە ئەھدە بەلۋېغىنى باغلىغان ئۇستاز بولسا، ئاتا دەپ ئاتالغان. جەۋانمەردلەر ئەنە شۇ تەقلىدتە بىر ـ بىرىگە ئاكا ـ ئۇكا، بۇرادەر ھېسابلىنىپ ئۆز يېقىنلىرى ئۈچۈن جېنىنى بېرىشكە تەييار تۇرۇشاتتى. يەنە بىر ئەرەب ئالىمى ئىبن ھەۋقەل ماۋەرائۇننەھر جەۋانمەردلىرى ھەققىدە مۇنداق ھېكايە قىلىدۇ: «ماۋەرائۇننەھر خەلقىنىڭ جەۋانمەردلىكى شۇ دەرىجىدە ئىدىكى، گويا ھەممىسى بىر ئۆينىڭ ئادەملىرىدەك، بىرەرسى باشقىسىنىڭ ئۆيىگە بارسا، خۇددى ئۆز ئۆيىگە كىرگەندەك بولىدىكەن. ئارتۇقچە مېھماندوستلۇقنىڭ سەۋەبىدىن كېچىسى كېلىپ قالغان مېھمانلارمۇ خىجىللىق ھېس قىلمايدىكەن. مېھماننى تونۇمايدىغانلارمۇ ھېچبىر ھەق تەلەپ قىلماستىن ئوخشاشلا مېھرىبانلىق كۆرسىتىدىكەن».

جەۋانمەردلەر مەزلۇملارغا ماددىي ياردەم بېرىشتىن تاشقىرى، يەنە زالىم شاھلار ۋە يەرلىك ھاكىملارنىمۇ ھىمايە قىلاتتى ھەم ئۇيۇشۇپ تاشقى دۈشمەنلەرگە قارشى كۈرەش قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئاتاقلىق لەشكەر باشلىقلىرى، خەلق قەھرىمانلىرى يېتىشىپ چىققان. ئالىملاردىن ئەبۇمۇسلىم، مۇقەننا، ياقۇپ ئىبن لەئىس، مەزائىرە، مەھمۇد تەرابىيئى قاتارلىقلار ئەرەب، موغۇل باسقۇنچىلىرىغا قارشى جەڭلەردە باشچىلىق قىلغان قەھرىمانلار، جەۋانمەردلەر ۋەكىلى ھېسابلىنىدۇ. ئىبن بەتۇتانىڭ سەربەدارلارنى جەۋانمەردلەر دەپ ئاتىشى ئەنە شۇنى ئىسپاتلايدۇ. بىراق، شۇنىمۇ ئېيتىش كېرەككى، 10 ـ، 13 ـ ئەسىرلەردە فېئودال ھۆكۈمرانلارغا قارشى كۆچمەن قەبىلە ـ ئۇرۇقلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق يۈرۈشلىرىگە نىسبەتەن شەھەر ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ نارازىلىقىنى ئىپادىلىگەن جەۋانمەردلىك ھەرىكىتى 15 ـ ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئاستا ـ ئاستا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى يوقىتىشقا قاراپ يۈزلەندى، يەنى ھۆكۈمران سىنىپلارغا قارشى تۇرۇشتىن بارچە تەبىقە ـ تائىپىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، ئۇيۇشتۇرۇش ھەرىكىتىگە ئايلاندى. ئەمدى، پەقەت ئوتتۇرا تەبىقىدىكى ھۈنەرۋەنلەر، سودىگەرلەر، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئەھلىلا ئەمەس،

بەلكى شاھزادىلەر، بايلار، ئەمىر ۋە ئەمىرزادىلەر ئىچىدىمۇ فۇتۇۋۋەتكە ئەزا بولۇش، ئۇنىڭ قائىدە - نىزاملىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئىنتىلىش خاھىشى پەيدا بولغان ئىدى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ بەربىر فۇتۇۋۋەتنىڭ ئاساسلىق كۈچىنى يەنىلا شەھەر ھۈنەرۋەنلىرى تەشكىل قىلغان ئىدى.

فۇتۇۋۋەت ھەققىدە ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا يېزىلغان كىتابلار ئازراق. ئۇندىن باشقا مەشھۇر پەندىنامىلەر، تەسەۋۋۇپ ھەققىدىكى رىسالىلەردە جەۋانمەردلەرنىڭ قائىدە - يوسۇنلىرى، ئەدەپ - ئەخلاقلىرى ھەققىدە پىكىر ۋە كۆز قاراشلار شەرھلەنىدى. 15 - ئەسىردە ھېراتتا ياشىغان ئاتاقلىق تاجىك يازغۇچىسى ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفىنىڭ «فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى» ناملىق رىسالىسى بۇ ئىلىمنىڭ نۇرغۇن قائىدە - نىزاملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغانلىقى، ساددا ۋە راۋان تىلدا يېزىلغانلىقى بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ۋائىز كاشىفى «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن»، «ئەنۋارى سۇھەيلىي»، «رىسالەئى ھاتەمىن»، «لەۋامىئۇل قەمەر»، «لۇببى لۇبابى مەسنەۋى»، «مەھبۇبۇل زۇھەل»، «بەدائىئۇل ئەفكارفى سەنائىئۇل ئەشئار»، «تەفسىرى ھۇسەينىي»، «جەۋاھىرات تەفسىر» قاتارلىق كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى ئىدى. سۆز ئۇستىسى، شائىر، ھەر تەرەپلىمە بىلىملەرنى پۇختا ئىگىلىگەن كاشىفى ئەلىشىر نەۋائىنىڭ مۇخلىسى ۋە دوستى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ «تەفسىرى ھۇسەينىي»، «جەۋاھىرات تەفسىرى ئەل تۇھفەتۇل ئەمىر» ناملىق ئەسەرلىرىنى نەۋائىغا بېغىشلىغان. نەۋائى «مەجالىسۇن نەفائىس» دا ۋائىز كاشىفى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ: «مەۋلانا زۇفۇنۇن ۋە رەڭگىن ۋە پۇركار ۋاقىئ بولۇپتۇر. ئاز فەن بولغايكىم، دەخلى بولماغاي، خۇسۇسەن، ۋائىز، ئىنشا ۋە نۇجۇمكىم، ئانىڭ ھەققىدۇر ۋە ھەرقايسىسىدا مۇتەئەييىن ۋە مەشھۇر ئىشلار بار». نەۋائى ۋائىز كاشىفىنىڭ ئالىملىق قۇدرىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇنداق تەكىتلەيدۇ، ئۇ «جاۋاھىرات تەفسىرى» ناملىق كىتابىدا پەقەت «بەقەرە» سۈرىسىنى شەرھلەپلا يۈز تاۋاقتىن ئارتۇق كىتاب يازغان ئىدى.

«فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى»دا جاۋانمەردلىك ئىلمىي دەستۇرى ۋە قائىدە - تەلەپلىرى بىلەن بىرگە تەسەۋۋۇپ ھەققىدىمۇ نۇرغۇن كۆز قاراشلار بار. باشقىچە ئېيتقاندا، ۋائىز كاشىفى فۇتۇۋۋەتكە تەرىقەتنىڭ بىر بۆلىكى سۈپىتىدە قارايدۇ. چۈنكى، فۇتۇۋۋەت ئاساسلىرى بىلەن تەسەۋۋۇپ غايىلىرى بىر - بىرىگە مۇۋاپىق كېلىدۇ. فۇتۇۋۋەت ھەم تەسەۋۋۇپمۇ ئىنسان ئەخلاقىنى پاكلاش، مېھىر - شەپقەت، ھىممەت ۋە مەردلىك كۆرسىتىشنى تەرغىب قىلىدۇ ۋە بۇ جەھەتتىن ئىلاھىيەت ئىشقىدا دۇنيادىن يۈز ئۆرۈگەن، جىسمىنى مەنىۋى كامالەت يولىغا قۇربان قىلغان، دەرۋىشلىك بىلەن بۇرادەرلىك ۋە پىدائىيلىق ئۇدۇمىغا سادىق بولغان جەۋانمەردلەرنىڭ مەقسەتلىرىگە ماس كېلىدۇ. تەسەۋۋۇپنىڭ تۇۋا، سەۋر، قانائەت، پەرھىز، باتىنىي تاھارەت قاتارلىق تەلەپلىرى فۇتۇۋۋەتچىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىپ، ئەمەلىي ھاياتىي قائىدىلەرگە ئايلاندۇرۇلدى. جاۋانمەرد — ئاللاھنىڭ نامىنى ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان، ھەمىشە تائەت - ئىبادەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى بولۇشى كېرەكلىكى «فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى»دا قايتا - قايتا تەكىتلەندى. خۇلاسە، تەسەۋۋۇپ فۇتۇۋۋەتتە يۈكسەك غايىلەرنىڭ ئەمەلىي - ئىجتىمائىي تەدبىقلىنىشىنى كۆرگەن بولسا، فۇتۇۋۋەت تەسەۋۋۇپتا نەزەرىي ئېتىقاد يولىنى تاپقان ئىدى.

ھۇسەيىن ۋائىز كاشىفى پىر - مۇرىتلىق، ئەدەپ - ئەخلاق، پىرقە ۋە كۇلاھ كىيىشنى تەرىپلىدى، بەلۋاغ باغلاش، قەسەمياد قىلىش ئۇدۇمى ۋە مۇراسىملىرى ھەققىدە فۇتۇۋۋەتچىلەرنىڭ تۈرلۈك بۇرچلىرى، ۋەزىپىلىرى ھۈنەر - كەسىپ خۇسۇسىدا بۇ كىتابنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئاغزاكى سوئال ـ جاۋاب تەرىقىسىدە ئاممىۋى كىتاب قىلىپ تۈزۈشنى مەقسەت قىلغان «فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى» ئەسىرىنى ئاتاقلىق تاجىك ئالىمى قۇربان ۋاسىيى تەييارلىغان نەشرىدىن پايدىلىنىپ تەرجىمە قىلدۇق. 1991 ـ يىلى دۇشەنبىدىكى «ئەدىب» نەشرىياتى چاپ قىلغان بۇ نەشرىدە ئەسەرنىڭ ئون ئىككى بابىدىن يەتتە بابىلا بار. ئەسەر تېكىستىنىڭ ئىچىدىن ھەم قىسقارتىلغان جايلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇ ئىش تەبئىيكى ئۆزبېكچە تەرجىمىسىدىمۇ ئەكس ئەتتى.

(ئۆزبېكچىگە تەرجىمە قىلغۇچىدىن)

* *

ئۇشبۇ كىتاب فۇتۇۋۋەت ئەھلىنىڭ يۇرىكى ۋە پەھلىۋانلىق ئەھدى ـ ۋاپاسىنىڭ قائىدىلىرى، كۇلاھ ۋە خىرقە كىيىش ئادىتى، ھەربىر پىرقە (گۇرۇھ) نىڭ قائىدە ـ ئادەتلىرىنىڭ بايانى، شەيخلىق ۋە مۇرىتلىق، پىر ۋە شاگىرتلىق قائىدە ـ شەرتلىرى، مۇرىتقا رەھنەمالىق قىلىش دەستۇرى. تەلىمۇ تەكلىپ ھەققىدىكى رىسالەكى، ئۇنى كۆپ نۇقسانلىق پېقىر ھۇسەيىن ئەل كاشىفى مەشھۇر ۋە نوپۇزلۇق كىتابلاردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىقتىم ھەم ئۇنىڭغا «فۇتۇۋۋەتنامەئى سۇلتانى» دەپ ئات قويدۇم. بۇ رىسالە مۇقەددىمە، ئون ئىككى باب ۋە خاتىمەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مۇقەددىمە فۇتۇۋۋەت ئىلمىنىڭ شەرىپى ھەققىدەدۇر ۋە بۇ ئىلمىنىڭ ماۋزۇسى «فۇتۇۋۋەت» سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى بۇ سۆزنىڭ مەناسى، ئۆزلەشتۇرمە مەزمۇنى ھەققىدە ئۈچ پەسىلدە بايان قىلىندى.

## بىرىنچى پەسىل، ئۇشبۇ ئىلمىنىڭ شەرىپى ھەققىدە

بىلىش كېرەككى، فۇتۇۋۋەت ئىلمى شەرىپى ئېتىبار تاپقان ئىلىملاردىندۇر ۋە تەسەۋۋۇپ بىلەن تەۋھىد ئىلمىنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. ئالەمنىڭ ئۇلۇغ زاتلىرى بۇ ئىلىمدە كۆپ كىتابلار قالدۇرغان ۋە ئۇنىڭ تەرىپى، كامالى ھەققىدە نۇرغۇن سەھىپىلەرنى تولدۇرغان ... مەسىلەن، «قەۋائىدۇل فۇتۇۋۋەت» («فۇتۇۋۋەت قائىدىلىرى») ناملىق كىتابتا بۇ بېيتلار ئەتتار فەرىدىددىنگە سېلىشتۇرما قىلىنىپ مۇنداق دېيىلگەن:

كۆڭۈل كۆزى فۇتۇۋۋەت بىلە روشەن،
ۋەجان بېغى فۇتۇۋۋەت بىلە گۈلشەن.
ئەگەر سەن ئۇشبۇ ئىلمنى زابىت[①] ئالساڭ،
سەبا ئافتابىدىن بالقىپ كېتۇرسەن.

ۋە يەنە «ئەدەبيۇل فۇتۇۋۋەت» («فۇتۇۋۋەت ئەدەبى»)، «ئارىفۇل مەسرىف» (ھەرپلەرنىڭ پايدىسى)، «مىرسادۇل ئاباد» («بەندىلەرنىڭ مۇشاھىدە[②] قىلىدىغان جايى»)، «ھەدىقەتۇل ھەقىقەت» («ھەقىقەت باغچىلىرى») ناملىق رىسالىلەر،

① زابىت ـ ئىگىلەش، بىلىش.
② مۇشاھىدە ـ كۆزىتىش (ت).

شۇنىڭدەك جامىنىڭ «رىسالەت سەيىر»، زارىيا ئىسفاھانىينىڭ «زادۇل ئاخىرە»، (ئاخىرەت ئوزۇقلىرى)، شەيخ ئەتتارىينىڭ «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» قاتارلىق كىتابلىرىدىمۇ مەۋجۇد بولۇپ، ئۇلاردا بۇ شەرىپ ئىلىم — فۇتۇۋۋەتنىڭ زىكرى ۋە مۇشۇ سۈپەتكە مۇشەررەپ بولغان كىشىلەرنىڭ تەرىپى بېرىلگەن.

## ئىككىنچى پەسىل، بۇ ئىلىمنىڭ ماۋزۇسى ھەققىدە

بىلىش كېرەككى، ھەر ئىلىمنىڭ ئۆز ماۋزۇسى بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاشۇ ئىلىمنىڭ ماھىيىتى، ھادىسە - قائىدىلىرى خۇسۇسىدا بەس - مۇنازىرە ئېلىپ بېرىلىدۇ. مەسىلەن: تىببىي ئىلىمدا ئىنساننىڭ بەدىنى ماۋزۇ بولۇپ، ئادەمنىڭ سالامەتلىكى ياكى كېسەللىك سەۋەبلىرى ئۆگىنىلىدۇ. خوش، بۇمۇقەددىمىدىن روشەن بولدىكى، فۇتۇۋۋەت ئىلمىنىڭمۇ ئۆز ماۋزۇسى بار، بۇ ماۋزۇ ئىنسان روھى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئىنسان روھىنى تەربىيىلەش، پەرۋىش قىلىش ئارقىلىق ئۇنى گۈزەل ۋە خۇلۇق - ئېتىبارلىق، پەزىلەتلىك قىلىپ يېتىشتۈرۈش مۇمكىن. ئەمما، ئىنسان روھى تەتقىقاتى ۋە ئەخلاق مەرتىۋىلىرى بايانى ئۇشبۇ قىسقا رىسالىگە سىغمايدۇ، بۇنىڭدىن تاشقىرى ھەربىر ئىلىمنىڭ مۇنازىرە قىلىدىغان (ئۆزىگە خاس) مەسىلىلىرى بار، بارچە ئىلىملار ئەنە شۇ تەرزدە بىر - بىرىگە باغلانغان.

مەزكۇر رىسالىدە بولسا، فۇتۇۋۋەت ئىلمىنىڭ مەسىلىلىرى جەم قىلىندى ۋە بۇ مەسىلىلەر سوئال - جاۋاب تەرتىپىدە بايان قىلىندى.

## ئۈچىنچى پەسىل، فۇتۇۋۋەتنىڭ ماھىيىتى، ئۇنىڭ لۇغىتى ۋە ئۆزلەشتۈرمە مەنىلىرى ھەققىدە

بىلىش كېرەككى، «فۇتۇۋۋەت» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «ياشلىق». دېمەك، ياش يىگىتنى «فەتىي» دەيدۇ. بەزىلەر بۇ سۆزگە ئىزاھ بېرىپ، فۇتۇۋۋەتنى جەۋانمەردلىك (جوھەردلىك) دېيىشتى. تېرمىن سۈپىتىدە ئاما ئارىسىدا ياخشى سۈپەتلەر ۋە نەمۇنىلىك ئەخلاق بىلەن مەشھۇر بولۇشنى فۇتۇۋۋەت دەپ ئېيتىدۇ، شۇ ۋەجىدىنمىكىن بۇنداق ئادەم ھەمىشە ئەخلاقى بىلەن ئۆز كەسىپداشلىرى، تائىپە - تەبىقىسى ئارىسىدا مۇمتاز① بولىدۇ. خاس تەرىپ يۈزىسىدىن بولسا، فۇتۇۋۋەت ئىنسانىي فىترەت نۇرىنىڭ پەيدا بولۇشى، نەپسانىي بەلگىلەر ۋە زۇلمەتكە قارشى قويۇلۇشى (شۇ زۇلمەتنى) يېرىپ ئۆتۈشتىن ئىبارەتتۇر.

شۇنداق ئىكەن، فۇتۇۋۋەت دېگەن نېمە؟ فۇتۇۋۋەت ئەلدىن يوشۇرۇن بىرەر ئىش قىلماسلىق، ھەممە ئادەم بىلەن خۇشال - خۇرام ياشاش دېمەكتۇر. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىنى ئىزگۈ خۇلۇق بىلەن قوزغىتىش مۇمكىن. خۇددى تۆۋەندە ئېيتىلغاندەك:

خەلقى جاھانغا خوش خۇلقىڭ ئىلە مەھبۇب بول،
جەننەت بېغىغا يول باشلىغۇچى شۇدۇر، ئەي دىل.

شۇنداقكى، فۇتۇۋۋەت ئەھدىگە ۋاپا قىلماق دېمەكتۇر ··· چۈنكى، ۋاپا جەۋانمەردلەرنىڭ ئادىتىدۇر. ئەھدۇ پەيماننى سۇندۇرۇش، ئەھدىگە ۋاپا قىلماسلىق، دېمەك ۋىجدانسىزلىقنىڭ

① مۇمتاز - بىرەر پەزىلىتى، ياخشى تەرىپى بىلەن باشقىلاردىن ئايرىلىپ تۇرغان، ئەۋزەللىككە ئىگە بولغان. (ت)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

بەلگىسىدۇر.

بەلىنى ۋەپا بەلۋىغىدا رۇست ئەت،
قولىنى ۋەپا ئەمگىكىدە چۇست ئەت!

فۇتۇۋۋەت دېمەك ھەممىنى ئۆزىدىن ئەۋزەل بىلىش ۋە ئۆزىنى ھېچكىمدىن يۇقىرى ئورۇنغا قويماسلىق دېمەكتۇر. فۇتۇۋۋەت تەكەللۇپنى تەرك ئەتمەك ۋە ئۆيدە نېمە بولسا مېھمان ئۈچۈن شۇنى ھوزۇر قىلماقتۇر:

بارىمىزنى مېھمان دەستىخىنىغا ھوزۇر ئەيلىدۇق،
گەرچە ئارپا نانىيۇ سىركايدىن ئۆزگە نەرسە يوق.

ھېچ شۈبھىسىزكى، تەكەللۇپتىن مەنمەنلىك ھىدى كېلىدۇ. فۇتۇۋۋەتنىڭ قۇۋۋىتى بولسا، نەپسى بالانى يېڭىش، مەنمەنلىك ۋە تەكەببۇرلۇقنى تەرك ئېتىشتىن ھاسىل بولىدۇ. خۇدبىنلىق خۇدا پەرەسلىك ئەمەس، بەلكى خۇد پەرەسلىكتۇر:

پانى بولغانلار بەقا① پەرزەنتتۇر،
ئۆزىنى سۆيگەن بۇدپەرەستتۇر، بەندىدۇر.

فۇتۇۋۋەتنىڭ ئۈچ مەرتىۋىسى بار: ئاۋۋال ساخاۋەت، يەنى بار نەرسىنى ھېچكىمدىن قىزغانماسلىق؛ ئىككىنچىسى، ساپا، يەنى ھاۋايى - ھەۋەستىن، كىنە - كۇدۇرەت ۋە قەست - غەرەزتىن پاكىزە، پاك تۇتۇش؛ ئۈچىنچىسى، ۋاپا، يەنى ھەممە ۋاقىت خەلق خىزمىتىدە بولۇش، سەلمان فارىسىي (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېقىن ساھابىلىرىدىن) فۇتۇۋۋەت ھەققىدە مۇنداق دېگەن ئىكەن: «فۇتۇۋۋەت — ھەممىگە ئىنساپ - مۇرۇۋۋەت كۆرسىتىش ۋە ئۇنىڭ ئورنىغا ھېچ نەرسە تەلەپ قىلماسلىق، يەنى ھەممە كەمچىلىك ۋە ئەيىبلەرگە ئۆزىنى سىلىشتۇرۇش، ئەمما ۋۇجۇدقا كەلگەن ۋەقەلەردىن ئۆزىنى خالىي ھېسابلاش». فۇتۇۋۋەت ھەققىدە بۇنىڭدىن باشقا ئېيتىلغان سۆزلەر كۆپ، ئەمما بىز شۇنىڭ بىلەنلا چەكلەندۇق.

## بىرىنچى باب
## فۇتۇۋۋەتنىڭ مەنبەسى، ماھىيىتى، تەرىقەت ۋە ئەدەپ ھەمدە ئۇنىڭ رۇكنلىرى ھەققىدە

بۇ باب تۆت پەسىلدىن ئىبارەت.

بىرىنچى پەسىل: فۇتۇۋۋەتنىڭ مەزھەرى (ماھىيىتى) ۋە ئۇنىڭ ئەدەبى ھەققىدە.

بىلىش كېرەككى، كىم بولمىسۇن ئۇنىڭدا فۇتۇۋۋەت سۈپەتلىرى نامايان بولسا، ئۇنى «فاتىئى» دېيىش كېرەك. «فاتىئى» نىڭ ئەسلىي لۇغەت مەنىسى «ياشلىق» دېمەكتۇر. بۇ سۆز ياش يىگىتكە نىسبەتەن ئىشلىتىلىدى. خوش شۇنداق ئىكەن، فاتىئى سۆزىنىڭ ياش يىگىتكە سىلىشتۇرما قىلىنىشى ھەقىقەتتۇر. بۇنىڭدىن باشقىسى بولسا مەجاز، يەنى كۆچمە

① بەقا - مەڭگۈلۈك (ت).

مەنىدىدۇر. مەجازى مەنىدە ئىنسانىي پەزىلەتلەر نۇقتىنەزەرىدىن كامال چېگرىسىنى ئىگىلىۋالغان ئادەمگە نىسبەتەن قوللىنىش كېرەك. مەجاز دېيىلىشكە سەۋەب شۇكى، سالىھ (ھالى) نەپسى بالا ھاۋاسى تۇزىقىدا تەبىئىي ئېھتىياجلار بەدىنىدە بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ گويا گۇدەككە ئوخشايدۇ، نەپسى مەرتىۋىسىدىن تەرەققىي قىلىپ، دىل مەقامىغا يېتىش، بالاغەت ئاستانىسىدىكى ياش ئۆسمۈرنىڭ خىلىدا بولىدۇ. ياش يىگىتتە ئەسلى قېنى قايناق (قىزىق قان)، بەدەن قۇۋۋىتى (جىسمانىي قۇۋۋىتى) يېتەرلىك بولغىنىدەك، جەۋانمەردلەردە ھەم ئىنسانىي كامالەت (بىلەن بىرگە) مەنىۋى قۇۋۋەتلەر مەۋجۇتتۇر ۋە ئۇشبۇ مەرتىۋىدىكىلەر «فاتىئى» دېيىلىدۇ ...

جەۋانمەردلىكنىڭ ياخشىلىق يولىدا جاندىن كېچىشكە تەييار تۇرۇشى پىدائىي قەلب ئىگىسى بولۇش ئۈچۈندۇر. خۇسرەۋ دېھلەۋى مۇنداق يازىدۇ:

ئالتۇن – كۈمۈش ھەدىيە قىلغۇچى مەردلەر كۆپ،
جانىنى پىدا ئەتكۈچىلەر مەرددۇر، مەرد!

ئەگەر ھەق گەپنى قىلىدىغان بولساق، جەۋانمەردلىكنىڭ پۈتۈن ماھىيىتى تۆۋەنكى ئىككى سۈپەتتە مۇجەسسەملەنگەن: بىرى، دوستلارغا نەپ يەتكۈزۈش، يەنى ساخاۋەت؛ ئىككىنچىسى، دوستلارنى دۈشمەن زىيانكەشلىكىدىن ھىمايە قىلىش، يەنى شىجائەت ...

ئەگەر فۇتۇۋۋەتنىڭ رۇكنىلىرى (ئالاھىدىلىكلىرى) نەچچە دەپ سورالسا، ئۇن ئىككى دەپ جاۋاب بەر: ئالتىسىدا تاشقىرىقى رۇكنى ۋە ئالتىسىدا قەلب رۇكنى بار. فۇتۇۋۋەتنىڭ تاشقى رۇكنىلىرى تۆۋەندىكىلەر: بىرىنچىسى، غەيۋەت، يالغان، بۆھتان ۋە بىھۇدە سۆزلەردىن تىلىنى تارتىش، چۈنكى، تىلىدىن خەلققە ئازار بەرمەيدىغان ئادەملەرنى فۇتۇۋۋەتكە قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

ئىككىنچىسى، ئەدەپ – ئەخلاققا مۇناسىپ كەلمەيدىغان، نامەقبۇل گەپلەر، بۆھتان، غەيۋەتتىن قۇلىقىنى يۇپۇرۇۋېلىش.

ئۈچىنچىسى، كۆرۈش ناجائىز ھېسابلانغان نەرسىلەردىن كۆزىنى يۇمۇش.

تۆتىنچىسى، ھارام نەرسىلەردىن، خەلق ئازارىدىن قولىنى تارتىش.

بەشىنچى، بېرىش مەنئى قىلىنغان نامۇناسىپ جايلاردىن ئايىغىنى تارتىش. ھاقارەت ۋە گۇناھقا سەۋەب بولىدىغان، غەممازلىق، گەپ توشۇش ۋە زىيان – زەخمەت، ئازارغا يېتەكلەيدىغان ئىشلارغا قەدەم قويماسلىق.

ئالتىنچىسى، ھارام نەرسىلەردىن ئاغزىنى، زىنادىن ئەزانى توسۇۋېلىش. زىناخورلۇق فۇتۇۋۋەت ئەھدىنى بۇزۇش، ھارامخورلۇق بولسا فۇتۇۋۋەت رىشتىسىنى ئۈزۈش دېمەكتۇر.

ئەمما ئالتە كۆڭۈل رۇكنىلىرىغا كەلگەندە، ئۇلار مەناغا ئايلىنىدۇ:

بىرىنچىسى، ساخاۋەت، يەنى تىلىمەكتىن بۇرۇن ئۆز ۋاقتىدا بېغىشلىماق. ئاقىۋەتنى ئويلىماسلىق، لاياقەتلىك قابىلىيىتىدىن ئەندىشە قىلماسلىق.

ئىككىنچىسى، تەۋازۇ، يەنى باشقىلارنى ئۆزىدىن ئەۋزەل بىلمەك، ھەممىگە كەمتەر، ئادىل مۇناسىۋەتتە بولۇش.

ئۈچىنچىسى، قانائەت ... ئادەملەر بېشىغا چۈشكەن ئازاب – ئىزتىراپلار، پالاكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئارتۇقچە نەرسىلەرگە ئىگە بولۇش ھېرىسىدىندۇر. شۇڭلاشقا مەۋلانە رۇمى مۇنداق دېگەن:

ھېرىس كۆزى تويارمۇ ھېچ دۇنيادىن؟
قانائەت بولمىسا، دۇر بولغايمۇ سەدەپتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆتىنچىسى، تەۋپىق ۋە مەرھەمەت، يەنى خەلققە شەپقەت كۆرسەتمەك. كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى كەچۈرۈش ۋە ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۇلارغا ياخشىلىق، مۇرۇۋۋەت بىلەن مۇئامىلە قىلىش.

مېھرىبان بول، ئەي ئەزىزىم، مېھرىبان،
مېھرىبانلىق مەردلىكتىندۇر نىشان.

بەشىنچىسى، كەمتەرلىك ۋە غورۇرنى تەرك ئېتىش، يەنى قانچىلىك دۇرۇس ۋە مەقبۇل ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرسا ھەم مەغرۇرلانماسلىق، شۇنداق بولمىغاندا، ئىبلىس كەبى ھاۋايى ـ ھەۋەس تۇپەيلىدىن جەننەتتىن قوغلانغاندەك بولىدۇ.
ئالتىنچىسى، قۇرۇب (ئىلاھىيەتكە يېقىنلىشىش) ۋە ۋەسسىلات مەقامىغا پۈتۈن ۋۇجۇدى، دىلى، جېنى بىلەن ئىنتىلىش، يەنى كۆڭۈل ئۆيىنى رىيازەت سۈپۈركىسى بىلەن چاڭ ـ توزان، غۇبار ـ چىقىندىلاردىن تازىلاپ تۇرۇش، تاكى كۆڭۈل ئىشق سۇلتانى ئولتۇرىدىغان تەختكە ئايلانسۇن ··· چۈنكى كۆڭۈل دۇنيا تەئەللۇقاتى تەشۋىشلىرىنىڭ غەلۋىسىدىن قۇتۇلالمايدىكەن، ئۇ دوست مۇھەببىتىنىڭ ماكانىغا ئايلىنالمايدۇ.

كۆڭۈل تاكىم تەئەللۇق زەڭگىدىن[1] پاك ئولماس،
جەمالى زۇلجەلال غايىب پەردىسىدىن ئەكس ئەتمەس.

ئەگەر فۇتۇۋۋەتنىڭ شەرتلىرى نەچچە دەپ سورالسا، يەتمىش بىر دەپ ئېيتىش، بۇنىڭ قىرىق سەككىزى ۋۇجۇدى، يىگىرمە ئۈچىسى ئەزالىرىدۇر.
ۋۇجۇدلار (تۇۋۇەندىكىلەردۇر): بىرىنچى، ئىسلام؛ ئىككىنچى، ئىمان؛ ئۈچىنچى، ئەقىل؛ تۆتىنچى، ئىلىم؛ بەشىنچى، ھىلىم (مۇلايىملىق)؛ ئالتىنچى، زاھىت (تەقۋا)؛ يەتتىنچى، ۋارا (پەرھىز)؛ سەككىزىنچى، سىدىق؛ توققۇزىنچى، كەرەم؛ ئونىنچى، مۇرۇۋۋەت؛ ئون بىرىنچى، شەپقەت؛ ئون ئىككىنچى، ئېھسان؛ ئون ئۈچىنچى، ۋاپا؛ ئون تۆتىنچى، ھايا؛ ئون بەشىنچى، تەۋەككۇل؛ ئون ئالتىنچى، شىجائەت؛ ئون يەتتىنچى، غەيرەت؛ ئون سەككىزىنچى، سەۋر؛ ئون توققۇزىنچى، ئىستىقامەت؛ يىگىرمىنچى، نەسىھەت؛ يىگىرمە بىرىنچى، نەفس تاھارەت؛ يىگىرمە ئىككىنچى، ئالىي ھىممەتلىك؛ يىگىرمە ئۈچىنچى، سىرىنى يوشۇرۇش؛ يىگىرمە تۆتىنچى، رەھىمدىللىك؛ يىگىرمە بەشىنچى، شەرىئەت رىئايىسى؛ يىگىرمە ئالتىنچى، ئەمرۇ مەرۇپنى بېجىرىش؛ يىگىرمە يەتتىنچى، ئاتا ـ ئانا ھۆرمىتىنى بەجا كەلتۈرۈش؛ يىگىرمە توققۇزىنچى، ئۇستاز خىزمىتىدە بولۇش؛ ئوتتۇزىنچى، ھەمسايە ھەققىنى ئادا قىلىش؛ ئوتتۇز بىرىنچى، تىلغا پەقەت ساۋابلىق كەلتۈرۈلگەن كالامنى كەلتۈرۈش؛ ئوتتۇز ئىككىنچى، كۆپ بىلىپ، ئاز گەپ قىلىش، بىلىم موللۇقىدىن سۈكۈت قىلىش؛ ئوتتۇز ئۈچىنچى، ھەر جايدا ھالالنى تەلەپ قىلىش؛ ئوتتۇز تۆتىنچى، سالام، ئەدەپنى بەجا كەلتۈرۈش؛ ئوتتۇز بەشىنچى، ياخشىلار ۋە پاكلار بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئوتتۇز ئالتىنچى، ئاقىللار بىلەن سۆھبەتلىشىش، ئوتتۇز يەتتىنچى، شۈكۈر قىلىش، ئوتتۇز سەككىزىنچى، مەزلۇملارغا ياردەم قولىنى سۇنۇش، ئوتتۇز توققۇزىنچى، يېتىم ـ يېسىرلار، يالغۇز كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تۇرۇش؛ قىرىقىنچى، فىكرەت (ئوي ـ پىكىر، ئەندىشە) ۋە ئىبرەت كۆرسىتىش؛ قىرىق بىرىنچى،

① زەڭ ـ داغ، دات، غۇبار (ت).

ئىخلاس بىلەن ئەمەل قىلىش؛ قىرىق ئىككىنچى، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق؛ قىرىق ئۈچىنچى، نەپسى بالا شەيتانغا قارشى دۈشمەنلىك كۆرسىتىش؛ قىرىق تۆتىنچى، ئىنساپ سىزلىقتىن چىقماسلىق؛ قىرىق بەشىنچى؛ رىزا - رازىلىق ھېسسىياتىنى يوقىتىپ قويماسلىق؛ قىرىق ئالتىنچى، كېسەللەرنى يوقلاشقا بېرىش؛ قىرىق يەتتىنچى؛ نىجىس ۋە ناكالاردىن يىراق تۇرۇش؛ قىرىق سەككىزىنچى، دائىمىي زىكىر بىلەن بەند بولۇش (خۇدانىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ).

ئەمما پەرھىز قىلىنىدىغان (يەنى مەنئى قىلىنغان) ئىشلار تۆۋەندىكىلەردۇر: بىرىنچى، (پىرغا) قارشى تۇرۇش؛ ئىككىنچى، قەبىھ سۆزلەرنى قىلىش؛ ئۈچىنچى، ياخشىلارنىڭ ئارقىسىدىن سۆزلەش؛ تۆتىنچى، (باشقىلارنى) ئارتۇقچە زاڭلىق قىلىش؛ بەشىنچى، گەپ توشۇش؛ ئالتىنچى، كۆپ كۈلۈش؛ يەتتىنچى، ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش (ئەھدىنى بۇزۇش)؛ سەككىزىنچى، ئادەملەر بىلەن ھىيلە - مىكىر يۈزىسىدىن مۇئامىلە قىلىش؛ توققۇزىنچى، ھەسەت قىلىش؛ ئونىنچى، زۇلۇم قىلىش؛ ئون بىرىنچى، ئالداش (غەممازلىق قىلىش)؛ ئون ئىككىنچى، بايلىق توپلاشقا بېرىلىپ كېتىش؛ ئون ئۈچىنچى، ھېرسىنىڭ قۇترىتىشىغا ئۇچۇش؛ ئون تۆتىنچى، ئۇزاق ئارزۇ - مەقسىتىنى كۆزلەش؛ ئون بەشىنچى، ئادەملەردىن ئەيىب ئىزدەش ۋە يۈزىگە قارا سۈركەش؛ ئون ئالتىنچى، يالغان قەسەم ئىچىش؛ ئون يەتتىنچى، خەقنىڭ مېلىنى تەمە قىلىش؛ ئون سەككىزىنچى، خىيانەت قىلىش؛ ئون توققۇزىنچى، بۆھتان ۋە تۆھمەت قىلىش ۋە كۆرمىگەن نەرسىنى كۆردۈم دەپ گۇۋاھلىق بېرىش؛ يىگىرمىنچى، شاراب ئىچىش؛ يىگىرمە بىرىنچى، سۈتخورلۇق قىلىش؛ يىگىرمە ئىككىنچى، زىنا قىلىش؛ يىگىرمە ئۈچىنچى، يامان مەزھەبلىك كىشىلەر بىلەن سۆھبەتلىشىش. كىمكى مەزكۇر يەتمىش بىر شەرتتىن بىخەۋەر بولسا، دېمەك ئۇ فۇتۇۋۋەتتىن بەھىر ئالالمايدۇ.

ئەگەر فۇتۇۋۋەت ئەھلىنىڭ خىسلەتلىرى نەچچە دەپ سورىسا، ئون دەپ ئېيتقىن. بىرىنچى، ھەق سۇبھانەللاھۇ تەئالاغا سادىق دىلىدىن ئىبادەت قىلىش؛ ئىككىنچى، خەلق بىلەن مۇئامىلىدە ئىنساپ - ئادالەت كۆرسىتىش؛ ئۈچىنچىسى، ئۆز نەپسىگە ئۆچلۈك قىلىش؛ تۆتىنچى، ئۇلۇغلارغا ھۆرمەت قىلىش؛ بەشىنچىسى، كىچىكلەرگە شەپقەت كۆرسىتىش؛ ئالتىنچىسى، دوستلاردىن نەسىھەتنى ئايىماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىگە قۇلاق سېلىش؛ يەتتىنچىسى، ئۆلىمالارغا تەۋازۇلۇق بولۇش؛ سەككىزىنچى، ھېكمەت ئەھلى بىلەن مۇلايىم مۇئامىلە قىلىش؛ توققۇزىنچىسى، دۈشمەنلەرگە ساخاۋەت يەتكۈزۈش؛ ئونىنچىسى، جاھىللار ئالدىدا سۈكۈت ساقلاش. ئەگەر فۇتۇۋۋەتنى قانداق قىياس قىلسا بولىدۇ؟ دەپ سورىسا، تەك ۋە دەرەخلەر بىلەن دەپ جاۋاب بەر … فۇتۇۋۋەت بىلەن دەرەخ ئارىسىدا قانداق ئوخشاشلىق بار؟ دەپ سورالسا، شۇنداق دېگىنكى، دەرەختە غول، پوستلاق، يىلتىز، شاخ ۋە بەرگ ھەم گۈل - مېۋە بولغانلىقىدىندۇر. فۇتۇۋۋەتنىڭ ھەم غولى، يىلتىزى، پوستلىقى، شېخى ۋە گۈل - مېۋىسى بار. ئەگەر بۇلارنىڭ ھەربىرى نېمىدىن ئىبارەت؟ دەپ سورىسا، جاۋاب بېرىپ شۇنداق دېگىنكى، فۇتۇۋۋەت دەرىخىنىڭ يىلتىزى، يەنى ئۇنىڭغا قۇۋۋەت بېرىپ ياشنىتىدۇ. گۈل ۋە مېۋە كەلتۈرىدىغان ئەسلىي مەنبە پاك مۇھەببەتتۇر … ئۇشبۇ دەرەخنىڭ غولى تەۋازۇ، شاخلىرى سەۋر - تاقەت، ياپراقلىرى پەرھىز، پوستلىقى ئەدەپ ۋە ھايا، گۈللىرى خۇش پېئىللىق ۋە مەرھەمەت، مېۋىسى كەرەم بىلەن ساخاۋەتتۇر. ئەگەر مۇرۇۋۋەت نېمە؟ دەپ سورىسا، فۇتۇۋۋەت تەرىقىتىنىڭ بىر قىسمى بولغانلىقى، مۇرۇۋۋەت فۇتۇۋۋەتنىڭ بىر قىسمىدۇر، دەپ ئېيت …

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: **ئەنۋەر تۇردى**

www.uyghurkitap.com

# مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ۋە «تارىخى رەشىدى»

پەخرىددىن ئىمىن

جاھان تارىخشۇناسلىق ئىلمىدە پەخىرلىك ئورۇن ئىگىلىگەن تارىخچى، قابىلىيەتلىك شائىر مىرزا ھەيدەر كۆرەگاننىڭ نوپۇزلۇق ئەسىرى «تارىخى رەشىدى» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نەشرى جامائەتچىلىككە تاپشۇرۇلدى. بۇ تارىخىي مىراسلىرىمىزنى تەتقىق قىلىپ، قايتىدىن جىلۇىلەندۈرۈش خىزمىتىدىكى يەنە بىر قۇتلۇق نەتىجە. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن كەڭ كىتابخانلاردا ئاپتورنىڭ ھاياتى ــ پائالىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇش ئېستىكىنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقى تەبىئىي. «تارىخى رەشىدى»، «تارىخى كاشغەر» (چىڭگىزنامە)، «بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى»، «تارىخى ئەمىنىيە»، «قىسەسسۇل غەرايىب» ۋە «ئۇيغۇر ئەدەبىياتى تارىخىدىكى نامايەندىلەر» قاتارلىق مەنبەلەردىن پايدىلىنىپ يېزىلغان بۇ ماقالە كىتابخانلارنىڭ ئەنە شۇ ئېھتىياجىنى ئازدۇر ــ كۆپتۇر قاندۇرالىسا ئەجەب ئەمەس.

× × ×

چىڭگىزخان ئاسىيا چۆللىرىدىن كۆتۈرۈلگەن قۇيۇنغا ئوخشاش، جاھاننى بىر تەۋرىتىپ تىنجىدى. لېكىن ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، بۈيۈك جاھانگىر ئەمىر تېمۇر بۇ نىسپىي تىنچلىقنى بۇزۇپ تاشلىدى. «يېگانە شۆھرەت، ھەربىيلەرگە خاس پەۋقۇلئاددە زېھىن ۋە قەتئىيلىك خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن ھەقلىق رەۋىشتە ماكېدونىيىلىك ئىسكەندەر، سېزار، چىڭگىز ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۆتكەن ناپالېئون بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرالايدۇ» غان تېمۇر غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئىبارەت بۇ بىپايان زېمىننىڭ دەبدەبىلىك دەۋرىنى ياراتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ زېمىن بىر مەھەل كۆڭلىگە ھەر خىل مەقسەتلەرنى پۈككەن يۈرەكلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى نامايەن قىلىدىغان پائالىيەت سەھنىسىگە ئايلاندى. لېكىن، چىڭگىزخان ۋە ئەمىر تېمۇرنىڭكىگە ئوخشاش بەخت ۋە ئامەتنى تەمە قىلىپ، قىلىچ ۋە ئاتقا تايىنىپ بۇ سەھنىدە رول ئالغانلارنىڭ ھېچبىرىگە ئۇلاردەك شان ــ شۆھرەتلەرگە ئىگە بولۇش نېسىپ بولمىغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ زېمىن باشقا بىر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ ئالەمشۇمۇل دەبدەبىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ يەردىن نۇرغۇنلىغان بۈيۈك سىياسىئونلار، جاھانغا تونۇلغان قوماندان ــ ئاتامانلار، قابىلىيەتلىك ھەربىي ئالىملار، تالانتلىق ئەدىب ــ شائىرلار، تارىخشۇناسلار، جەمئىيەت ئەربابلىرى ۋە ھۈنەر ــ سەنئەت پېشۋالىرى دۇنياغا كېلىپ، جاھانگىر چىڭگىزخان ۋە ئەمىر تېمۇرنىڭ شان ــ شۆھرىتى بىلەن رىقابەتلىشىشى مۇمكىن بولغان شان ــ شەرەپلەرگە نائىل بولدى. مىرزا ھەيدەر كۆرەگان ئەنە شۇلارنىڭ بىرىدۇر.

چۈنكى، چىڭگىز ۋە تېمۇر قالدۇرغان ئات تۇياقلىرىنىڭ ئىزلىرى ئۇلاردىن كېيىن ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا، دەۋر شاماللىرىنىڭ سوقۇشى بىلەن ئۆچۈپ ۋە كۆمۈلۈپ كەتكەن بولسا، مىرزا ھەيدەرنىڭ قەلەم ئىزلىرى دەۋرلەردىن دەۋرلەرگىچە ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ نام شۆھرىتىنى ئالەمگە جاكارلاپ تۇرىدۇ.

مۇھەممەد ھۇسەيىن ئوغلى مىرزا ھەيدەر 1499 - يىلى موغۇلىستان خانلىقىغا تەۋە كەشتان رايونىغا قاراشلىق تاشكەنت شەھىرىدە دۇنياغا كەلگەن. دۇغلات قەبىلىسىدىن بولغان ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن كۆرەگان 1493 - يىلى موغۇلىستان خانى مۇھەممەدخان تەرەپتىن ماڭلايسۇيەنىڭ باش ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. ماڭلايسۇيە — موغۇل ئىمپېرىيىسى دەۋرىدە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى كۆپ قىسىم شەھەر - ۋىلايەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ رايونلارنى كۆرسىتەتتى. بۇ رايونلار 13 - ئەسىردىن باشلاپ دوغلات قەبىلىسىگە سۇيۇرغال (ھەدىيە) قىلىپ بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئەۋلادتىن ئەۋلادقا ماڭلايسۇيەنىڭ ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ۋارىسلىق قىلىپ كەلگەنىدى. دوغلات قەبىلىسىنىڭ ئەجدادلىرى چىڭگىزخاننىڭ ئەجدادلىرى بىلەن نەسەپداش ئىكەنلىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا قەيت قىلىنىدۇ.

مىرزا ھەيدەرنىڭ ئانىسى خۇبنىگار خانىم موغۇلىستان خانى سۇلتان يۇنۇسخاننىڭ قىزى ئىدى. ھىندىستان موغۇل ئىمپېرىيىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بابىر شاھنىڭ ئانىسى (قۇتلۇق نىگارخانىم) ۋە يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قۇرغۇچىسى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئاتىسى (سۇلتان ئەھمەدخان، يەنى ئالاچەخان) مۇ يۇنۇسخاننىڭ قىز - ئوغۇللىرى بولۇپ، يۇنۇسخان موغۇلىستان تارىخىدىكى ئالاھىدە شەخس تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئالتىنچى نەۋرىسىدۇر.

مىرزا ھەيدەرنىڭ ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن 1508 - يىلى مەلۇم سىياسىي سەۋەبلەر تۈپەيلى ئۆزبېك خانى مۇھەممەد شەيبانىخاننىڭ بۇيرۇقى بىلەن ھېراتتا يوشۇرۇن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، توققۇز ياشلىق مىرزا ھەيدەر ئانىسى بىلەن ئاۋۋال بۇخاراغا، ئۇ يەردىن بەدەخشانغا قېچىپ كېتىدۇ. بىر يىل سەرگەردانلىق تۇرمۇشنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، 1509 - يىلى كابۇلدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقان نەۋرە ئاكىسى مىرزا بابىرنىڭ يېنىغا بارىدۇ ۋە 1513 - يىلىغىچە ئەدىب، ئىقتىدارلىق ھەربىي قوماندان بابىرنىڭ تەربىيىسىدە بولىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ بىر تەرەپتىن ئىلىم تەھسىل قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن بابىرنىڭ شەيبانىخانغا قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىگە قاتنىشىپ، ھەربىي ماھارەت ئۆگىنىپ ئۆزىنى چېنىقتۇرىدۇ.

1513 - يىلى مىرزا ھەيدەرنىڭ يەنە بىر نەۋرە ئاكىسى سۇلتان سەئىدخان بابىر شاھنىڭ ياردىمىدە ئەنجاندا تەختكە چىقىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاساسىنى تىكلىدى. مىرزا ھەيدەر كابۇلدىن ئەنجانغا كېلىپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھامىيلىقى ۋە تەربىيىسى ئاستىدا تاكى ئۇ ۋاپات بولغۇچە سەئىدىيە خانلىقىنى قۇرۇش، مۇستەھكەملەش ۋە كېڭەيتىش ئىشلىرىدا ئۇنىڭغا ھەمدەم بولىدۇ. 1533 - يىلى سۇلتان سەئىدخان تىبەتكە قارىتا ھەربىي يۈرۈش ئۈستىدە ئىس تېگىپ قېلىپ، شۇ سەۋەب بىلەن ئالەمدىن ئۆتىدۇ. بۇ قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشكە ئىشتىراك قىلغان مىرزا ھەيدەر داۋاملىق ھالدا ئۆز ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىۋاتقان بىر پەيتتە، يېڭىدىن تەختكە چىققان سۇلتان ئابدۇررەشىدخان مەلۇم سەۋەبلەر بىلەن مىرزا ھەيدەرنىڭ تاغىسى سەيىد مۇھەممەد مىرزىنى ۋە ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىدىن بىرمۇنچە ئادەمنى قەتلى قىلىدۇ ھەمدە مىرزا ھەيدەرگە تىبەتتىن، شۇنداقلا خانلىق چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىش توغرىلىق پەرمان ئەۋەتىدۇ. بۇ خىل مۇئامىلىدىن دىلى ئازار يېگەن مىرزا ھەيدەر تىبەتتىن بەدەخشانغا كېتىدۇ ۋە بەدەخشان، قوقەن قاتارلىق جايلاردا بىرقانچە يىلنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتكۈزۈپ 1537 ـ يىلى ھىندىستانغا ــ بابىر شاھنىڭ ئوغلى ھۇمايۇننىڭ يېنىغا بېرىپ 1539 ـ يىلىغىچە ھۇمايۇننىڭ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئۇ ھۇمايۇننىڭ ئىنىسى مىرزا كامىراننىڭ بۇيرۇقى بويىچە قوشۇن باشلاپ ئافغان توپىلاڭچىلىرىنى باستۇرىدۇ. ھۇمايۇننىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشكەن مىرزا ھەيدەر 1540 ـ يىلى ئۇنىڭ پەرمانى بىلەن قوشۇن باشلاپ كەشمىرگە يۈرۈش قىلىدۇ ۋە شۇ يىلى رەجەپ ئايىنىڭ 22 ـ كۈنى پۇنۇچ داۋىنىدىن ئۆتۈپ كەشمىرنى ئىشغال قىلىدۇ، ئاندىن كېيىن بىر يىل ۋاقىت ئىچىدە كەشمىردىكى توپىلاڭ ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى تىنجىتىپ، تاكى 1551 ـ يىلىغىچە بولغان ئون يىل ئىچىدە كەشمىر رايونىنىڭ تىنچلىقى ۋە ئاۋاتلىقى ئۈچۈن زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن ئەسلىدە ھۆكۈمەتسىز قېلىپ خارابىلىشىقا ئايلانغان كەشمىر رايونى ئاۋات شەھەر قىياپىتىگە كىرىپ، تولۇق روناق تاپقان باي ـ باياشات بىر ۋىلايەتكە ئايلىنىدۇ.

1551 ـ يىلى كەشمىردىكى تاغلىقلار تاشقى دۈشمەنلەرنىڭ قۇترىتىشى بىلەن ئىسيان كۆتۈرىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا مىرزا ھەيدەرنىڭ مۇھىم سەركەردىلىرىدىن بىرقانچىسى ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈپ ئىسيانچىلار تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىدۇ. مىرزا ھەيدەر ۋەزىيەتنى ئوڭشاش ئۈچۈن رامىزان ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى كەشمىرنىڭ ھاكىمىيەت ئورگىنى تۇرۇشلۇق سىرىنكىردىن سىرىنكىر بىلەن ھىرەپۇرنىڭ ئارىلىقىدىكى چانپۇر دېگەن يەرگە بېرىپ، دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇشنىڭ تەدبىرىنى كۆرۈۋاتقاندا، ئىسيانچىلار ئارىسىدىكى كامال ژىرىن ئىسىملىك نامەرتنىڭ خائىنلارچە ئاتقان يوشۇرۇن ئوقى ئۇنىڭغا كېلىپ تېگىدۇ. بۇ ئوق مىرزا ھەيدەرنى بۇ دۇنيادىن ئېلىپ كېتىدۇ. بەزىلەرنىڭ دېيىشىچە، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئادەملىرىدىن بىرىنىڭ خاتا كېتىپ قالغان ئوقى كېلىپ ئۇنىڭغا تەگكەن ... مىرزا ھەيدەر ۋاپات بولغاندا ئەللىك ئىككى ياشتا ئىدى.

مىرزا ھەيدەرنىڭ تولۇق ئىسمى مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان. «مىرزا» ـ ئۇنىڭ ھۆرمەت نامى؛ بۇ نام ئەمىر تېمۇر دەۋرىدىن باشلاپ ئومۇملاشقان بولۇپ، موغۇل ئاقسۆڭەكلىرى مۇسۇلمانلاشقاندىن كېيىن، ئۆزلىرىنىڭ ئەسلىدىكى موڭغۇلچە ئىسىملىرىنى ئەرەب تىلىدىكى مۇسۇلمانچە ئىسىملارغا ئۆزگەرتتى. شۇ جۈملىدىن بۇرۇنقى لەشكىرى ئالىي قوماندانلارنىڭ ئەمەل نامى بولغان «نويان» (ياكى «نويون») دېگەن سۆزمۇ «ئەمىر» دېگەن سۆز بىلەن ئالماشتى. ئەمىرزادىلەر بولسا «مىرزا» دەپ ئاتالدى. كېيىنچە بۇ نام ئاتىدىن بالىغا مىراس قالىدىغان ئەنئەنىۋى ھۆرمەت نامى بولۇپ قالدى. مىرزا ھەيدەرمۇ ئەمىرزادىلەردىن بولغاچقا شۇ نام بىلەن ئاتالغان؛ «مۇھەممەد» ئۇنىڭ ئۆز ئىسمى؛ «ھەيدەر» ــ «ئارسلان» دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ، قوشۇمچە ئىسمى؛ «كۆرەگان» خاننىڭ كۈيئوغلى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇمۇ ئەمىر تېمۇر زامانىدىن باشلاپ خان ئائىلىسىدىكىلەرگە ياكى بىۋاستە خانغا كۈيئوغۇل بولغان ئەمىر ياكى ئەمىرزادىلەرگە قارىتىلغان مەخسۇس نام.

مىرزا ھەيدەر كۆپ تەرەپلىمە يېتىلگەن دۆلەت ئەربابى. ئىقتىدارلىق ھەربىي قوماندان ئىدى. «بابىرنامە» دە بايان قىلىنىشىچە، ئۇ خەت يېزىش، رەسىم سىزىش، ئوق ۋە ساداقلارنى ياساش، ئات جابدۇقلىرىنى نەقىشلەشكە ئوخشاش ئىشلارغا ناھايىتى چېۋەر بولۇپلا قالماي، شېئىردا ئىستىبداتلىق، يېزىقچىلىقتا پىشقان بىر زات بولغان. بۇ نۇقتىنى ئۇنىڭ «تارىخى رەشىدىي» ۋە «جاھاننامە» قاتارلىق ئېسىل ئەسەرلىرى تولۇق ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ.

«تارىخى رەشىدىي» زور ھەجىملىك تارىخىي ئەسەر، شۇنداقلا قىممەتلىك ئەدەبىي ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، مىرزا ھەيدەرنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى. ئەسەردە

ئەمىر تېمۇر ۋە تۇغلۇق تېمۇرخان زامانىسىدىن تاكى سۇلتان ئابدۇررەشىدخان زامانىسىغىچە بولغان ئىككى ئەسىردىن ئارتۇق ۋاقىت جەريانىدا بولۇپ ئۆتكەن تارىخىي ۋەقەلەر شۇ دەۋرلەردىكى ئۇرۇقداش قەبىلە ۋە مىللەتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرى، نەسەبداش خان ۋە سۇلتانىلارنىڭ نىزا - جاڭجاللىرى ۋاقىت تەرتىپى ۋە يىلنامىلىرى بىلەن، ھەتتا ئاي، كۈنلىرىگە قەدەر تەپسىلىي بايان قىلىنغاندىن سىرت، نۇرغۇنلىغان يەر - جاي نامىلىرى، جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلار ۋە ئۇلارنىڭ ئېتىنىك مەنبەسى ··· قاتارلىقلار ناھايىتى ئېنىق ۋە مۇپەسسەل شەرھىلەنگەن. مىرزا ھەيدەر ئەنئەنىۋى تەزكىرىچىلىك ئۇسۇلىدىن پەرقلىق ھالدا ئۆز ئەسىرىگە سىرلىق ئەپسانىۋى رىۋايەتلەرنى ئارىلاشتۇرمىغان ھەم مۇبالىغە ۋاسىتىسىدىن ساقلانغان. پەقەت ئاشۇ ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچىلىرى بولغان تارىخى شەخسلەرنىڭ ۋارىسى ۋە بىۋاسىتە ئىشتىراكچىسى بولغانلىقىدەك ئەۋزەل شارائىتتىن پايدىلىنىپ، تارىخنى تارىخىي تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ئاساسىدا تەتقىق قىلغان. تارىخىي چىنلىققا ھۆرمەت قىلىش پوزىتسىيىسى بىلەن كونكرېت ۋەقە ۋە شەخسلەرگە خالىس نىيەتتە توغرا مەيداندىن چىقىپ مۇئامىلە قىلىپ، ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىننىڭ نامى زىكرى قىلىنغاندا «تەڭرى ئۇنىڭ ھۆججەتلىرىنى نۇرلاندۇرغاي» دەپ دۇئا قىلغاندىن بۆلەك، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئىش - پائالىيەتلىرىنى كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۇلارغا مەدھىيە ئوقۇمىغان، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ سەلبىي تەرەپلىرىنى ئەينەن تەسۋىرلىگەن؛ جۇملىدىن دۈشمەنلىرىنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ كۆرسەتمەي، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ ئىجابىي تەرەپلىرىنىمۇ ئەينەن ئوتتۇرىغا قويغان. سۇلتان ئابدۇررەشىدخان كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىرزا ھەيدەرگە دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسى بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئابدۇررەشىدخاننىڭ پەزىلەتلىرىنى تولۇق گەۋدىلەندۇرۇپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭ تۆھپىلىرى ئۈچۈن ئابىدە تىكلەش مۇددىئاسى بىلەن ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئابدۇررەشىدخاننىڭ نامىغا بېغىشلىغان.

«تارىخى رەشىدىي» دىكى ئەلىشىر نەۋائىينىڭ ئۇيغۇر مىللىتىدىن ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى خاتىرە ئۇنىڭ مىللەت تەۋەلىكى توغرىسىدىكى دەتالاشلارغا قارىتا ئېنىق ھۆكۈم چىقىرىدىغان كۈچلۈك پاكىتتۇر. چۈنكى، نەۋائى بىلەن بىر زاماندا ياشىغان مىرزا ھەيدەرنىڭ ئىسپاتى باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىسپاتىغا قارىغاندا ئىشەنچلىك جەھەتتىن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

مىرزا ھەيدەر «تارىخى رەشىدىي» نى كەشمىردىكى مەزگىلدە، يەنى 1541 - 1547 - يىللاردا يېزىپ تاماملىغان. ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، مىرزا ھەيدەر كەمتەرلىك بىلەن مۇنداق دېگەن: «مەن ناھايىتى بىلىمسىزلىكىمدىن تۈركىي تىلىدىن نېسىۋىسىز قالدىم. ئىلاجسىزلىقتىن ئىككى خىل پايدىنى كۆزلەپ، بۇ كىتابنى پارس تىلى بىلەن يازدىم. بىرىنچى پايدا — پارس تىلىنى ئاۋام خەلق چۈشىنەلمىسىمۇ، قانداقلا بولمىسۇن ئىختىساسلىق ئالىملار بىلىم تەقەززاسى سەۋەبلىك ھەرقانداق تىلدىن پايدىلىنالايدۇ. شۇڭا بۇ كىتابنى تۈركىي تىلىغا تەرجىمە قىلىشى مۇمكىن؛ ئىككىنچى پايدا — پارس تىلىنى ھەرقايسى دىياردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى ياقتۇرىدۇ. بۇ كىتابنى يېزىشتىن مەقسەت — ئىلىم تارقىتىش، ئىختىساس ئىگىلىرىگە ۋە كۆپچىلىككە پايدا يەتكۈزۈشتىن ئىبارەت. پارس تىلى بىلەن يېزىلغانلىقى شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى بولىدۇكى، ئۇ ئۇلۇغ مەرتىۋىلىكنىڭ (ئابدۇررەشىدخان كۆزدە تۇتۇلغان) ياخشى نامى بارلىق ۋىلايەتلەردە مەشھۇر بولغۇسى ۋە تىلغا ئېلىنغۇسى ···».

«تارىخى رەشىدىي» دىن كەلتۈرۈلگەن بۇ نەقىلنىڭ كېيىنكى جۈملىسىدىكى چىن ئىخلاس ۋە سەمىمىي تىلەك، ئەمەلىيەتتە مىرزا ھەيدەرنىڭ ئۆزىگە قايتتى.

قىسقىسى، «تارىخى رەشىدىي» غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى، ئەڭ مۇھىمى شىنجاڭنىڭ شۇ دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى تېپىلغۇسىز بىرىنچى قول ماتېرىيالدۇر.

www.uyghurkitap.com

# «غەرىبى» تەخەللۇسلۇق شائىرلار

غەيرەتجان ئوسمان

ئادەمنىڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە باشقا ھېچقانداق ئابستراكىت نەرسە بولماستىن، بەلكى بارلىق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ يىغىندىسىدىنلا ئىبارەت. رېئال تۇرمۇشتا ھەربىر ئادەم مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت ئىچىدە ياشايدۇ. ئۇنىڭ ئىدىيىسى، ھېسسىياتى، خاراكتېرى، ئادىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ مۇئەييەن ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مۇناسىۋەت تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، بىر ئەدىب ياكى شائىرنى چۈشىنىشتە ئۇنىڭ سىنىپىي ئورنى ۋە ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر، كونكرېت چۈشىنىشكە، ئۇنىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرىگە تەسىر كۆرسەتكەن ۋە ئۇنى بەلگىلىگەن كونكرېت مۇھىتنى چۈشىنىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەدەبىي ئىجادىيەتتە ئەگەر مۇئەييەن ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت، مۇئەييەن مۇھىتتىن ئايرىلغان ھالدا يازغۇچىنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرگەن ئىجتىمائىي ۋە سىنىپىي مەنبەنى ئېچىپ كۆرسەتمىگەندە، يازغۇچىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بولمايدۇ. مۇبادا جۇڭغار تۇپىلاڭچىلىرىنىڭ ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلار، يەتتە خوجا قاتارلىقلارنىڭ بۆلگۈنچىلىك، تەپرىقچىلىك ھەرىكەتلىرى بولمىغان، چىڭ سۇلالىسىنىڭ شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىياسىي جەھەتتە مۇقىملىق، ئىقتىسادىي جەھەتتە يۈكسىلىش ۋەزىيىتىنى يارىتىش بىلەن بىرگە، ئەمگەكچى خەلققە كەلتۈرگەن مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتمىگەن، ئۇلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى ۋە ھۆرلۈككە ئىنتىلىش ئارزۇلىرىنى ۋەھشىيلەرچە ئاياغ ئاستى قىلمىغان بولسا، شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە بىرمۇنچە خەلقپەرۋەر ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقمىغان، ئۆتكۈر تەنقىدىي رېئالىزملىق ئەسەر يارىتىلمىغان، بىرمۇنچە شائىرلار ئۆزلىرىگە ئارقا ـ ئارقىدىن «غەرىبى» تەخەللۇسنى قويمىغان بولاتتى. چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى خەلق ئاممىسىنىڭ بېشىغا ئېغىر بالايىئاپەتلەرنى ئېلىپ كېلىۋاتقان جۇڭغارلار، خوجىلار ۋە فېئودال ھاكىمبەگلەرنىڭ رەزىل قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلغان ھالدا «غەرىبى» تەخەللۇسلۇق شائىرلارنىڭ ئىدىيىسى ۋە خاراكتېرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش ئاساسى بولمىغان بولاتتى. مۇئەييەن مۇھىت يازغۇچى، شائىر خاراكتېرىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە راۋاجلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تۇردۇش ئاخۇن غەرىبىگە ئوخشاش داڭلىق شائىرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى 18 ـ ئەسىردىكى قاتتىق ۋە دەھشەتلىك داۋالغۇشنى باشتىن كەچۈرگەن شىنجاڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا بىر دەم تىنجىپ، بىر دەم داۋالغۇپ تۇرۇۋاتقان بىر دەۋرنىڭ مەھسۇلى. مۇبادا ئاشۇنداق ئۆتكۈر ۋە مۇرەككەپ بىر دەۋر بولمىغان بولسا بىر تۈركۈم شائىرلار ئۆزلىرىگە «غەرىبى» تەخەللۇسلىرىنى قويمىغان بولاتتى.

«غەرىب» (gharb). بۇ سۆزنىڭ مەنىسى توغرىسىدا «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك» تە مۇنداق دېيىلگەن:

«غەرىب (1) (غريب) ئەرەبچە مۇساپىر، باشقا جايدىن كەلگەن، يات».

«غەرىب (2) (غريب) ئەرەبچە ئاجايىپ، قىزىق، غەرىب ئىش ــ ئەجەبلىنەرلىك ئىش؛ غەرىب مەنىلىك ــ ئاجايىپ مەنىلىك؛ غەرىب ئاسار ــ ئاجايىپ نىشانىلەر؛ غەرىب ئۆمۈر ــ قىزىق ئىشلار، ئاجايىپ ۋەقەلەر»[①].

دېمەك، «غەرىب» سۆزى تۈپ جەھەتتىن يۇقىرىقىدەك ئىككى خىل مەنىدە بولۇپ، چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدە بىرقانچە ئاپتور «غەرىب» سۆزىنى ئۆزىگە تەخەللۇس قىلىپ قوللانغان.

## بىرىنچى، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى

بۇ شائىر 1802 ـ 1862 ـ يىللىرى ياشىغان. قەشقەر شەھىرىنىڭ شەرقىدىكى قوغان (ئىلگىرىكى بەشكىرەم بەگلىكىگە تەۋە) يېزىسىغا تەۋە تىلسۇراق كەنتىدە تۇغۇلغان. قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ، ماھىر خەتتات ۋە تونۇلغان شائىر سۈپىتىدە ئەل ئارىسىدا مەشھۇر بولۇپ، بىر مەزگىل قەشقەر شەھەر ئىچىدىكى مەدرىسلەردە مۇدەررىس بولغان. 1835 ـ يىلى قەشقەر ھاكىمبېگى زوھورىددىنىنىڭ ھۇزۇرىدا ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق بەش نەپەر ئەدىب بىلەن بىرلىكتە دىۋانخانا (ئىشخانا) نىڭ باش كاتىبلىقىغا تەيىنلەنگەن ۋە بۇ يەردە بىر تەرەپتىن ھۆكۈمەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن شەخسىي ۋە كوللېكتىپ بەدىئىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ باشقا كەسىپداشلىرى بىلەن بىرلىكتە 1841 ـ 1842 ـ يىللىرى تۆرلۈك ماۋزۇ ۋە ھەجىمدىكى 39 پارچە ئەسەرنى جەمئىي قىلىپ، ئۇلارنى «ھېكايەتى غەرىب» دەپ ئاتىغان. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كوللېكتىپ «مەجمۇئات»، «ھېكايەتى ئۇششاق» دېگەن نام بىلەنمۇ ئاتالغان. زامانىمىز تەتقىقاتچىلىرى بىر مەزگىل «مۇھەببەت داستانلىرى» دەپمۇ ئاتاپ كېلىشتى. غەرىبىنىڭ مۇشۇ توپلامغا كىرگەن ۋە كىرمىگەن ئەسەرلىرىدىن «كىتابى غەرىب»، «بەھرام گور»، «غەزەللەر» قاتارلىق ئەسەرلىرى بار.

«كىتابى غەرىب» (1841 ـ يىلى) 36 ماۋزۇ، 58 سوئال ـ جاۋاب بىلەن 33 خىل كەسىپنىڭ ئالاھىدىلىكى، جەمئىيەتتە تۇتقان ئورنى قاتارلىق مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق بايان قىلغان. بۇ بىر ئەدەبىي ئەسەرلا ئەمەس، بەلكى 18 ـ، 19 ـ ئەسىر ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي مەسىلىلىرىنى ئۆگىنىشتە قىممەتلىك ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

«بەھرام گور» نەۋائىنىڭ «سەبئى سەييارە» داستانى ئاساسىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ باي تەسەۋۋۇرى ۋە چېۋەر تىل ماھارىتى ئىپادىلەنگەن.

## ئىككىنچى، خۇشھال غەرىبى

خۇشھال غەرىبى 19 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يىللىرىدا قەشقەردە تۇغۇلغان. قەشقەر شەھىرىدىكى مەدرىستە كۆپ تەرەپلىمە بىلىم ئالغان ۋە ئىستېداتلىق شائىر بولۇپ يېتىشىپ چىققان. 19 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىدىن باشلاپ قەشقەر تەرەپتە يۈز بەرگەن بىرقانچە قېتىملىق ئىچكى نىزا ۋە قالايمىقانچىلىقتا شائىر قەشقەردە تۇرۇش ئىمكانىيىتىنى تاپالماي، پەرغانە بوستانلىقىغا چىقىپ كەتكەن. بۇ توغرىلىق شائىر مۇنداق يازغان:

ئۇچرادىم ئول دەردگەكىم بىدەۋا، يەنى ئېرۇر ئۆز ۋەتىنىم كاشغەر،
قىلدى مېنى ئۆز ۋەتەنىمدىن جۇدا. يىللار ئىدى ئول ماڭا جايىم بەقەر.

---

① «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن قىسقىچە سۆزلۈك»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1986 ـ يىل نەشرى، 407 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com

خۇشھال غەرىبى مىلادى 1845 ـ يىلى «كۇللىيات غەرىبى» نامىلىق توپلامنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭدا غەزەل، مۇخەممەس، مەسنەۋى، رۇبائى، ساقىنامە، مۇستەھزات، قىتئە قاتارلىقلاردىن تەشكىل تاپقان شېئىرلار بار بولۇپ، ئۆز دەۋرىنىڭ بەدىئىي ئەينىكى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۈچىنچى، مۇھەممەد غەرىب شەھيارى**

بۇ 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئاقسۇنىڭ شايار ناھىيىسىدە ياشىغان شائىر.

شائىرنىڭ تولۇق ئىسمى مۇھەممەد دۆلەت خوجىيار ئوغلى بولۇپ، ياشلىق دەۋرىدە بىر مەزگىل ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغان. كېيىن ھەج ـ تاۋاپ ئىشى بىلەن سەپەرگە ئاتلىنىپ، ئاقسۇغا كەلگەندە ۋەزىيەتتە قالايمىقانچىلىق يۈز بېرىپ، پۇل ـ بىساتى تۈگەپ، يولنى داۋاملاشتۇرالمىغان. ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدا ئۆز يۇرتىغا قايتىپ، غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەن. ئۇ «ئىشتىياقنامە» دە دەۋرىنىڭ رېئال مەسىلىلىرىنى ئوبرازلىق رەۋىشتە، تۇرمۇشقا سادىق بولغان ئاساستا چىن قىلىپ يارىتىپ، ئەسىرنى بەلگىلىك ئىجتىمائىي قىممەتكە ئىگە قىلغان.

شائىر «غەرىبى» ۋە «شەھيارى» دېگەن ئىككى تەخەللۇس قوللانغان.

**تۆتىنچى، موللا سۇپۇرگى سەنجەرى (غەرىبى)**

بۇ شائىر 19 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا خوتەنگە تەۋە گۇما ناھىيىسىنىڭ نىشاندار يېزىسى سانجار كەنتىدە ياشىغان مەشھۇر شائىر، تەرجىمان ھەم خەتتات. ئۇ «دىۋانى غىياس»، «دىۋانى سۇپۇرگى»، «غەرىبى سەنجەرى» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازغان. بۇ دىۋانلارنىڭ ھەر بىرى 400 بەتتىن ئارتۇق بولۇپ، ھەر بېتىگە 14 تىن 16 مىسراغىچە شېئىر يېزىلغان. بۇ توپلامدىكى شېئىرلاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق، مەرىپەتچىلىك، ئىجتىمائىي ئەخلاق قاراشلىرى تەرغىب قىلىنغان ھەمدە بەزى ناچار قىلىقلار قامچىلانغان.

شائىر «نەفھاتۇل ئۇنىس» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) نامىلىق ئەسەرنى پارسچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان. ئۇ يەنە ئون نەچچە پارچە كىتابنى كۆچۈرۈپ چىققان.

**بەشىنچى، غەرىب خەستە**

بۇ شائىر تەخمىنەن 19 ـ ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن دەپ پەرەز قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ھىجرىيە 1299 ـ (مىلادى 1881 ـ 1882) يىلى كۆچۈرۈلگەن «ھەمزەنامە» نامىلىق چوڭ بىر داستانى بار. داستاندا ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى مەشھۇر تارىخىي شەخس ئەمىر ھەمزە ساھىبقىراننىڭ ھاياتىي پائالىيەتلىرى، ئاجايىپ ـ غارايىپ سەرگۈزەشتلىرى تەسۋىرلەنگەن. داستاندا نۇشىرۋان ئادىل، ئىسكەندەر قاتارلىق نۇرغۇن تارىخىي شەخسلەرنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن. بۇلار گەرچە تارىخىي شەخسلەر بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار شائىرنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارىتى ئاساسىدا بەدىئىي ئوبراز سۈپىتىدە يارىتىلغان.

**ئالتىنچى، ئاشۇراخۇن غەرىبى**

بۇ شائىر 1833 ـ يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، 19 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا خوتەندە ياشىغان. ئۇنىڭ «ئەمىر ئەلى» نامىلىق بىر داستانى بار بولۇپ، داستاندا فېئودال مۇستەبىت ياقۇپبەگنىڭ مىلادى 1870 ـ يىلى «يەتتە شەھەر» لەشكەرلىرىنى باشلاپ تەڭرى تاغلىرىدىن ھالقىپ، ئۈرۈمچىدىكى تۇڭگانلارغا قارىتا ئېلىپ بارغان بىھۇدە ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن. شائىر بۇ ئەسىردە 1864 ـ 1867 ـ يىللىرى بولۇپ ئۆتكەن ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلقنىڭ ھۆرلۈك، ئەركىنلىك ۋە ئادالەت ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانىي ھەرىكەتلىرى چىنلىق بىلەن تەسۋىرلەنگەن. ئۇ مېھنەتكەشلەرنىڭ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشىنى ئوبرازلىق يوسۇندا ئىپادىلەپ،

كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەختىيار تۇرمۇشقا ئىگە بولۇشىنى چىن قەلبىدىن ئارزۇ قىلغان. شائىرنىڭ خىيانەتچى ۋە مۇناپىقلارنى قارىلاپ يازغان ئوتلۇق شېئىرلىرى ھېكمەتلىك سۆزلەردەك چىققان. شائىرنىڭ تولۇق ئىسمى ئاشۇر (ئوشۇر) ئاخۇن ئىبن ئىسمائىل ئىبنى مۇھەممەد (غەرىبى).

**يەتتىنچى، يۈسۈپ غەرىبى**

يۈسۈپ غەرىبى (1864 ـ 1940) نىڭ تولۇق ئىسمى ئىبنى جۇبەيرى ئىبنى پەتەنۇش غەرىبى بولۇپ، قۇمۇلدا ياشاپ ئۆتكەن. شائىر قۇمۇل ۋاڭ ئوردىسىدا بىر مەزگىل مەنسەپدار بولغان، يەنە ئەمچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدىن كۈچلۈك دەۋر پۇرىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بولۇپمۇ بەزى شېئىرلاردا كۈچلۈك ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى، ھىجران، پىراق ۋە سېغىنىش كەيپىياتىنى ئىپادىلىگەن.

يۈسۈپ غەرىبى شېئىرلىرى قەدىمكى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى تۇتاشتۇرۇشتا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىغان.

**سەككىزىنچى، موللا توختى غەرىبى**

موللا توختى غەرىبى (1861 ـ 1951) خوتەن لوپ ناھىيىسىنىڭ جىيا يېزىسىدا ياشىغان شائىرلارنىڭ بىرى. ئۇنىڭ ھازىرچە مەلۇم بولغان ئەسىرى «تۇھفەتۇل ئۇششاق سانى» (ئاشىقلار تۆھپىسىنىڭ ئىككىنچىسى) ناملىق كىتابى بولۇپ، لىرىك غەزەللەردىن تەركىب تاپقان. توپلامنىڭ باش قىسمى مۇخەممەس بولۇپ، 30 كۇپلېت (مۇقەددىمە سۈپىتىدە بىر كۇپلېت يازغان بولۇپ، جەمئىي 31 كۇپلېت) مۇخەممەسنىڭ ھەر كۇپلېت باش ھەرپىنى «ھۇرۇفى ھىجا» (ھىجا ھەرپلىك) شەكلىدە يازغان. قالغانلىرى مۇناجاد (مۇستەھزاد، مۇرەببە)، نەدامەت ئۆمر مازى، سەرگۇزەشت، نەسىھەت، ئىشق مەجاز، مۇخەممەس نەدامەت، ھەسرەت قاتارلىق ماۋزۇلاردا يېزىلغان. شائىر شېئىرلىرىنىڭ تىلى تاۋلانغان، مەزمۇنى تىرەن بولۇپ، تەنقىدىي رېئالىزملىق پۇراق چىقىپ تۇرىدۇ. شېئىرلىرى «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ ئومۇمىي 20 ـ سانىدا ئېلان قىلىندى.

**توققۇزىنچى، موللا ھالاۋۇدۇن غەرىبى**

موللا ھالاۋۇدۇن تەخمىنەن 1880 ـ يىللىرى قەشقەر كونا شەھەر ناھىيىسىنىڭ ئوپال يېزىسى قارا باش كەنتىدە تۇغۇلغان. ئوپال كۆكچى لايپەشتاق مەدرىسەسى ۋە قەشقەر خانلىق مەدرىسلىرىدە ئوقۇغان. شۇ يەردە شائىر مۇدەررىسلەر ۋە شائىر تەلەبىلەرنىڭ تەسىرىدە شېئىرىيەت مۇخلىسى موللا ھالاۋۇدۇن «غەرىبى» تەخەللۇسى بىلەن نۇرغۇن شېئىرلارنى يازغان ۋە شېئىرلىرىنى توپلاپ «كىتابى غەرىب» ناملىق كىتابنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن. شائىرنىڭ شېئىرلىرىدا جاھالەت، ئادالەتسىزلىك، ئاچكۆزلۈك، ئالدامچىلىق، ياۋۇزلۇق، رىياكارلىقلار قاتتىق پاش قىلىنغان. شائىر ئۆز شېئىرلىرىنى «جاھالەتكە چىراغ يېقىلسا، شېئىرلىرىم ياغ بولۇر» دەپ ئاتىغان. شائىر شېئىرلىرىنىڭ روشەن بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇنىڭدىن مەسخىرە ۋە ساتىرىك پۇراق گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدۇ. شائىر 1931 ـ يىلى ۋاپات بولغان.

**ئونىنچى، مۇھەممەد ۋەلەد مىر ئەھمەد شەيخ غەرىبى**

بۇ 19 ـ ئەسىردە قەشقەردە ئۆتكەن شائىر ۋە تارىخچى بولۇپ، ئۇنىڭ دادىسى مىر ئەھمەد دېگەن كىشى بولغان. ئاپتورنىڭ «تارىخنامەئى يەئقۇبخان» ناملىق بىر كىتابى بار بولۇپ، بۇ ئەسەر 1911 ـ يىلى پېتىربورگدا ئېلان قىلىنغان «ئاسىيا مۇزېيىدىكى مۇسۇلمانچە قوليازمىلار (590) 8772» ناملىق كاتولوكنىڭ 14 ـ بېتىدە تونۇشتۇرۇلغان ئەسلىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قولىيازما لېنىنگرات (پېتىربورگ) ئىرمىتاز مۇزېيىدا ساقلانماقتا.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىمى م. ف. گاۋرىلوۋ 1927 ـ يىلى ئېلان قىلغان «قەشقەر ھۆكۈمرانى ياقۇپبەگ ـ دۆلەت تارىخى» (رۇسچە) ناملىق ئەسىرىنىڭ 125 ـ بېتىدە بۇ كىتاب ھەققىدە توختىلىپ ئاپتورنىڭ قەشقەرلىك مىر ئەھمەد دېگەن كىشىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. ئاپتور بۇ كىتابنى 1898 ـ يىلى يازغان.

**ئون بىرىنچى، موللا ئەيت ئىبن موللا غەرىب**

بۇ ئاپتورنىڭ «جامىئۇل ھېكمەت» ناملىق كىتابى بار. بۇ كىتاب ھازىر رۇسىيىنىڭ پېتىربورگ ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. بۇ توغرىلىق ئا. م. موگىنوۋنىڭ «ئاسىيا خەلقلىرى ئىنستىتۇتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار» ناملىق كىتابىدا مەلۇمات ئېلان قىلىنغان. ئەمما، بۇ ئاپتورنىڭ ياشىغان زامانى، ئەسىرىنىڭ مەزمۇنى توغرۇلۇق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەسمىز. لېكىن، بۇ ئەسەر 1910 ـ يىلىغىچە بولغان ئارىلىقتا قەشقەر تەرەپتىن يىغىۋېلىنىپ ئېلىپ كېتىلگەن.

يۇقىرىدا تونۇشتۇرۇلۇپ ئۆتكەن شائىرلار ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ «غەرىب» تەخەللۇسىنى قويۇپ ئەسەر يېزىشى ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئالاھىدە بىر ھادىسە بولۇپ، مۇھىم بىر تەتقىقات ساھەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇشۇنداق زور بىر تۈركۈم شائىرلار نېمە ئۈچۈن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆزىگە «غەرىبى» تەخەللۇسىنى قويۇپ شېئىر يازىدۇ؟ بۇنىڭ تارىخىي ئىجتىمائىي ئاساسى، مەنىۋى ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىرى بار.

شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىدا 17 ـ ئەسىردىن باشلاپ كەينى ـ كەينىدىن چوڭقۇر ئۆزگىرىش، داۋالغۇشلار يۈز بەردى. بۇنىڭ قىسقىچە تەپسىلاتى مۇنداق:

يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە ھۆكۈمران گۇرۇھلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى دىنىي مەزھەپ كۈرىشى بارغانسېرى كەسكىنلەشتى. ھەتتا تەرەققىي قىلىپ بىر ـ بىرى بىلەن قەتئىي سىغىشالمايدىغان سىياسىي رەقىبلەرگە ئايلاندى. يەكەن خانلىقىنىڭ ئاخىرقى خانى ئىسمائىل خان (1670 ـ 1678 ـ يىللىرى تەختتە ئولتۇرغان) قارا تاغلىقلارنى زور كۈچ بىلەن يۆلەپ، ئاق تاغلىقلارنىڭ باشلىقى ئاپاق خوجىنى تىيانشاننىڭ جەنۇبىدىن ھەيدەپ چىقاردى. 1678 ـ يىلى ئاپاق خوجا جۇڭغار قوشۇنلىرىنى باشلاپ كېلىپ، يەكەن خانلىقىنى يوقاتتى. جۇڭغارلار ئاپاق خوجىنى يۆلەپ قورچاق خان قىلىپ تىكلىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ تا 1759 ـ يىلىغىچە بولغان 50 يىل ئىچىدە شىنجاڭدا گاھى جۇڭغار فېئودال مۇستەبىتلىرى، گاھىدا ئاق تاغلىقلار، گاھىدا قارا تاغلىقلار غوۋغا ـ چۇقان سېلىپ، ئىچكى نىزا پەيدا قىلىپ، ئالا ـ توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، قىلمىغان شۇملۇقى ۋە ئەسكىلىكى قالمىدى. جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت چېكىنىپ، خەلق ئاممىسى ھالىدىن كەتتى. 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشى ۋە مەدەت بېرىشى ئارقىسىدا جۇڭغارلار ۋە چوڭ ـ كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلاڭلىرىنى تىنچىتىپ، شىنجاڭنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ۋەزىيەتنى ئوڭشىدى. كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئەمىن تاپقۇزدى. شۇنىڭدىن باشلاپ شىنجاڭ جۇڭگو چوڭ ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن بارغانسېرى تارىخنىڭ چوڭ ئېقىمىغا ماسلىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى.

ئەمما، چىڭ سۇلالىسى فېئودال ئەزگۈچى سىنىپىنىڭ ۋەكىللىرىدىن تەركىب تاپقان ھەم مۇستەبىت قارا گۇرۇھلارنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلغاچقا، ئۇلار يۈرگۈزگەن سىياسەت شىنجاڭدىكى تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئارزۇ ۋە تەلىپىگە ئەمەس، بەلكى روھانىيلار ۋە فېئودال ھاكىمبەگلەرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشاتتى. شۇنداق بولغاچقا، شىنجاڭدا

ئاساسىي ئاھالە بولغان مېھنەتكەشلەر بىلەن ئاز ساندىكى ھۆكۈمران كۈچلەر ۋە يۇقىرى قاتلام روھانىيلار ئارىسىدا كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان ئۆتكۈر زىددىيەت مەۋجۇت بولۇپ تۇردى. نەتىجىدە دەھشەتلىك مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى كۆپ قېتىــــملىـــق خەلق قوزغىلاڭلىرى يۈز بېرىپ، ھۆرلۈك ۋە ئادالەت، باراۋەرلىك تەلەپ قىلدى. ئۇلارنىڭ كۈرەشلىرى گاھى ئاز ـ تولا غەلىبىگىمۇ ئېرىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ كۈرىشىگە ئىلغار دۇنيا قاراشقا ئىگە بىر ئىنقىلابىي گۇرۇھ ۋە داھى يېتەكچىلىك قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، زور داغدۇغا بىلەن باشلانغان خەلق ئىنقىلابىي ھەرىكەتلىرى ھامان مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشقان. خەلقنىڭ ھەققانىي پائالىيەتلىرىنىڭ مېۋىسىنى كۆپ ھاللاردا توپىلاڭچى خوجىلار ياكى روھانىي كۈچلەر ئىگىلىۋالغان. كۆپ قېتىم يۈز بەرگەن بۇ خىل ھەرىكەتلەر ئىجتىمائىي مۇقىمسىزلىق پەيدا قىلغان. خەلق ئامىمىسىنىڭ تۇرمۇشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن. بىر قىسىم كىشىلەر يۇرتىنى تاشلاپ، چەت، يىراق يەرلەرگە، جاڭگاللارغا، بەزىلىرى چەت ئەللەرگە سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ كېتىپ قالغان. بەزىلىرى ئۆز يۇرتىدا ياشاپ تۇرغان بولسىمۇ، ئۆزىنى ئەركىن، ھۆر ئادەم دەپ ھېسـابلىمـاي، دەكـكـە ـ دۈككىـدە قـالـغـان قېقىندا ـ سوقۇندا ئادەم دەپ قارىغان، غېرىب، مىسكىن، بىچارە ھېسابلىغان. بۇ خىل ئىجتىمائىي كەيپىياتنى دەۋرنىڭ كۈيچىسى ۋە ئىپادە قىلغۇچىسى بولغان شائىرلارنىـڭ ئەسەرلىرىدىن ئوچۇق چۈشىنىمىز. مەسىلەن، تۇردۇش ئاخۇن شېئىرلىرىدا:

جەھان ئىچرە غۇربەتتە ھالىم تەئەب،
ئىدى تۇردى ئىسمىم، «غەرىبى» لەقەب.

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۆزىگە نېمە ئۈچۈن «غەرىبى» دەپ تەخەللۇسنى قويغانلىقىنى ئېيتقان بولسا،

«بار ئەردىم مەن چۇغزە ۋەيرانە نېشىن،
.........
جەھان ئىچرە غۇربەتتە ھالىم تەئەب»

(مېنىڭ تۇرمۇشۇم ۋەيرانىلىلەردە ماكان تۇتقان ھۇقۇشقا ئوخشايتتى. ھاياتىم بۇ دۇنيادا ھەمىشە غۇربەتچىلىكتە ئۆتكەچكە ھالىم خاراب ئىدى) دېگەن مىسرالارنى يېزىپ، ئۆزى ياشاپ تۇرغان دەۋرنىڭ ئومۇمىي ئىجتىمائىي كەيپىياتىنى يىغىنچاق ۋە روشەن ھالدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

مۇھەممەد غەرىب شەھيارى تېخىمۇ ئوچۇق ۋە ئۆتكۈر مىسرالار بىلەن «غەرىب» لىقنى زامان ۋە ماكان بىلەن باغلاپ مۇنداق نىدا قىلغان:

ئەي غەرىب، بولغىل بۇ ئالەمدە غەرىب،
غەم بىلەن بولغىل خەزاندەك سارغارىب.
ھەر كىشى بولسا بۇ ئالەمدە غەرىب،
بولغۇسىدۇر ھەق تەئالاغا قەرىب.
.........
ئى قەرى، بىلگىل غەرىبلىق رەسمىنى،
ھەم مۇساپىر ھەم غەرىبلىق ۋەسفىنى.
ھەر كىشكىم بۇ جەھان ئەرمەس غەرىب،

تەڭرىگە ئىككى جەھان ئەرمەس قەرىب.
يوق غەرىبكە بۇ جەھاندا ئاشنا،
نە ئۈچۈنكىم ھەستىلىك قىلمىش پانا.
شەھرۇ سەھرادا يۈرۈپ بولماس مۇقىم،
بىۋەتەن، بىخانۇمان ئەرمەس مۇقىم.
كىم غەرىب بولسا ھەلاۋەت ئاندا يوق،
ھەم يەنە ئەيشى فەراغەت ئاندا يوق.
.........

دېمەك، تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى ۋە مۇھەممەد غەرىب شەھيارلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەزمۇنلاردىن بۇ شائىرلارنىڭ ئۆزلىرىگە «غەرىب» تەخەللۇسىنى قويۇشى ئۆز زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي كەيپىياتتىن رازى ئەمەسلىكى، روھىي قارشىلىقىنىڭ بارلىقىنى، ئۆز يۇرتى، ئۆز خەلقى ئارىسىدا تۇرۇپ، مۇساپىر، بىچارە، دىلى سۇنۇق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

يۇسۇپ غەرىبى بولسا «غەرىبى» تەخەللۇسىنى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىلىپ مۇساپىرچىلىقتا ئۆتكەن ئۆمۈر سەرگۈزەشتىسىگە ئاساسەن قويغانلىقىنى مۇنداق ئىپادىلىگەن:

بۇ غەرىبلىق شەھرىنىڭ جەننەت مىساللىق باغىدا،
يۇرسە گەر بۇلبۇلغا ئوخشاش بەرگى گۈل ياپراقىدا،
ئوخشىماس ئۆز يۇرتىغا كەتمەس خەيالدىن ئۆز ۋەتەن،
ئۆز دىيارىدا ئەگەر بولسا قەدەم تۇپراغىدا.
يەتسە بىر كۈن بۇ غەرىبنىڭ دوستى ــ ياردىن بىرى،
ياد قىلسۇن بۇ غەرىب كەلمىش كىچىكلىك چاغىدا.

.........

غەرىبلىق شەھرىگە كەلدىم، تۆكۈلدى بۇ مېنىڭ ياشىم،
ئۆزۈم مۇندا تۇرۇپدۇرمەن قايان قالدى قېرىنداشىم،
ۋەتەندىن ئايرىلىپ كەلدىم، ئانامدىن ئايرىلىپ كەلدىم،
ئۆزۈمنىڭ تەقدىرى شۇنداق غەرىبلىق شەھرىدە قالدىم.

شائىر كېيىنكى بۇ شېئىرىنى ھەج سەپىرىدە دەمەشقتە يازغان.

ئۆز زامانىسىدىكى ئىجتىمائىي تارىخىي ئەھۋاللار بىلەن بەزى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىدىكى مەزمۇنلارنى بىرلەشتۇرۇپ تەھلىل قىلغاندا «غەرىب» سۆزىنى ئەينى چاغدىكى ئەدىبلەر «مۇساپىر، باشقا جايدىن كەلگەن، يات» دېگەن مەنىدە چۈشەنگەن ھەم بىرى ئۆز يۇرتىدا تۇرۇپ، ياتسىراپ قالغانلىقى، بولۇۋاتقان ئاجايىپ ــ غارايىپ ئىشلاردىن نارازىلىقى، ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشالمىغانلىقىنى بىلدۈرۈش مەقسىتىدە ئۆزلىرىگە تەخەللۇس قىلىپ قويغان؛ يەنە بىرى چەت ئەللەرگە چىقىپ كېتىپ سەرسان ــ سەرگەردانلىقتا يۈرگەن چاغلىرىدا ئۆزىنى مۇساپىر ھېسابلاپ «غەرىب» تەخەللۇسىنى ئىشلەتكەن. مەسىلەن، «خۇشھال غەرىبى» گە ئوخشاش؛ يۇسۇپ غەرىبى بولسا، ھەج ۋە باشقا ئىشلار بىلەن ياقا يۇرتلارغا بارغىنىدا ئۆز يۇرتىنى سېغىنىپ، مۇساپىرچىلىقنىڭ ئاچچىق تەمىنى تېتىپ «غەرىبى» تەخەللۇسى بىلەن شېئىر يازغان. موللا ھالاۋۇدۇن غەرىبى بولسا تۇردۇش ئاخۇن غەرىبنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرىدىن ئىلھاملىنىپ، شۇنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، شېئىرىيەت بەيگىسىدە مۇسابىقىلەشمەك بولۇپ ئوخشاش تەخەللۇس ئىشلەتكەن.

يەنە بىر خىل كىشىلەر بولسا «غەرىب» سۆزىنىڭ ئىككىنچى مەنىسى ئاجايىپ، قىزىق، ئەجەبلىنەرلىك ئىش، ئاجايىپ مەنىلىك ئىش، قىزىق ئىش، ئاجايىپ ۋەقەلەر مەنىسىنى ئاساس قىلىپ، بىرى ئەينى شارائىتتىكى بەزى ۋەقەلەرنى قىزىق، ئاجايىپ ئىشلار دەپ ئويلاپ، شۇنىڭدىن ئاجايىپ مەنىلىك، ئاجايىپ نىشانىلەرنى قالدۇرۇش مەقسىتىدە مەسخىرە ۋە كىنايە پوزىتسىيىسى بىلەن «غەرىب» تەخەللۇسى بىلەن ئەسەر يېزىشقان بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن، بىز «غەرىبى» تەخەللۇسى ئارقىلىق بىرى ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي تارىخىي ئەھۋالىنى، سىياسىي كەيپىياتىنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئاساسقا ئىگە بولساق؛ يەنە

بىرى، شائىر - يازغۇچىلارنىڭ ئىدىيىۋى ھېسسىياتى، روھىي كەيپىياتى، ئىجتىمائىي مەۋقەسى، دۇنيا قارىشى، ئىجادىيەت يۈنىلىشىنى ئۆگىنىشىمىزگە پايدىلىق ئىمكانىيەتلەرنى تاپالايمىز.

«غەرىب» تەخەللۇسلۇق بۇ شائىرلارنىڭ ئىسمى، تەخەللۇسى، ھاياتى، ئەسەرلىرى توغرۇلۇق چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئالدىمىزدىكى مۇھىم بىر خىزمەت. ئۇ ئەدەبىيات تارىخى تەتقىقاتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتىدۇ، ئىجتىمائىي قىممىتىنى ئاشۇرىدۇ. ئىدىيىۋى مەزمۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ. ئەدەبىي ئېقىمىنىڭ كۆپ بولغانلىقىنى، ئۇسلۇبىنىڭ رەڭدارلىقىغا بولغان تونۇشىنى روشەنلەشتۈرىدۇ. ئاپتورلارنى ئايرىلاشتۇرۇپ قويۇشتەك مۇجىمەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## ئاساسلانمىلار


△ «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2 - توم، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1992 - يىلى نەشرى.
△ «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1980 - 1998 - يىللىرىغىچە نەشرى.
△ غ. ئوسمان «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى قىسقىچە تارىخى»، 1996 - يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخا.
△ تۇردۇش ئاخۇن غەرىبى «كىتابى غەرىب»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، ئومۇمىي 16 - سان.
△ ئا. جەلىلوب (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) «خۇشھال غەرىبى ھەققىدە يېڭى مەلۇماتلار»، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1989 - يىلى 1 - سان.
△ «ئىشتىياقنامە»، «شايار تارىخ ماتېرىياللىرى» 4 - توپلام، 1998 - يىلى مىخ مەتبەئە نۇسخا، شايار سىياسىي كېڭەش تۈزگەن.
△ م. خالى، ھ. مەتسىيىت «شائىر موللا سوپۇرگى سەنجەرنىڭ بىر قىسىم قولىيازمىلىرى تېپىلدى»، «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1990 - يىلى 10 - ئۆكتەبىر سانى.
△ م. مىرزا ئەھمەد «ھەمزەنامە» گە كىرىش سۆز، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 - يىلى 3 - سان.
△ «يۈسۈپ غەرىبى شېئىرلىرىدىن» (ئا. تۆمۈر تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى 1993 - يىلى 1 - سان.
△ «غەرىبى» (موللا توختى غەرىبى) «باياز» غا كىرگۈزۈلگەن. خوتەن ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، رەتلەش، نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى مىخ مەتبەئەدە باستۇرغان، 1990 - يىللار.
△ ئى. ئۇرايىم «موللا ھالاۋۇدۇن غەرىبى»، قەشقەر «كونا شەھەر تارىخ ماتېرىياللىرى»، 1 - توپلام. ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش تۈزگەن، مىخ مەتبەئە نۇسخا، 1995 - يىلى.
△ پ. ھامۇد، ئا. ئورخون «ئاسىيا خەلقلىرى ئىنىستىتوتىدا ساقلىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە قولىيازمىلار»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى»، 1997 - يىلى، 2 - سان.
△ «غەرىبى غەزەللىرىدىن» (ئا. خوجا نەشرگە تەييارلىغان)، «بۇلاق» ژۇرنىلى، 1994 - يىللىق 2 - سان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ھەققىدە بەزى قاراشلىرىم

## دىلمىرە ئۆمەر

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئۆزىنىڭ يۈكسەك سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەپ، ئېغىزدىن ئېغىزغا، قەلبىدىن قەلبكە كۆچۈپ مۇكەممەللىشىپ، ئەجداد بىلەن ئەۋلاد ئوتتۇرىسىدىكى گاھىدا يوقىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان گۈزەل ھېسسىيات ئورتاقلىقىنى ئۆزىدە جۇلالىتىپ كېلىۋاتقان خەلق چۆچەكلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك سېھرىي كۈچىنى ۋە خاسلىقىنى ساقلاپ، خەلقىمىزنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىنىپ ۋە تۇراقلىشىپ، خاس ئىزچىللىق ۋە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك شەكىللەندۈرگەن.

مەن چۆچەكلىرىمىزدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان تارىخىي ئىزچىللىق ۋە ئالاھىدىلىكنى تۆۋەندىكى بىرقانچە نۇقتىغا يىغىنچاقلاپ باقتىم.

1. باشلىنىش ئىزچىللىقى: بۇ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە باشتىن ئاخىر داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قۇرۇلما جەھەتتىكى ئىزچىللىق بولۇپ، ھەربىر چۆچەك چەكسىز ماكان بىلەن زاماندىن باشلىنىشتەك ئۆزگىچە قۇرۇلمىغا ئىگە.

بۇ خىل شەكىل گەرچە دۇنيا خەلق چۆچەكلىرىدىكى ئورتاق شەكىلدەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمما سەنئەت ئاساسىنىڭ كۈچلۈك ـ ئاجىزلىقى بىلەن ھامان پەرقلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ ئىزچىللىق ناھايىتى كۈچلۈك سەنئەت ئاساسىغا ئىگە. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى باشقا مىللەت خەلق چۆچەكلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھەقىقەتەن مۇشۇنداق بىر ئىزچىللىقنىڭ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئىنتايىن گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

بۇ خىل ئىزچىللىقنىڭ پەرقلىق ئالاھىدىلىكى شۇكى، قۇرۇلما جەھەتتىن قاپىيىداشلىققا ئىگە. مەسىلەن:

(1) بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا،
پاختەك ئوڭدا ئۇچقاندا،
توخۇ جىرىم غاجىلىغاندا،
شۇنداق زامانلارنىڭ بىرىدە...

(2) بۇرۇن بۇرۇندىكەن،
تېرىق تولۇمدىكەن،
يېتىم بولۇڭدىكەن،
سىغىزخان جەدىكەن،
قۇيرۇقى يەدىكەن.

(3) بار ئىكەن، يوق ئىكەن،
ئاچ ئىكەن، توق ئىكەن،
بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا،
بىر پادىشاھ بار ئىكەن ...

يۇقىرىقىدەك سۆز ـ ئىبارىلەر بىلەن باشلىنىش ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تىپىك ئىزچىللىقىدۇر.

2. ئۆرپ ـ ئادەتنىڭ تامغىسى بېسىلغان مۇقەددەس سان ئىزچىللىقى: مۇقەددەس سان ئىزچىللىقى ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ ئومۇمىي گەۋدىسىگە سىڭىپ كەتكەن. قېلىپلىشىپ كەتكەن سانلار ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، چۆچەكلەردە ئومۇملاشقان ۋە تەكرارلىنىدۇ. مەسىلەن:

يەتتە كېچە ـ كۈندۈز، قىرىق كېچە ـ كۈندۈز توي ـ تاماشا، ئۈچ ئوغۇل، يەتتە باشلىق يالماۋۇز، ئۈچ ۋەسىيەت، توققۇز تەزىم، يەتتە كەتمەن توپا، پادىشاھنىڭ قىرىق خوتۇنى، قىرىق كېنىزەك، قىرىق خېچىرلىق مال، يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر، يەتتە ئىقلىم، يەتتە

كەپتەر ...
مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇقەددەس سانلار ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئىزچىل قوللىنىپ كېلىنگەن.

بۇ ئىزچىللىقتا ئۆرپ - ئادىتىمىزنىڭ تامغىسى بېسىلغان. چۈنكى، بىز رېئال تۇرمۇشىمىزدا ئەزەلدىن ئەنە شۇنداق سانلارنى مۇقەددەس بىلىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ خىل ئەنئەنىۋى ئېتىقادىمىز ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ بىر تۈرى بولغان چۆچەكلىرىمىزدە روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنىڭ سان جەھەتتىكى ئىزچىللىقى قېرىنداش مىللەتلەر، شۇنداقلا دىنداش مىللەتلەر خەلق چۆچەكلىرىدىمۇ ئۇچرايدۇ. بۇ خىل ئىزچىللىق چوڭ جەھەتتىكى سىڭىشىش ئامىللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا مەلۇم ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يەنە ئىجتىمائىيلىقنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئۈچ ئالاھىدىلىككە ئىگە. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مەزمۇنغا، تەسەۋۋۇرغا باي، ئوبرازلارنىڭ تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى روشەن بولۇشتەك تەرەپلىرى بىلەن كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە. قايسىلا چۆچەكنى ئوقۇساق، پۈتۈنلەي ئەجدادلىرىمىزغا خاس گۈزەل تۇرمۇش مۇھىتى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولىدۇ. كىشىنى ئىختىيارسىز قەدىمكى ئاشۇ چىمەنزار باغۇ بوستانلارغا، ئاشۇ گۈزەل مەلىكە - پەرىزاتلارغا مەھلىيا قىلىپ، ئېستېتىك تۇيغۇمىزنى غىدىقلايدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى بۇ خىل سېھرىي كۈچ ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى ئىچىگە يوشۇرۇنغان.

(1) ئۆرپ - ئادەت ۋە جۇغراپىيىلىك جايلىشىشنىڭ تەسىرى سىڭگەن مۇھىت ئالاھىدىلىكى: ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە چۆل - باياۋان، قۇرغاق مۇھىت ۋە چۆللۈكنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان باغۇ بوستانلىق دېگەندەك تەبىئىي مۇھىت كۆپرەك ئۇچرايدۇ. مەسىلەن: شاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرىغان شاھزادىنىڭ سەرسان - سەرگەردان بولۇپ، قۇملۇق، چۆللەردە يۈرۈپ، ئاخىر باغۇ بوستانلىققا يېتىپ كەلگەنلىكى ۋە ياكى قۇملۇقنىڭ ئىچكىرىسىدىكى جادۇگەرنىڭ ماكانىغا بېرىپ قالغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىلەن چەت ئەل خەلق چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەنگەن تەبىئىي مۇھىت ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن: نورۋېگىيە خەلق چۆچەكلىرىدە بېلىقچى، دېڭىز، ئارال، قارا بوران قاتارلىقلار تەسۋىرلىنىدۇ. مانا بۇنداق تەبىئىي مۇھىتقا ئائىت تەسۋىرلەر كۆپىنچە ھالدا مەزكۇر دۆلەتنىڭ جۇغراپىيىلىك جايلىشىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇلار دېڭىزغا يېقىن، بېلىقچىلىق ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ئىنتايىن مۇھىم. شۇڭا چۆچەكلىرىدە تەسۋىرلەنگىنىمۇ دەل ئۆزلىرىنىڭ تەبىئىي مۇھىتى، تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى. بىزنىڭ ھەرقانداق مۇھىت ئالاھىدىلىكىمىز ئۇلارنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ. ياشاۋاتقان ماكانىمىز دېڭىزدىن يىراق، شۇغۇللىنىدىغان ھۈنەر - كەسىپلىرىمىزمۇ ئۆزگىچە بولغاچقا، چۆچەكلىرىمىزدىكى مۇھىتتا قانداقتۇر دېڭىز، ئارال دېگەندەك بىزگە يات جۇغراپىيىلىك مۇھىت، پىشلاق، ۋىنو، تورت، چوشقا گۆشى دېگەندەك تۇرمۇش بۇيۇملىرى ئۇچرىمايدۇ. چۆچەكلىرىمىزدە كۆپرەك چۆل - باياۋان، قۇملۇق، جاڭگاللىق دېگەندەك تەبىئىي مۇھىت، نان، توقاچ، قېتىق دېگەندەك ئوزۇقلۇق تۈرلىرى، ئوتۇنچى، تۆگمەنچى، ياماقچى، موزدوز، ئوۋچى، باپكار، كۇلالچىلارغا ... ئوخشاش ھۈنەرۋەن - كاسىپلار تىلغا ئېلىنىدۇ.

چۆچەكلىرىمىزدە دەل ئۆزىمىز ياشاپ كېلىۋاتقان تەبىئىي مۇھىت، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى روشەن گەۋدىلەنگەن بولغاچقا، نەچچە ئەسىرلەردىن بۇيان ئۆزىنىڭ ئېستېتىك قىممىتىنى ئەينەن ساقلاپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ قىممەت، بۇ مىللىي پۇراق خەلقىمىزنىڭ روھىي دۇنياسىدا ئەينەنلىكىنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدۇ.

(2) يارىتىلغان ئوبرازنىڭ يىگانىلىقى ۋە خاسلىقى: ① تاز ئوبرازى. بۇ ئوبراز ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن بەدىئىي ئوبراز بولۇپ، مۇتلەق كۆپ ھاللاردا ئىسمىسىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. دانالىق، نادانلىق، جاھىللىق، ئۆكتەملىك خاراكتېرىگە ئىگە بۇ يۇمۇرىستىك تىپ — تۆۋەن قاتلام ئەمگەكچى خەلق ئاممىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com



ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنىڭ ئىپادىسى سۈپىتىدە يارىتىلغان. ئەمگەكچى خەلق تەنقىدىي تىغ ئۇچىنى مانا مۇشۇ ئوبراز ئارقىلىق ئۆزىگە قارىتىپ، بىر تەرەپتىن بۇ ئوبرازنى جاھىل، ئۆكتەم، ھورۇن قىلىپ تەسۋىرلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەقىللىق، پاراسەتلىك قىلىپ تەسۋىرلەپ، روھىيىتىدىكى يارىماس ئىللەتلەرنى قامچىلاش بىلەن بىرگە، ئۆز ـ ئۆزىنى تۈزەش كۈرىشى، كەمسىتىشتەك روھىي كەيپىياتقا قارشى ئۆز غۇرۇرىنى ئىپادىلىگەن.

بۇ ئوبراز ـــ ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى ھەرقانداق بىر ئوبرازغا قارىغاندا مۇكەممەل يارىتىلغان بولۇپ، يارىتىلىش ئۇسلۇبى ۋە خاراكتېر جەھەتتىن يىگانە. بۇ ئوبرازغا ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدىكى ھەرقانداق بىر ئوبرازنى سېلىشتۇرۇپ ئوخشانقىلى ھەم بۇ ئوبرازغا قارىمۇ قارشى خاراكتېردىكى ئوبرازنى تاپقىلىمۇ بولمايدۇ. ② كەنجى ئوبرازى. بۇ ئىجابىي ئوبرازلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى. گەرچە بۇ ئوبرازلار «تاز» ئوبرازىغا ئوخشاش تىپ دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەقىل ـ پاراسەت، مېھىر ـ ۋاپا، ئاقىللىق، مەردانىلىق، باتۇرلۇق ساپلا مۇشۇ ئوبرازغا سىڭدۈرۈلگەن. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ چوڭقۇر تارىخىي ئاساسى بار. بۇنى يىراق تارىخ بىلەن باغلايدىغان بولساق، قەدىمكى ئىجتىمائىي ھاياتتىكى مىراسخورلۇق مەسىلىسىدە پەقەتلا كەنجى پەرزەنتنىڭلا مىراسخورلۇق ھوقۇقى بار بولغان. بۇ ئادەت پۈتكۈل دۇنيا مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە. بۇ خىل ھادىسە كەنجى پەرزەنتكە بولغان ھۆرمەت، ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى شەكىللەندۈرگەن. ئىجتىمائىي ھاياتتىكى بۇ خىل ھادىسە خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەنجى ئوبرازلىرىنىڭ يارىتىلىشىدا ماھىيەتلىك مۇھىت ھازىرلاپ بەرگەن.

يەنە بىر جەھەتتىن ئالغاندا، شۇنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇكى، ئادەمنىڭ ئېستېتىك ئېڭىدا كىچىك نەرسىلەرنىڭ گۈزەللىك ئورنى ھامان يۇقىرى بولىدۇ. ھەرقانداق نەرسىنىڭ كىچىكى ئادەمگە بىر خىل گۈزەللىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. مانا بۇ خىل گۈزەللىك قارىشىنىڭ ئادەم خاراكتېرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئۆزى كەنجى ئوبرازىنىڭ يارىتىلىشىدىكى يەنە بىر ئاساس.

دېمەك، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدىكى كەنجى ئوبرازى ئىنسان خاراكتېرىدىكى بارلىق ئىجابىي ئامىللارنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولۇپ، غايىۋىلەشتۈرۈلگەن بەدىئىي ئوبرازدۇر.

(3) قىز ـ ئاياللارنىڭ قىياپەت تەسۋىرىدىكى ئۆزگىچىلىك: ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە قىز ـ ئاياللارنىڭ گۈزەللىكىنى تەرىپلەيدىغان مۇنداق بىر قېلىپلاشقان ۋە ئورتاقلىشىپ كەتكەن ئىبارىلەر بار: «شۇنداق گۈزەلكى، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك، مەڭزى ئانار دەك، ئاغزى ئويماقتەك، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس، خۇددى پەرىزاتتەك». بۇ خىل گۈزەللىك قارىشى ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ ئاي، كۈننى مۇقەددەس بىلىپ، ئۇنى گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى قىلغانلىقىدىن ئىبارەت بىر مۇقەددەس ئېتىقادنىڭ تەسىرىدىن قېلىپ قالغان. بۇ خىل گۈزەللىك قارىشىنىڭ تا بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلىشى بىزنى ئەجدادلىرىمىز بىلەن باغلاپ تۇرىۋاتىدۇ. گەرچە بۇ بىر ئادەتتىكى ئوخشىتىشتەك قىلسىمۇ، لېكىن ئۇ يەنە ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەردىن بېرى يوقالماي، ئېڭىمىزدا داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئاتا مىراس ئېتىقادىمىزنىڭ جانلىق پاكىتى. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى مانا مۇشۇنداق بىر ئېتىقادنى ئۆزىدە ساقلاپ راۋاجلاندۇرۇش بىلەن يەنە بىر ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تەرەققىيات مۇساپىسىدە يۇقىرىقىدەك ئىزچىللىق ۋە ئالاھىدىلىك ئىچىدە راۋاجلىنىپ، داۋاملىشىپ كەلگەن. بىز ئېغىز ئەدەبىياتىمىزنىڭ يارقىن نامايەندىسى بولغان خەلق چۆچەكلىرىمىزدىن ئەجدادلىرىمىز بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن مول ئېستېتىك بايلىقنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ئۆزىگە خاس ئىجادىيەت ئاساسىنى كۆرۈۋالالايمىز.

خەلقىمىز ياراتقان بۇ ئىزچىللىق ۋە ئالاھىدىلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش تۈسىنى ئالغان مول مەزمۇنلۇق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا مەڭگۈ داۋاملاشقۇسى.

# سودىگەرنىڭ ئوغلى

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا بىر يۇرتتا باھادىر ئىسىملىك بىر سودىگەر ئۆتكەن بولۇپ، ھال - ئوقىتى ياخشى، تۇرمۇشى پاراۋان ئىكەن. ئۇنىڭ ئالتۇنخان، كۈمۈشخان ئىسىملىك ئىككى خوتۇنىدىن يىگىرمە ئوغلى بار ئىكەن. ئوغۇللىرى بىر - بىرىدىن ئەقىللىق، ئىشچان ئىكەن. سودىگەر باھادىر كىشىلەرنىڭ ئوغۇل - قىزلىرىنى ئۆيلەش، ياتلىق قىلىش جەريانىدا نائەھلى قۇدا، ئوسال كېلىن، يارامسىز كۈيئوغۇللارغا ئۇچراپ قېلىپ، تارتقان سورۇقچىلىق، ئۇچرىغان كۆڭۈلسىزلىك، دۇچ كەلگەن ماجىرالىرىنى كۆپ كۆرگەچكە، ئۆز ئوغۇللىرىنى ئۆيلەشتە يىگىرمە قىزى بار قائىدە - يوسۇنلۇق قىز ئىگىسى بىلەن قۇدا بولۇشنى، ئوغۇللىرىنىڭ خاتىرجەم، ئىناق، بەختلىك ئۆتۈشىنى ئارزۇلاپ يۈرىدىكەن. لېكىن، ئۆز يۇرتىدىن يىگىرمە قىزى بار، ئۆزىگە مۇناسىپ ئائىلە تېپىلمىغانلىقتىن كۆڭلى تولىمۇ بىئارام ئىكەن. شۇڭا ھەر كۈنى نامىزىدا ئوغۇللىرىنىڭ بەختىنى تىلەيدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ خوتۇنلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قوشنا يۇرتلاردىن بولسىمۇ يىگىرمە قىزلىق قۇدا ئىزدەپ باقماقچى بوپتۇ ۋە يېتەرلىك خىراجەت، يېمەكلىك ئېلىپ يولغا چىقىپتۇ. ھېرىپ - چارچىغان سودىگەر بىر مەھەللىگە يېتىپ بېرىپ، ئۆستەڭ بويىدا ھاردۇق ئېلىپ ئولتۇرغان ئىكەن، تىرەكلىك بىر ھويلىدىن تەققى - تۇرقى كېلىشكەن بىر چوكان چىقىپ، ئۆستەڭدىن قاپاققا سۇ ئېلىشقا باشلاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سودىگەر باھادىر: «بۇ چوكاننى بىر گەپكە سېلىپ كۆرەيچۇ، يىگىرمە قىزى بار ئائىلىنىڭ ئۇچۇرىنى بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلاپتۇ ۋە ھېلىقى چوكاندىن:

— قىزىم، ئىسمىڭىز نېمە؟ كىمنىڭ خىزمىتىدە؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مېنىڭ ئىسمىم خانساھىپ، ھاجى غۇلامنىڭ كېلىنى بولىمەن، قېيىنانامنى ھۆۋى ھەجەر خېنىم دەيمىز، — دەپتۇ.

— ئۆيۈڭلاردا نەچچە جان بار؟ — سوراپتۇ سودىگەر.

— ھاجى دادامنىڭ ئىككى خوتۇنىدىن بىر ئوغلى، يىگىرمە قىزى بار، چوڭ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەن. ھاجى دادام قىزلىرىنى ياخشى قۇدا، يارامىلىق كۈيئوغۇل ئىزدەپ تېخى ياتلىق قىلمىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان باھادىر: «ئاھ خۇدا، يىگىرمە ئوغۇل بەرگەن بەندەڭگە يىگىرمە كېلىنمۇ بەرگەيسەن، يولۇمنى قىسقارتىپ، ئىشىمنى ئاسان قىلغايسەن» دەپتۇ ۋە:

— ئەي قىزىم، مەن قوشنا يۇرتتىن كەلدىم، مېنىڭ يىگىرمە ئوغلۇم بار ئىدى. ئۇلار ناھايىتى ئىشچان، ئەدەپ - ئەخلاقلىق چوڭ بولدى. ئوغۇللىرىمنىڭ بىلمەيدىغان ھۈنىرى يوق، ھازىرغىچە بىرەرسىنىمۇ ئۆيلۈك - ئوچاقلىق قىلمىدىم، يىگىرمە قىزى بار ئادەم ئىزدەپ بۇ يەرگە كېلىشىم. مالال كۆرمىسىڭىز بۇ ئىشنى قېيىناتا - قېيىنانىڭىزغا دەپ باققان بولسىڭىز، ئەزىز پەرزەنتلىرىمىزنىڭ رىسقى چېتىلغان بولسا، ئۇرۇق - تۇغقان بولۇپ قالساق، ئالتۇن ئۇزۇككە ياقۇت كۆز قويغاندەك ئىش بولاتتى ··· — دەپتۇ.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتاب تور بېكىتى

قىزلارنىڭ ئانىسى بۇۋى ھەجەر خېنىم ھەمىشە: «ئەي مېھرى ـ شەپقەتلىك ئاللا! قىزلىرىمنىڭ بەختىنى بەرگەيسەن، قىزلىرىمنىڭ توينى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگىلى نېسىپ قىلغايسەن» دەپلا يۈرۈيدىكەن. خانساھىپ سۈنى ئېلىپ دەرھال ئۆيگە كىرىپتۇ ۋە بۇ خەۋەرنى قېيناتىسىغا يەتكۈزۈپتۇ. بۇۋى ھەجەر خېنىم كېلىنىدىن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، خۇداغا ھەمدۇسانالار ئېيتىپتۇ ۋە كېلىنىگە:

— قىزىم، سىز چىقىپ ھېلىقى مېھماننى باشلاپ كىرىڭ، يۈزتۇرانە مۇڭدىشىپ كۆرەيلى، باللارنىڭ بېشى قوشۇلۇپ قالسا، ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ.

كېلىن چىقىپ باھادىرنى باشلاپ كىرىپتۇ. ھاجى غۇلامنىڭ كەڭتاشا ھويلا ـ ئارامىلىرى، ئايۋان ـ سارايلىرى، پاكىز جابدۇلغان خان ئوردىسىدەك ياسداق ھۇجرىلىرىنى كۆرگەن سودىگەر باھادىر ھەيران بوپتۇ ۋە: «ئوغۇللىرىمنىڭ رىسقى مۇشۇ ھويلىدا ئوخشايدۇ، بولۇشلۇق زىرائەت كۆكىدىن مەلۇم دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟» دەپ خۇشال بوپتۇ.

ھاجى غۇلاملار مېھماننى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن تۆرگە باشلاپ، داستىخان سېلىپ، ياخشى غىزالارنى كەلتۈرۈپتۇ. غىزادىن كېيىن سودىگەر باھادىر ئۆزىنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى بايان قىپتۇ ۋە:

— قىزلىق ئۆيگە قىرىق ئات باغلىنار، دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ؟ مۇبادا باللىرىمىزنىڭ رىسقى چېتىلغان بولسا، ياخشى كۆڭلەرنىڭ بىرىنى تاللاپ، توي قازىنى ئاسقايمىز، — دەپتۇ.

قىزلارمۇ ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق، چوڭ بولغان ئىكەن. بىر دەم بىكار تۇرمايدىكەن، غىزا ئېتىش، دوپپا تىكىش ۋە ئۆي ئىشلىرىغا بىر ـ بىرىدىن چېۋەر، چاققان ئىكەن. قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سودىگەر باھادىرغا قىزلىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئېيتىپ، يوغان بىر ئايۋانغا باشلاپ كىرىپتۇ. باھادىر قارىغۇدەك بولسا، يىگىرمە قىز يىگىرمە چاقنىڭ ئالدىدا يىپ ئىگىرىپ ئولتۇرغۇدەك. ئىگىرگەن يىپلىرى مەشۇتتەك ئىنچىكە، سىمدەك سىلىق، تەكشى ئىكەن. قىزلارنىڭ ئىچىدە غۇنچىدەك زىبا، ئايدەك گۈزەللىرىمۇ، سۇتتەك ئاق پىشماقلىرى ۋە قارا قۇمچاقلىرىمۇ، ئورۇق ـ سېمىزلىرىمۇ، شوخ ـ خۇش چىرايلىرىمۇ، توڭ، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ قالغانلىرىمۇ بار ئىكەن.

— ھەر ھالدا بولغۇدەك، — دەپتۇ سودىگەر باھادىر. قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى سودىگەر باھادىرغا يىگىرمە ئوغلىنى ئېلىپ كېلىشنى، قىز ـ يىگىتلەر بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ بېقىشنى، لايىق كۆرۈشسە ئەڭ چوڭ قىزنى ئەڭ چوڭ ئوغۇلغا، ئەڭ كىچىك قىزنى ئەڭ كىچىك ئوغۇلغا نىكاھلاشنى ۋە شۇ رەت بويىچە تويلىششنى ئېيتىپتۇ.

سودىگەر باھادىر ئوغۇللىرىنى باشلاپ كەلمەكچى بولۇپ، ئۆز يۇرتىغا قاراپ يولغا چىقىپتۇ.

ئەمدى گەپنى باھادىرنىڭ ئوغۇللىرىدىن ئاڭلايلى: بۇ ئوغۇللارنىڭ چوڭى ئوتتۇز بەش ياشلاردا، ئەڭ كىچىكى ئون يەتتە ياشلاردا ئىكەن. ئوغۇللارنىڭ ئىچىدە 16 ـ ئوغۇل سەئىدىن ناھايىتى ئەقىللىق، گەپ ـ سۆزى يوللۇق، قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن يىگىت بولۇپ، ئۇنىڭ توپبازلىق ھۈنىرى بار ئىكەن. بىرلا ۋاقىتتا بىرمۇ يۈز توپنى ئاسمانغا ئېتىپ، بىرىنىمۇ يەرگە چۈشۈرمەي ئويۇن كۆرسىتەلەيدىكەن. ئۆز يۇرتىدا خېلى جىق قىزلار ئۇنىڭغا كۆز تاشلاپ يۈرگەن بولسىمۇ، دادىسىنىڭ يىگىرمە قىزى بار كىشى بىلەن قۇدىلىشىمەن،

دېگەن گېپى بويىچە ئۆيلەنمەي كەلگەن ئىكەن. سەئىدىن ئاتا ـ ئانىسى ۋە ئاكا ـ ئىنىلىرى بىلەن ھاجى غۇلامنىڭ ئۆيىگە بېرىپ ئۆزىگە جورا بولغۇچى 16 ـ قىزغا قارىسا، 16 ـ قىزنىڭ بېشى قولاق تۈۋىگىچە تاز، چېچىنىڭ تايىنى يوق، ئۇنىڭ يۈزى تارتۇق، سول يۈزىنى يارا باسقان، بەتچىراي ئىمىش. شۇنىڭ بىلەن سەئىدىن:

ــ يا رەببىم، بۇ ماڭا نېمە كەلگۈلۈك؟ ئەگەر چوڭ ـ كىچىك رېتى بويىچە تويلىشىدىغان ئىش بولسا، بۇ سەت قىز ماڭا نېسىپ بولغۇدەك، ئۇنىڭدىن كۆرە، ئۆيلەنمىگىنىم ياخشى. چىرايى، تەققى ـ تۇرقى كېلىشكەن نى ـ نى چىرايلىق قىزلار شۇنچە كۆپ تۇرسا، مەن بۇنى قانداقمۇ خوتۇنۇم دەپ يۈرەلەيمەن، ــ دەپ ئۆيلەنمەسلىك قارارىغا كەپتۇ.

سەئىدىنىنىڭ ۋە قىزلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ناھايىتى خاپا بوپتۇ. 16 ـ قىزنىڭ ئىسمى نىساخان بولۇپ، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن بېشى چۈشۈپ، چىرايى تۇتۇلۇپ، يۈرۈش ـ تۇرۇشى غەلىتە بولۇپ قاپتۇ.

سودىگەر باھادىر سەئىدىنگە كۆپ نەسىھەتلەر قىلغاندىن كېيىن، سەئىدىن ئاغزىدا توي قىلىشقا قوشۇلۇپتۇ. لېكىن توي كۈنى ئەتەي مىجەزىم يوق، دەپ يېتىۋېلىپ نىكاھ پەتىسىگە بارغىلى ئۇنىماپتۇ ۋە:

ــ ئەگەر نىساخاننىڭ ماڭا راستىنلا تەگكۈسى بولسا، مەن مىنىدىغان چىلان تورۇق ئاتنىڭ ئىگىرىگە ئۆزۈم ئېسىپ يۈرىدىغان خەنجەرنى سانجىپ، ئۇنىڭغا غىلاپ ـ بوي تاسمىلىرىنى ئېسىپ قويىمەن، ئۆزىنى شۇنىڭغا قوبۇل قىلىپ كەلسۇن، ــ دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

ئۆزىنىڭ ئاچا ـ سىڭىللىرىنىڭ ياتلىق بولۇپ، ئۆزىنىڭ تۇل قېلىشىنى ئېغىر روھىي ئازاب ھېس قىلغان نىساخان سەئىدىنىنىڭ شەرتلىرىگە قوشۇلۇپتۇ ۋە سودىگەر باھادىرغا كېلىن بولۇپ يۆتكىلىپتۇ. لېكىن، سەئىدىن نىساخان بىلەن بىر ھۇجرىدا تۇرسىمۇ، بىر ياستۇقتا باش قويماي، بىر نەچچە كۈننى ئۆتكۈزۈپتۇ ۋە بۇ بەتچىراي قىزغا ئۆيلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئۆزىنى خوتۇندىن بەختى يوق بىتەلەي ساناپ يۈرۈپتۇ.

شۇ كۈنلەردە قوشنا ئەلدىن يېغا كېلىپ، پۇقرالار ئۆرۈش ۋەھىمىسىدە قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئەلنىڭ پادىشاھى ھەممە كىشىنى ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئەل ـ يۇرتنى قوغداشقا يارلىق چۈشۈرۈپتۇ ۋە: «كىمكى ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئەل بېشىغا كەلگەن بالايىئاپەتنى يوقىتىپ، ئەل ـ يۇرتنى ئەمىن قىلسا، شۇنىڭغا ئەڭ كىچىك قىزىمنى نىكاھلىق قىلغايمەن، يەنە خەزىنىمگە بىر قىز قوشۇپ بەرگەيمەن» دەپ جاكارلاپتۇ.

سەئىدىن جەڭگە ئاتلىنىش قارارىغا كەپتۇ. سەئىدىنىنىڭ توپپازلىق ماھارىتى بارلىقىنى ئۇققان بەگلەر ئۇنى ئۆز يۇرتىدىن ماڭغان لەشكەرلىرىگە سەركەردە قىلىپ تەيىنلەپ يولغا ساپتۇ. ئۇلار بەش كېچە ـ كۈندۈز يول مېڭىپ بىر تاغنىڭ باغرىغا يېتىپ بېرىپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت قولىقىنى يەرگە يېقىپ ياتقۇدەك. بۇنىڭدىن ھەيران بولغان سەئىدىن:

ــ ھەي، سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ مەن مۇشۇ يەرلىك، ئېتىم ئۆمەر، ئاتا ـ ئانامدىن كىچىك يېتىم قالغانمەن. ئۆزلىرىنى ياۋنىڭ ھۇجۇمىنى چېكىندۈرۈپ، ئەل ـ يۇرتنى تىنچ ـ ئامان قىلغىلى قوشۇن تارتىپ كېلىۋېتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ، مەنمۇ ئۆزلىرىگە ھەمدەم بولۇپ، ياۋنىڭ ئەدىپىنى بېرىشكە نىيەت قىلغان ئىدىم. مېنى كىشىلەر «تىڭشىغاق پەلۋان»، دېيىشىدۇ. مەن ئۈچ

uyghurkitap.com

كۆنلۈك يىراقتىكى شەپنى تىڭشاپ ئالدىدىن مەلۇمات بېرەلەيمەن ... سىلىنىڭ كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ مۇشۇ يەرگە كەلگەنلىكلىرىنى ئاڭلىدىم، — دەپتۇ.

بۇنىڭ سەزگۈرلۈكىدىن ھەيران قالغان سەئىدىن: «بۇنى قوشۇۋالايلى، جەڭدە ئەسقىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ خەۋەرچى قىلىپ تەيىنلەپ بىللە ئېلىپ مېڭىپتۇ. يەنە ئىككى سائەتچە يول ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ بىر دەريا بويىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ئۇ يەردە بىر ئادەم دەريانىڭ ئىككى قېشىغا ئىككى پۇتىنى ئېلىپ، قولىدىكى بىر قوتىغا بىر نېمىلەرنى «سۇف - سۇف» دەپ تۇرغۇدەك. بۇنى كۆرگەن سەئىدىن ئۇنىڭدىن:

— ھەي سەن نېمە ئادەم؟ بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مەن مۇشۇ دەريانىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ بولغان، ئىسمىم ئىسكەندەر، كىشىلەر مېنى «سۇ يۇتقاق پالۋان» دېيىشىدۇ. قولۇمدىكى بۇ خاسىيەتلىك قوتا، مەن بۇيرۇق قىلساملا، نى - نى چوڭ دەريالارنىڭ سۈيىنى يۇتۇپ، سۇ ئاقمىغىلى بىر يىل بولغاندەك پاك - پاكىزە قۇرۇقدىۋېتەلەيدۇ. بىر نەچچە كۈندىن بۇيان يۇرتىمىزدىكى زالىم بايلار ئاچ كۆزلۈك قىلىپ، نامرات پۇقرالارنىڭ يېرىگە زادىلا سۇ بەرمەي، دېھقانلارنىڭ يەرلىرى، زىرائەتلىرى قۇرۇپ كەتتى. ھازىرمۇ سۇ بايلارنىڭ يېرىگە ئېقىۋاتىدۇ. بۇنىڭغا زادىلا چىداپ تۇرالمىدىم. شۇڭا، دەريانىڭ سۈيىنى بۇ خاسىيەتلىك قوتىغا يۇتقۇزۇۋېلىپ، دېھقانلارنىڭ يېرىگە يەتكۈزۈپ بېرەيمىكىن، دەۋاتىمەن. يېقىندا ئۆزلىرىنى يۇرتىمىزغا باستۇرۇپ كەلگەن ياۋلارنى چېكىندۈرۈشكە لەشكەر تارتىپ كېلىۋاتىدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، ئەگەر خالىسىلا مەنمۇ سەپكە قوشۇلاي، تۆھپە كۆرسىتىپ ئەل - يۇرتقا تىنچ - ئامانلىق كەلتۈرەي، — دەپتۇ ھېلىقى يىگىت.

— بولىدۇ، بۇ ھۈنەرلىرىڭ جەڭدە ئەسقىتىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دەپتۇ سەئىدىن ۋە ئۇنى ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇۋاپتۇ.

سەئىدىن باشچىلىقىدىكى لەشكەرلەر كېچىسى ئاشۇ دەريا بويىدا قونۇپ ئارام ئاپتۇ. ئەتىسى ئەتىگەن يولغا چىقىپتۇ، كۈن كەچ بولاي دېگەندە سەئىدىننىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىدا يەنە بىر ئادەم پەيدا بوپتۇ. ئۇ ئىككى پۇتىغا ئىككى دانە تۈگمەن تېشىنى تېشىپ ئۆتكۈزۈۋالغان، بەللىرىگە ئوقيا - ساداقلارنى ئېسىۋالغان، قەددى - قامىتى كېلىشكەن كىشى ئىكەن. سەئىدىن تەئەججۈپلەنگەن ھالدا:

— ھەي، سەن بۇ يەردە نېمە قىلىپ يۈرۈسەن؟ نېمە سەۋەبتىن ئىككى پۇتۇڭغا تۈگمەن تېشى ئۆتكۈزۈۋالدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئەي سەركەردە، مەن مۇشۇ تاغلىق ئادەممەن، ئىسمىم سەمەندەر، مېنى يۇرت خەلقى «كېيىك تۇتار پالۋان» دەپ ئاتايدۇ. ئەگەر ئەمىر قىلسىلا، مەن ئۈچ كېچە - كۈندۈزلۈك يىراقلىقتا كېتىۋاتقان كېيىكنى تۇتۇپ كېلىپ، مۇشۇ پۇتۇمدىكى تاش بىلەن پەشۋالاپ يىقىتىپ، گۆشىنى لەشكەرلىرىگە كاۋاپ قىلىپ بېرەي، — دەپتۇ ھېلىقى كىشى.

سەئىدىن:

— بوپتۇ، سىنىمۇ لەشكەرلىرىمگە قوشۇۋالاي، — دەپ، ئۇنى لەشكەرلىرىنىڭ ئاشپەزلىرىگە قوشۇپ، كېيىك، بۇغا - مارال، بۆكەنلەرنى تۇتۇپ لەشكەرلىرىنىڭ تاماقىنى گۆش بىلەن تەمىنلەشكە قويۇپ، يولىنى داۋام قىپتۇ.

ئۇلار شۇ ماڭغانچە بىر كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ، بىر جىلغىغا يېتىپ كېلىپ، بارگاھ تىكىپتۇ. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ سەئىدىنلەر تۇرغان جىلغا ئەتراپىدا قارارگاھ قۇرۇپ

ياتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان سەئىدىنىڭ ئەزىمەتلىرى جەڭ دۇمبىقىنى چېلىپ ياۋغا ھەيۋە كۆرسىتىپ، ئۇلارنى جەڭگە چىقىشقا قىستاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن شىددەتلىك جەڭ باشلىنىپتۇ. سەئىدىن ئىسكەندەرگە:

— ئەي، سۇ يۇتقاق پالۋىنىم، سەن ياۋلار تۇرغان جىلغىنىڭ باش تەرىپىگە ئۆتۈپ، ماھارىتىڭنى ئىشقا سېلىپ، ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى ئۈزۈپ تاشلا. ئۇلار بىر يۇتۇم سۇغا زار بولۇپ ھالسىزلانسۇن. كېيىن كارامەت كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرىنى خاسىيەتلىك قوتا بىلەن نەزەربەنتكە ئالغىن، — دەپتۇ.

ئىسكەندەر سەئىدىنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈپتۇ. بىرىنچى قېتىملىق جەڭنىڭ غەلىبىسى سەئىدىنگە مەنسۇپ بوپتۇ. سەئىدىن لەشكەرلىرىنى بىرەر ھەپتە دەم ئالدۇرغاندىن كېيىن ئىككىنچى قېتىملىق جەڭگە دۇمباق چېلىپ، ياۋنى قاتتىق ئالاقزادە قىلىپتۇ ۋە بۇ قېتىملىق جەڭدە سەمەندەرنى كارامەتلىرىنى كۆرسىتىشكە بۇيرۇپتۇ.

سەمەندەر چامباشچىلىق ھۈنىرى بىلەن سان ـ ساناقسىز ياۋ لەشكەرلەرنى پۇتلاپ ـ پەشۋالاپ، ئېگىزلىرىنىڭ بېلىدىن، پاكارلىرىنىڭ گېلىدىن ئۈزۈپ تاشلاپتۇ. باشقا لەشكەرلەرمۇ تەڭداشسىز باتۇرلۇق كۆرسىتىپ يەنە نۇسرەت قازىنىپتۇ. ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھايات قالغانلىرى مىڭبىر ئىلتىماس ـ ئىلتىجالار بىلەن سەئىدىنلەرگە ئەل بوپتۇ. ئاز ساندىكى بىر قىسىملىرى ئالدى ـ كەينىگە قارىماي قېچىپ جېنىنى دالدىغا ئېلىپتۇ. جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. چالا ئۆلۈكلەر داد ـ پەرياد كۆتۈرۈپتۇ.

سەئىدىنلەر ساپ ھاۋالىق تاغ باغرىدىكى دەريا بويىدا بىر نەچچە ھەپتە ئارام ئېلىپ، جەڭ پەيتىنى كۈتۈپ يېتىپتۇ. كېيىن ياۋ تەرەپ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئۈچىنچى قېتىملىق جەڭگە دۇمباق ئۇرۇپتۇ.

بۇ قېتىمقى جەڭگە سەركەردە سەئىدىن ئۆزى يالغۇز چىقىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. لەشكەرلەر ۋە باشقا سەركەردە ـ سەرۋازلار ئۇنىڭ قانداق ھۈنەر ـ كارامەتلىرى بارلىقىنى كۆرۈپ باقمىغان ئىكەن. بۇ قېتىم ياۋ لەشكەرلىرىنىڭ ھەددى ـ ھېسابى يوق، ئاتلىقلار، پىيادىلەر، قىلىچۋازلار ئوقيا ـ ساداق كۆتۈرگەنلەر سەپ ـ سېپى بىلەن سۈر ـ ھەيۋەت قىلىشۋاتقان ئىكەن.

سەئىدىن: «ئەي تەڭرىم، مېنى دۈشمەن ئالدىدا يەرگە قاراتمىغايسەن، ئەل ـ يۇرتۇمنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا ـ قازانى يوق قىلىپ، يۈزۈمنى يورۇق قىلغايسەن» دەپ مۇناجاتلار ئېيتىپتۇ ۋە كېلىشۋاتقان ياۋ لەشكەرلىرىگە ۋارقىراپ:

— بۈگۈن جەڭ قىلمايمىز، مەن ئىككى تەرەپ لەشكەرلىرىگە توپبازلىق ھۈنىرىنى كۆرسىتىمەن، ئىخلاس بىلەن كۆرگەيسىلەر! — دەپتۇ ۋە ئىككى جۈپ چۆيۈن توپنى ئاسمانغا ئېتىپ، ئويۇن كۆرسىتىشكە باشلاپتۇ. ياۋنىڭ سەركەردە ـ سەرۋازلىرى، لەشكەرلىرى بۇ قىزىق ئويۇنغا ھەيران بولۇپ، ئاسمانغا قارىغانچە قېتىپلا قاپتۇ. بارا ـ بار ئاسمانغا ئېتىلغان توپ نەچچە يۈزگە، ھەتتا نەچچە مىڭغا يېتىپتۇ. بۇ توپلارنىڭ بەزىلىرى چاچلىق، بەزىلىرى ساقاللىق ئادەم باشلىرى ئىمىش. ياۋ سەركەردىلىرىدىن بىرى ئەتراپىغا قارىسا، تېنى بار، بېشى يوق جەسەتلەر تاغدەك دۆۋىلىنىپ كېتىپتۇ. تىرىك قالغان بىر نەچچە يۈز ئادەم ئالاقزادە بولۇپ، قاچقان ئىكەن، ئۇلارنى كىيىك تۇتار پالۋان سەمەندەر قوغلاپ يۈرۈپ، پەشۋالاپ، ئۇرۇپ ـ سوقۇپ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىپتۇ. ئۈچ قېتىملىق شىددەتلىك جەڭ سەئىدىنلەرنىڭ غەلىبىسى بىلەن ئاخىرلىشىپ، پادىشاھقا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈپتۇ. پادىشاھ سەئىدىنلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

غەلىبە نىشانى ئۈچۈن مەغلۇپ بولغان پادىشاھنىڭ ھەم ئۇنىڭ ۋەزىرلىرىنىڭ قىزلىرىنى ئولجا قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ.

بۇ ھەقتىكى يارلىق ياۋلارنىڭ شاھىغا يېتىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، ۋەسۋەسىگە چۈشۈپتۇ. شۇڭا ئارىدا ۋەزىرلەردىن بىرى:

— ئى سەلتەنەتلىك پادىشاھى ئالەم، لەشكەرلىرىمىز يېڭىلدى، بىز مەھكۇم بولدۇق، ئالتۇن بويلۇق قىزلىرىمىز بىزنىڭ كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئانىسى ھەم ھۆرمەت ئابرۇيىمىزدۇر. بۇلاردىن ئايرىلساق قانداق بولغىنى؟ ئۇنىڭدىن كۆرە باشقا تۆت ـ بەش قىزنى شاھانە لىباسلار بىلەن جابدۇپ، ئۇلارغا قوشۇپ بەرسەك، — دەپتۇ.

تىڭشىغاق پالۋان ئۆمەر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاۋېلىپ سەئىدنىڭە:

— ئەي سەركەردە، ياۋلار ھازىر ھىيلە ـ مىكىر پىلانلاپ، پۇقرالارنىڭ قىزلىرىنى شاھ ـ ۋەزىرلەرنىڭ قىزلىرى سىياقىدا كىيىندۈرۈپ، بىزگە قوشۇپ بەرمەكچى بولۇشۇپتۇ، — دەپ ئۇچۇر يەتكۈزۈپتۇ.

سەئىدنىلەر دۈشمەن تەرەپنىڭ ھىيلىگەرلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ياۋلار شاھىغا: «ئەگەر ئۆز قىزلىرىنى بەرمىسەڭلار، شەھىرىڭلارنى تۈپتۈز قىلىپ، خەلقىڭلارنى خانىۋەيران قىلىۋېتىمىز. سىلەر بىزگە يېڭىلگەن تۇرۇقلۇق، ياۋاشلىق بىلەن ئەل بولماقتا يوق، نېمە ھىيلىگەرلىك قىلىسىلەر؟» دەپ ئاگاھلاندۇرۇپتۇ.

ياۋلار سەئىدنىلەرنىڭ ئاسانلىقچە بولدى قىلمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن قايتىدىن كېڭەشىپتۇ. ۋەزىرلەردىن بىرى:

— پالتا چۈشكۈچە كۆتەك ئارام ئاپتۇ، دېيىدىغان گەپ بار ئەمەسمۇ؟ چوڭ تۆگىدىن بىرنى ئۆلتۈرگۈزەيلى ـ دە، ئۇلاردىن تۆت ئادەم تۆگىنىڭ گۆش، كاللا ـ پاقالچاقلىرىنى چالا قويماي يەپ تۈگىتىشنى شەرت قىلايلى، ئۇلار يەپ بولالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن قىزلىرىمىزنى ساقلاپ قالغىلى بولارمىكىن؟ — دەپتۇ ۋە شۇ بويىچە بىر تۆگىنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇپ سەئىدنىلەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ:

— بىرىم كۈن ئىچىدە مۇشۇ بىر تۆگىنىڭ گۆشىنى پاك ـ پاكىزە يەپ بولساڭلار، قىزلىرىمىزنى سىلەرگە قوشۇپ بېرىمىز، بولمىسا بېشىڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىپ شەھەر دەرۋازىسىغا ئاسىمىز، — دەپتۇ.

سەئىدنى، ئۆمەر، ئىسكەندەر ۋە سەمەندەرلەر گۆشنى يېيىشكە باشلاپتۇ. ئۇلار ھەرقانچە يەپ باققان بولسىمۇ، بىر دەمدىلا تويۇپ، كۆڭلى ئاينىپ زادىلا يېيەلمەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇ يۇتقاق پالۋان ئىسكەندەر:

— بۇرادەرلەر غەم قىلماڭلار، بۇنىڭ چارىسىنى ئۆزۈم قىلىمەن، — دەپتۇ ـ دە، يانچۇقىدىن خاسىيەتلىك قۇتىنى چىقىرىپ، ئېشىپ قالغان گۆشلەرنىڭ ھەممىسىنى قۇتىغا يۇتقۇزۇپ، داستىخاننى پاك ـ پاكىزە قىلىپ قويۇپتۇ. بەلگىلەنگەن مۇددەت توشقاندىن كېيىن ئايغاقچىلار كېلىپ قارىسا، داستىخان قۇپقۇرۇق تۇرغۇدەك. بۇ ئىشنى ئۇققان ياۋ تەرەپ ئەمەلدارلىرى: «ئەمدى بولمىدى بۇلاردىن ئاسانلىقچە قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك. قىزلىرىمىزنى بىرىۋېتىپ، جېنىمىزنى ساقلاپ قالغىنىمىز تۈزۈك» دېيىشىپتۇ. ئارىدىن يەنە بىر ۋەزىر ئوتتۇرىغا چىقىپ:

— ئەي شاھىم، قىز بالىنى توي ـ تۆكۈنسىز، نەغمە ـ ناۋاسىز ئۆزگە چىقىرىش ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىشتۇر. شاھ، ۋەزىرلەرنىڭ قىزلىرى ئۈچۈن بۇ تېخىمۇ نومۇس.

بىز تەۋەيىمىزدىكى تۆمۈرچى، مىسكەرلەرنى يىغدۇرۇپ ئاستى - ئۈستى، تۆت ئەتراپىنى تۆمۈردىن قىلىپ بىر ئۆي ياسىتايلى، تۆت تەرىپىگە ئوندىن قىرىق دانە كورەك بېكىتتۇرۇپ تەق قىلايلى - دە، سېھرى - جادۇغا ھېرىسمەن بۇ تۆتەيلەننى تۆمۈر ئۆيگە سولاپ، ئۆينىڭ ئەتراپىغا ئۆرۈك، جىگدە ئوتۇنلىرىنى دۆۋىلەپ ئوت ياقايلى؛ ئەگەر ئۇلار تۆمۈر ئۆيدىن قۇتۇلۇپ چىقالىسا قىزلىرىمىزنى قوشۇپ بېرەيلى، مىنىڭچە ئۇلار چوقۇم كۆيۈپ ئۆلىدۇ. شۇنداق قىلساق، ساھىبجامال قىزلىرىنى ساقلاپ قالغىلى بولارمىكىن، — دەپتۇ.

پادىشاھ ۋەزىرنىڭ مەسلىھەتى بويىچە تۆمۈر ئۆي ياسىتىپ، سەئىدىن قاتارلىق تۆت كىشىنى سولاپ ئوت قالاشقا باشلاپتۇ. سۇ يۇتقاق پالۋان سېھىرلىك قۇتىسىغا ئەمىر قىلغان ئىكەن، بىر چاغلاردا يۇتۇۋالغان دەريا سۇلىرى سېھىرلىك قۇتىدىن كەلكۈندەك قۇيۇلۇشقا باشلاپتۇ، بىر پەستىن كېيىن ئوت ئۆچۈپتۇ، كورەك باسقۇچى ئۇستىلار سۇغا غەرق بولۇپ ئۆلۈپ تۈگەپتۇ. تۆمۈر ئۆينى بولسا كىيىك تۇتار پالۋان سەمەندەر پۇتىدىكى بىر جۈپ تۈگمەن تېشى بىلەن بۇزۇپ چىقىپ كېتىپتۇ.

ياۋلار شاھنىڭ ھىيلە - مىكىرلىرى كارغا كەلمەي، ئىلاجسىزلىقتىن ئۆزىنىڭ تېخى ياتلىق قىلمىغان قوشكېزەك قىزلىرى مەلىكە جاھان، مەلىكە گۈل ئامانىنى ۋە ئۈچ ۋەزىرنىڭ ئۈچ قىزى جەمئىي بەش قىزنى شاھانە لىباسلار بىلەن كىيىندۈرۈپ، سەئىدىن قاتارلىق تۆت پالۋان ۋە ئۇنىڭ لەشكەرلىرىگە قوشۇپ يولغا ساپتۇ. سەئىدىنلەر ئۆز ئېلىگە قايتىپ جەڭ غەلىبىسىنىڭ سوۋغىسى سۈپىتىدە بەش قىزنى شاھ ئالدىغا ئەكىرىپتۇ. شاھ ئەل - يۇرتنى نىجاتلىققا ئېلىپ چىققان بۇ ئەزىمەتلەرگە ئۆز لايىقىدا ئەمەل - ئىنئاملار بېرىپتۇ ۋە ئەسلىدىكى ۋەدىسى بويىچە داغ - دۇغىلىق توي ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنىڭ كىچىك قىزى شەمسىبانۇنى سەئىدىنگە ياتلىق قىپتۇ. مەھكۇم بولغان شاھنىڭ چوڭ قىزى مەلىكە جاھاننى ئۆز ئەمرىگە ئاپتۇ. مەلىكە گۈل ئامانىنى بولسا، ئۆز قىزىنىڭ خىزمەتكارى سۈپىتىدە سەئىدىنگە بۇيرۇپ بېرىپتۇ. قالغان ۋەزىرلەرنىڭ ئۈچ قىزىنى بۇ قېتىمقى جەڭدە ئالاھىدە تۆھپە كۆرسەتكەن ئىسكەندەر، ئۆمەر، سەمەندەرلەرگە نىكاھلاپ بېرىپ، ئۆز ئوردىسى يېنىدىن ھۇجرا جابدۇپ جايلاشتۇرۇپتۇ.

سودىگەر باھادىر شاھ بىلەن قۇدا بولغاندىن كېيىن ھۆرمەت - ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ئىش ئوقىتى تېخىمۇ يۇرۇشۇپ، مال - دۇنياسى تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ. ئەل - يۇرت تىنچ - ئامان، تۇرمۇشى پاراۋان بوپتۇ.

سەئىدىننىڭ خوتۇنى بىچارە تاز كېلىن بولسا «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دەپ بېشىنى قاشلىغىنىچە، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇ ۋە ئۇلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، دۇئاسىنى ئاپتۇ.

ئېيتىپ بەرگۈچى: **سايىت ئېلى**

توپلاپ رەتلىگۈچى: **ئابدۇغېنى سېيىت**